
دوكتور نەجىب ئەلكەيلانىي
(مىسىر)

# تۈركىستان كېچىلىرى

## ليالي تركستان

## Nights of Turkistan



ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دوكتور نەجىب ئەلكەيلانىي
[مىسىر]

# تۈركىستان كېچىلىرى

(تارىخىي رومان)

ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

www.uyghurkitap.com



# تۈركىستان كېچىلىرى

(تارىخىي رومان)

دوكتور نەجىب ئەلكەيلانىي
[مىسىر]

## ليالي تركستان

د. نجيب الكيلاني

نەشر قىلغۇچى: ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل ئابدىلىم (چەشمەزۇلال)
مەسئۇل مۇھەررىر: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
تەكلىپلىك تەھرىر: ئىلىگ بەگ
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى ۋە بەتچىك: مۇھەممەد سابىر مۇھەممەد
ئالاقىلىشىش ئادرېسى: saciyeder@gmail.com

ھ. 1442/ م. 2020 - يىلى ئىستانبۇل 1 - نەشرى 1 - بېسىلىشى

نەشر ھوقۇقى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە
ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خاھلىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا
رۇخسەت قىلىنمايدۇ

www.uyghurkitap.com

# بېغىشلىما

ئۇشبۇ تەرجىمە رومانىنى

ئانا ۋەتەن مۇقەددەس شەرقىي تۈركىستاننىڭ

ھۆرلۈكى ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلغان

ئەزىز شەھىدلىرىمىزنىڭ پاك روھىغا...

كېچە - كۈندۈز ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغان ئەزىمەتلەرگە...

تاغلارنى ماكان تۇتقان، بوشاشمىغان،

باش ئەگمىگەن كۈرەشچان مۇجاھىدلىرىمىزغا...

ئىلگىرى كەتكەنلەرگە، كېتىۋاتقانلارغا، كېلەچەكتە كەتكۈسىلەرگە...

شەھىدانە ئەزىز دىيارغا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ چەت - ياقىلىرىغا...

ئەرلىرىگە، ئاياللىرىغا، ئاقساقاللىرىغا ۋە ئۆسمۈرلىرىگە...

ھەربىر غۇرۇرلۇق ھۆر قىز - ئوغلانىغا...

ئەزىز تۈركىستاننىڭ قىسسىسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاتقان

«مۇستافا مۇراد ھەزرەت»كە،

نەجىب ئەلكەيلانىيغا...

شۇلارنىڭ ھەممە - ھەممىسىگە بېغىشلايمىز!

«ساجىيە»

www.uyghurkitap.com




شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي خەرىتىسى

www.uyghurkitap.com

# كىتابتا تىلغا ئېلىنغان بەزى ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەر



1931 - يىلدىكى قۇمۇل يېغىلىقى رەھبىرى، 1933 - يىلى 12 - نويابىر كاشغەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» جۇمھۇر رەئىسى خوجا نىياز ھاجى ئىمىننىياز ئوغلى (1938 – 1889)




تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى رەھبىرى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گېنېرالى، كاشغەردە تۈرۈشلۈق 36 - دىۋىزىيە باش قوماندانى، مۇجاھىد مەھمۇد مۇھىتى (1945 – 1887)



«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» باش قۇرغۇچىسى، باش ۋەكىل، دىنىي ئۆلىما سابىت داموللام ئابدۇلباقى ئوغلى (1941 – 1883)



1932 - يىلى قۇرۇلغان «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» ئەمىرى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىش باشلامچىسى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا (1901 – 1965)



1944 - يىلى 12 - نويابىر غۇلجىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» تۇنجى جۇمھۇر رەئىسى ئەلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى (1885 – 1976)



«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئىككىنچى جۇمھۇر رەئىسى ئەھمەدجان قاسىمى نادىر ئوغلى (1914 – 1949)



ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرى رەھبىرى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئالتاي ۋىلايىتى ۋالىيسى، مۇجاھىد ئوسمان باتۇر ئىسلام ئوغلى (1899 – 1951)



ماجۇڭيىڭ كۈچلىرىگە قارشى ئالتاينى قوغدىغان مۇجاھىد، ئالتاي ۋالىيسى، قوشۇمچە گارنىزون قوماندانى شەرىپخان تۆرە جىڭىسقان ئوغلى (1900 – 1942)


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىدا چوڭ رول ئوينىغان، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى (1948 – 1955)
بۇرھان شەھىدى (1894 – 1989)



ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي رەھبىرى (1928 – 1933)، مۇستەبىت جىن شۇرېن
(1879 – 1941)



ئاتالمىش جۇڭخۇا مىنگو شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى (1944 – 1946)
ۋۇ جوڭشىن (1884 – 1959)




ئاتالمىش جۇڭخۇا مىنگو شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى (1946 – 1947) كېيىن خىتتاي كومپارتىيەسىگە ئۆتۈۋالغان، جاڭ جىجوڭ (1890 – 1969)



مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قاتىلى، ئىككى
يۈزلىمە، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
باشلىقى، «شىنجاڭ پادىشاھى» (1933 – 1944)،
جاللات شېڭ شىسەي (1897 – 1970)

# مۇئەللىق، تالانتلىق ئەدىب، دوكتور نەجىب ئەلكەيلانىي





دوكتــور نەجىب ئەلكەيلانــي 1931 - يىلى مىســىرنىڭ غەربىييە ۋىلايىتــى شەرشــابە يېزىســىدا دېھقان ئائىلىســىدە دۇنياغــا كەلگەن. 1949 - يىلــى تانتــادا تولــۇق ئوتتــۇرا دىپلومىغــا ئېرىشــىپ، قاھــىرە ئۇنىۋېرســىتېتىنىڭ تېببىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشــقا كىرگەن. 1955 - يىلى «مۇسۇلمان قېرىنداشــلار» جامائىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇش پۈتتــۈرۈش ئالدىدا قولغا ئېلىنىپ، ئــون يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. شــۇ جەريانــدا تۈرمىلــەردە ھەرخىــل قىيناشــلارغا دۇچــار بولغــان. 1959 - يىلــى ئىككــى پۈتنــۈك پەيلــرى تارتىشــىپ، ســاغلاملىقى ياخشــى بولماسلىقى ســەۋەبىدىن قويۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئــۇ ئۇنىۋېرســىتېت ئوقۇشــىنى قايتــا داۋاملاشــتۇرۇپ، 1960 - يىلــى

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com
سائىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

تېببىي فاكۇلتېتنى پۈتتۈرگەن. ئۆز كەسپىدە مەشغۇلاتچى دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئەمگەكلىرىنىمۇ ئېلان قىلىشقا باشلىغان. كەيلانىي 1965 - يىلى جامال ئابدۇنناسىر دەۋرىدە يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان، 1967 - يىلى «ئالتە كۈن ئۇرۇشى» مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. 1968 - يىلى ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە دوختۇرلۇق كەسپىدە داۋام قىلغان، كېيىن سەھىيە ساغلاملىق مەدەنىيىتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان.

كەيلانىي 24 يىللىق مۇھاجىرەت ھاياتىدىن كېيىن، 1982 - يىلى مىسىرغا قايتقان ۋە ئاخىرقى كۈنلىرىنى سەۋر - چىدام ئىچىدە راك كېسىلى بىلەن ئېلىشىپ ئۆتكۈزگەن. 1995 - يىلى 7 - مارت كۈنى ۋاپات بولغان ۋە ئانا ۋەتىنى مىسىردا دەپنە قىلىنغان.



نەجىب ئەلكەيلانىينىڭ تۈرمىلەردە تارتقان مۇشەققەتلىرى ئۇنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنى ئۆچ كۆرۈش، مېھىر - مۇھەببەت، كەڭ قورساقلىق ۋە ئىنسانىيەتنى ھۆرمەتلەش قاراشلىرىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ جەھەتتىن، بۇ يۈكسەك ئىنسانىي خاراكتېر ئۇنىڭ پۈتۈن ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كەتكەن.

ئۇ ئىجادىيەتلىرىنىڭ مول، سەرخىل ۋە يارقىنلىقى جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئىسلامچى ئەدىبلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. ئۇ رومان، پروزا، شېئىر، ئوبزور، پىكىر - ئىدىيە ۋە تېبابەت ساھەلىرىدە 70 تىن ئارتۇق كىتاب يازغان بولۇپ، يازمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەركىن پەرۋاز قىلغۇچى تالانتلىق ئەدىب، شۇنداقلا ياخشىلىق، پەزىلەت، كەڭ قورساقلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىي ۋە ئىسلامىي قىممەت

قاراشلارغا چاقىرغۇچى ئىدى.

ئەدىب كەيلانىي «دىن بىلەن پەن - ئەدەبىيات ئارىسىدا ھېچبىر توقۇنۇش يوق، ئەگەر بار دېيىلسە، ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ياكى ئىسلامنىڭ كەڭ شەرىئىتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان توقۇنۇش بار. چۈنكى، ئىسلام پەنگە، ئەدەبىياتقا قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنى تەرغىب قىلىدۇ. مۇسۇلمان دېگەن روھ ۋە تەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلامىي ئەدەب - ئەخلاقلاردىن چىقىپ كەتمىسىلا، روھى ۋە تېنىنىڭ ئارام ۋە ھۇزۇر ئېلىشىنى رەت قىلمايدۇ» دەپ قارايتتى.

ئۇ ناھايىتى خۇش پىچىم ۋە كەمتەر بولۇپ، مۇتەبەسسىم، ئىللىق چىراي، سالماق، كەم سۆز، يىراقنى كۆرەر، گۈزەل كىيىنىدىغان، ساغلام لوگىكا، راۋان ئۇسلۇب قاتارلىقلار ئۇنىڭ ھەرھالەتتە، ھەتتا قاپقاراڭغۇ كامېرلاردىمۇ، زالىم جاللاتلارنىڭ قامچىلىرى ئاستىدىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىغان سۈپەتلەر ئىدى.

ئەدىب كەيلانىيمۇ مىسىرلىق باشقا ئىسىل قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش يۇمۇرىستىك ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى، لېكسىيەلىرى ۋە يازمىلىرىنىڭ ھەممىسى يۇمۇرىستىك ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھاياتىمنى شائىرلىق بىلەن باشلىدىم، پەقەتلا شېئىر يازاتتىم، شېئىرلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي ۋە ھېسسىي شېئىرلار ئىدى. كېيىن ھېكايە - رومانغا يۆتكىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىنى ۋە ئۇنىڭ مىسىر جەمئىيىتىگە، بولۇپمۇ مىسىرنىڭ يېزا - سەھرالىرىغا بولغان تەسىرىنى ئىپادىلەيدىغان ‹ئۇزۇن يول› دېگەن

رومانىم بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىر مۇسابىقىسىگە قاتناشتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى ئۇرۇنۇپ كۆرۈشۈم ئىدى. نەتىجىدە تۇرمىدە تۇرۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشتىم. تەلىيىمگە رومانىدىكى ئىسمىم تەخەللۇس ۋە شىفىر بولغاچقا، رومانىنىڭ بىر مەھبۇسنىڭ ئىكەنلىكى پەقەت نەتىجە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاشكارىلاندى.

ئەرەب ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدە بىر بۆلۈك قىسقا ھېكايىلەرنى يازدىم، مەسىلەن: ‹أرض الأنبياء (پەيغەمبەرلەر زېمىنى)›، ‹عمر يظهر في القدس (قۇدۇستا نامايان بولغان ئۆمەر)›، ‹ليالي تركستان (تۈركىستان كېچىلىرى)›، ‹عمالقة الشمال (شىمال گىگانتلىرى)›، ‹عذراء جاكرتا (جاكارتا قىزى)› قاتارلىقلار. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى ھەققىدە ‹اليوم الموعود (ۋەدە قىلىنغان كۈن)› رومانىنى، ئىسلامنىڭ تۇنجى دەۋرى ھەققىدە ‹قاتل حمزة (ھەمزەنىڭ قاتىلى)› رومانىنى يازدىم».



ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەرمۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتى، ئىقتىدارى ۋە كۈچىگە بېقىپ ئورۇنلايدۇ.

ئەدىب ۋە شائىر دوكتور نەجىب ئەلكەيلانىي ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى دىنى ئۈچۈن ۋە دۇنيانىڭ ھەرىيېرىدىكى مەزلۇم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ھېكايە - رومانلىرى، دراملىرى ۋە شېئىر - ئەدەبىياتى ھەتتا ئۇنىڭ تىببىي كەسپى ھەممىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىززەت، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرى ئۈچۈن ھۆرىيەت ۋە ئىستىقلال تەلەپ

قىلىدىغان مۇشۇ چوڭ نىشان ۋە مۇشۇ بۈيۈك غايە ئۈچۈن ئىدى.

كەيلانىي ئىسلامنىڭ پىكىر - ئىدىيەلىرىنى گۈزەل يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام تارىخىي ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رىئاللىقىنى توغرا ئىسلامىي تەسەۋۋۇر بىلەن چۈشەندۈرگەن ئۈتۈقلۇق ئەدىبلەردىن بولۇپ، بۇ ھال خۇسۇسەن ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ، ئومۇمەن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇردى.

❁❁❁❁❁



## «تۈركىستان كېچىلىرى» رومانى ھەققىدە

ئەدىب نەجىب ئەلكەيلانىي ئەسەرلىرىنىڭ باش تېمىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە كىملىك كۈرىشىدۇر. «**تۈركىستان كېچىلىرى**» ناملىق مەزكۇر رومان 1971 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز ئورنىدىكى قىسمىدا بايان قىلىنغىنىدەك، نەجىب ئەلكەيلانىي ھەجگە بارغىنىدا مەككەدە تىجارەت قىلىدىغان تۈركىستانلىق بىر بوۋاينىڭ ھايات ھېكايىسىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايدۇ. ھېكايە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، خىتتاي ئىستىبدادىغا قارشى ھۆرلۈك ئىزدىگەن خوجانىياز ھاجى يېغىلىقى بىلەن باشلاپ ئالتاي بۈركۈتى ئوسمان باتۇرنىڭ كۈرەشلىرى ۋە ئاقىۋەتتە يەنىلا قىزىل خىتتاينىڭ چاڭگىلىدا قالغان ئانا ۋەتىنىنىڭ 1930 – 1951 - يىللار ئارىسىدىكى قىسمەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. بوۋاينىڭ ھەققىي كەچۈرمىشلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەدىب كەيلانىي قەلىمىنى قولغا ئېلىپ، ئەسلىگە سادىق بولۇپ، جايىدا بەدىئىي جانلاندۇرۇشلار بىلەن بىر ئەدەبىي رومان يېزىپ چىقىدۇ. رومان مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان «**ئويغانغان زېمىن**» (1988) ۋە «**ئانا يۇرت**» (2000) رومانلىرىدىن خېلىلا بۇرۇن ئېلان قىلىنغان، شۇنداقلا چەتئەلدە ھەمدە بىرىنچى قول شاھىدنىڭ ئۆز ئاغزىدىن، بىرىنچى شەخس تىلىدا، ھەرقانداق تاسقاش ۋە پۇتاشلاردىن خالىي بايان قىلىنغان ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ھالىدۇر.

نەجىب ئەلكەيلانىي ھېكايىسى 1930 - يىلدىكى خىتتاي ئىستىلاسىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر قىزنىڭ ئۆيلىنىش نىيىتىدە بولغان خىتتايىنى بىر «ئوفىتسېر»، قىزنىڭ ئاتىسىنى بولسا «قۇمۇل ئەمىرى» دەپ جانلاندۇرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى 1884 - يىلدىن بېرى خىتتايلارنىڭ ئىستىلاسى ئاستىدا ئېزىلمەكتە. 1931 - يىلدىكى قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسىنى تۇتاشتۇرغان ۋەقە ھەقىقەتەن بىر خىتتاينىڭ بىر ئۇيغۇر قىزنى مەجبۇرىي نىكاھىغا ئېلىشقا تىرىشىشىدۇر. لېكىن، بۇ يۈزسىز خىتتاي بىر «ئوفىتسېر» ئەمەس، ئەسلىدە 1931 - يىلىنىڭ بېشىدا جىن شۇرېن تەرىپىدىن قۇمۇلنىڭ ئاراتۈرك ناھىيەسىگە قاراشلىق شوپۇلغا جايلاشقان ئېغىزغا باج باشقۇرغۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەن جاڭ گوخۇ ئىسىملىك بىر خىتتايدۇر. قىزى سورالغان كىشى سەلتەنەتلىك «قۇمۇل ئەمىرى» ئەمەس، بەلكى قۇمۇلنىڭ 120 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان شوپۇلنىڭ دورغىسى سالىھ دورغا دېگەن كىشىدۇر. جاڭ گوخۇ زورلۇق بىلەن سالىھ دورغىنىڭ ئايسخان (ياكى ئاينىساخان – ئويغانغان زېمىن، 169 - بەت) ئىسىملىك قىزنى نىكاھىغا ئالماقچى بولىدۇ. غۇرۇرلۇق شوپۇل دورغىسى سالىھ دورغا ۋە دوستى، ئۆچىبېگى (دېھقان بېگى، چارۋا بېگى، سۇ بېگى/مىراب) ئابدۇنىياز مىراب ۋە ئەتراپتىكى بەزى دورغىلار توينى «ماقۇللايدۇ» ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئۇيغۇن توي ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. توي كېچىسى ئايالچە كىيىنگەن «كېلىن» چىمىلدىقتا جاڭ گوخۇنى، تالادىكىلەر جاڭ گوخۇ بىلەن بىرگە كەلگەن خىتتايلارنى نەق مەيداندا يەر چىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

قۇمۇل تاغلىرىدا ئىنقىلاب بىردەك پارتلايدۇ. كېيىن سالىھ دورغا ۋە ئابدۇنىياز مىراب قاتارلىقلار خوجا نىياز ھاجىغا بەيئەت قىلىپ ئىنقىلابتا پائال خىزمەت كۆرسىتىدۇ. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سالىھ دورغا خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرگە 108 كىشى 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

مۇئەللىف كەيلانىي شەرقىي تۈركىستاننى «شىمالغا جايلاشقان بىر دۆلەت»، قىزلىرىنى «سېرىق چاچ، كۆزى كۆك»، خۇددى سلاۋ مىللەتلىرىدەك تەسۋىرلەيدۇ. بەزى دىئالوگلاردا «دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشىش» ۋە «قۇتقۇزۇش كېمىسى» تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، شەرقىي تۈركىستان دېڭىزدىن ئەڭ يىراق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، قىزلىرى قۇندۇز قارىسى چاچلىرى، قوي كۆزلىرى بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان بىر يۇرتتۇر. بۇلاردىن مۇئەللىفنىڭ ئېھتىمال تېخى يەرشارلىشىش دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغان 1970 - يىللاردا، چەكلىك ئىمكانىيەتلەر تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئەتراپلىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، بەلكىم ھېچقاچان بېرىپ باقمىغان، ھەتتا خەرىتىدە يۈزىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شۇمۇ بىر ھەقىقەتتۇركى، بەدىئىي ئەسەرلەر رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. قەلەم ئىگىسى ۋەقەلىكنىڭ تېخىمۇ جانلىق يورۇتۇلۇش ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆز تۈيغۇ - تەسەۋۋۇرلىرىنى قوشۇپ قويىدۇ. مۇئەللىف ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىغا جايلاشقان مىسىر مەملىكىتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىسىر ۋە ئەرەب دۇنياسىغا تونۇشلۇق بولغان دېڭىز ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار تەسۋىرلەرنى، شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
سائىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

شىمال ئەللىرىنىڭ خەلقلىرىنىڭ تىپىك تەسۋىرلىرىنى قوللىنىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مۇئەللىف بەلكىم تۈركىستان نامىدىن چىقىپ تۇرۇپ، تۈركىيە تۈركلىرىگە ئوخشىتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇئەللىف يەنە بىر يەردە «خىتتاي ئوفتسىر»نىڭ «ئەپيۇن ئۈرۈشى»نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىمۇ 1860 - يىلى ئاخىرلاشقان بولۇپ، روماندىكى تارىخىي دەۋر بولغان 1930 -، 1931 - يىللاردىن 70 يىل بۇرۇنقى ۋەقەدۇر. دېمەك، نەجىب ئەلكەيلانىي خىتتاي تارىخىدىكى ئىككى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن خەۋەردار ئەمما تارىخىي دەۋرى ھەققىدە خاتالىققا يول قويغان.



ئەدىب نەجىب ئەلكەيلانىي مەزكۇر روماندا بايان قىلغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى، ئىنقىلابچى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقى چوڭ جەھەتتىن توغرا بولۇپ، بەزى ئىنچىكە تەپسىلاتلاردا يېڭىلىشىپ كېتىشى، ئەسلىدىلا ئۆزىگە تامامەن ناتونۇش بىر ئەل ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن بىرى ئۈچۈن ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئېھتىماللىقتۇر.

روماندا ئاپتور ھېكايىنى قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سارىيىدىن باشلايدۇ. ئىنقىلابنى باشلىغانلارنىڭ بىرىنىڭ «قۇمۇل ئەمىرى» ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەمما، تارىخىي يازما مەنبەلەر ۋە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق تارىخىي رومانلاردىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى شامەقسۇت ۋاڭ ياكى ئوغلى قورچاق نەزەر ۋاڭلارنىڭ ھېچقاچان خەلق تەرەپدارى بولمىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر

رومانلار ياكى ۋەتەندە ئىلان قىلىنغان مەۋجۇت يازما مەنبەلەرنى كوممۇنىست تارىخچىلىقى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى مەيدانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇرمىلانغانمىكىن دېسەك، 1949 - يىلى ۋەتەندىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن، ئۆز ۋاقتىدىكى خوجا نىياز ھاجىنىڭ كاتىبى، مەرھۇم ھەمىدۇللاھ مۇھەممەد تۇرپانىي ئۆزىنىڭ «تۈركىستان تارىخى» (1931 – 1937 - يىللار ئارىسى تۈركىستان ئىنقىلاب تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن»نىڭ مەيدانىنى تەستىقلايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئەسەردىكى پەقەتلا «قۇمۇل ئەمىرى» «بەگ» كە، «قۇمۇل سارىيى» «بەگ قەسرى» گە ئالماشتۇرۇلدى.

روماندا يەنە بەزىبىر ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەرگە ئالاقدار خاتا مەلۇماتلار بار بولۇپ، مۇھەممىراقلىرىدىن غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى 1945 - يىلى دەپ بېرىلگەن بولۇپ، توغرىسى 1944 - يىلى 12 - نويابىردۇر.

رومانىنىڭ باش پېرسوناژى «مۇستافا مۇراد ھەزرەت»، مەشۇقى «چولپان»، ئاغىنىسى «مەنسۇر دورغا»، «رىزۋانگۇل»، خىتتاي ساقچىلار «چېن لى» ۋە «باۋدىڭ»، ساتىراش «ئابدۇلخالىق»، قاتارلىقلار مۇئەللىف تەرىپىدىن يارىتىلغان پېرسوناژلار بولۇپ، «بەگ، ئاغىچا ئايىم ۋە بەگ قىزى»، «خوجانىياز ھاجى، شەرىپخان تۆرە، ئەلىخان تۆرە، ئەھمەدجان قاسىمى، ئوسمان باتۇر، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا» قاتارلىق ئەجابىي شەخسلەر ۋە «خىتتاي ئوفىتسېر، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ۋۇ جوڭشىن، جاڭ جىجوڭ» قاتارلىق ئىشغالچى خىتتايلار، قانخور ئىستىخباراتچى «سەيد ھاجى»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ساقىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

باشلىق ئۇچ ھاجىلار، «بۇرھان شەھىدى» قاتارلىق كوممۇنىستلار ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەردۇر.

روماندىكى بەزى مەزمۇنلار تارىخىي ساۋاق نۇقتىسىدىن بۈگۈنكى قىسمەتلىرىمىزگە ئىنتايىن يارقىن سېلىشتۇرما بولالايدۇ:

1. رومانىڭ تۈنجى تېمىسى بولغان 1930 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستان قىزلىرىنىڭ خىتتايلارغا «قانۇنلۇق» نىكاھقا زورلىنىشى (بۇ قىسمەت 1933 – 1944 - يىللار ئارىسى ھۆكۈم سۈرگەن جاللات شېڭ شىسەي دەۋرىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان)، ئاتالمىش «خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى» تەرەپدارى بولشېۋىك رۇسلار ياكى تاجاۋۇزچى خىتتايلارنىڭ ھەرپۇرسەتتە بىر خەلقنىڭ غۇرۇرى بولغان خوتۇن - قىزلىرىغا كۆز تىككەنلىكى، ھەتتا رۇسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نەسىللىك ساغلىقلارنىمۇ تىنچ قويمىغانلىقىنى؛ شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى مەجبۇرىي ئىشپىيونلۇق ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان ئاتا بالىدىن، ئاكا ئىنىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئۆزئارا ئىشەنچسىزلىك؛ خاھلىغانچە ئادەم تۇتۇش، توقۇلما باھانىلەر بىلەن تۈرمە - لاگېرغا قاماشلار؛ شېڭ شىسەي ۋە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىلىرىدىن بىرى بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق دۇشمەنلىكى، ئاياللارغا چىن مەنىدىكى ھۆرمەتتىن يوقسۇل ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، «چولپان» خاراكتېرىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە «بەگ قىزى ۋە ئائىلىسى»نى قۇتقۇزۇپ قېلىشى، گەرچە كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئىمان ئېيتقان «باۋدىڭ» خاراكتېرى بىلەن بىرگە ياشاش جەريانىدا ھاراقنى ئۆگىنىپ قېلىشى؛ شېڭ شىسەي ياقتۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن

ئالتاي تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنگەن، پەقەتلا ئائىلىسىنىڭ زاۋالىنى خاھلىمىغانلىقى ئۈچۈن شېڭنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىغا چىداپ كەلگەن ياش قىز؛ «مەنسۇر دورغا»نىڭ ئاياللىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى، كوممۇنىستلار بېسىۋالغان رايونلاردىكى ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەك «ئىسلاھاتى» قاتارلىق ئاز، ئەمما ئىبرەتلىك مىساللار ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ نەقەدەر نومۇسسىز ئىكەنلىكى، بۇ خىل نائىنسانىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نەقەدەر ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ پەقەتلا كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈش ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنىڭدىن كەم قالمايدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. كۈنىمىزدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۆلگىلىك ئائىلىلىرى»، «تۇغقاندارچىلىق»؛ ئاتالمىش «تەربىيەلەش» مەركەزلىرى نامىدىكى لاگېر ۋە تۈرمىلەردە ئەركەكلەر مەجبۇرىي مەھرۇم قىلىنغان قىز - ئاياللارغا، ھەتتا ئەرلەرگە قىلىنىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇم - ھاقارەت؛ مىللىي خورلۇق، ئۆرپ - ئادەتكە، دىنىي ئېتىقادقا، جۈملىدىن تىرىكلەرنىڭ مەسجىد - جامەلىرىگە، ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرە مازارلىرىغىچە قىلىنىۋاتقان دەپسەندىچىلىك؛ شەرقىي تۈركىستاندا ياكى خىتتاي ئۆلكىلىرىدىكى كارخانىلاردا مەجبۇرىي، ئەرزان مائاش بىلەن خىزمەتكە سېلىش؛ زامانىنىڭ نېمەتلىرىدىن بولغان تور - ئالاقە ئىمكانىيىتىدىن خەلقنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشتا پايدىلىنىشتەك سىياسەت ئاز كەم يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، قانخور شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جاللات چېن چۈەنگونىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە قايتا ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سائىبە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

چىقتى. بۇ مۇناسىۋەت قارارلار كۆرسىتىدىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان قىلاتتى، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا، دۇنيا تۈگۈل ئەڭ يېقىنلىرىغىمۇ ئاڭلىتالماسلىققا، ئەڭ ئېغىرى دىن، ئىرق ۋە مەدەنىيەت پەرقىگە پەرۋا قىلماي مەجبۇرىي توي قىلىشىش سەۋەبلىك ئاز بولمىغان شەرقىي تۈركىستان قىزلىرىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قان يېشىغا سەۋەب بولماقتا.

2. روماندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز غۇرۇر ۋە ئار - نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ قىلغان جەڭلىرى، جەڭگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانلارنى ئۇيغۇر ياكى قازاق، ئۆزبېك ياكى قىرغىز دېمەي، بىرلا كىملىك – مۇسۇلمان تۈركىستانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىپادىلەپ خەلقىمىزنىڭ ئەزەلدىن بىرى تار دائىرىدە مىللەت، قەبىلە ئايرىماي، تۈركىي مۇسۇلمانلىق كىملىكى ئاستىدا ھۆر ۋە ئىتتىپاق ياشىغانلىقى پەقەتلا مىسىرلىق ئەدىب نەجىب ئەلكەيلانىينىڭ ئەدەبىي تەسۋىرى بولماستىن، ئەكسىچە تارىخنامىلەردىمۇ دائىم ئۇچرايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر ۋە بۇنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى 1933 - يىلى كاشغەردە قۇرۇلغان، مائارىپ نازىرى ئۆزبېك، ھەربىي قوماندانى قىرغىز بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مىزدۇر. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە بىزلەر شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا كوممۇنىستلار ئورناتقان نەچچە ئەۋلاد قىزىل مائارىپنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىستان خەلقىنى تۆرلۈك مىللەتلەرگە ئايرىپ، «بىز» ۋە «ئۇلار» دېيىشكە باشلىدۇق. ئەڭ مۇھىم بولغان تېگى بىر تۈرك، دىنى بىر مۇسۇلمان قەۋم ئىكەنلىكىمىزنى ھەممىمىز ئۇنتۇپ، تار مىللەتچىلىكتە جاھىللارچە

ئەزۋەيلىمەكتىمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان «قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان» قاتارلىق 130 مىللەت ياشىسىمۇ بىرلا مىللەت نامى بىلەن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلەرگە قاراپ بىزمۇ «ئۇيغۇرىستان» قۇرىمىز دېگۈچىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتكۈل تۈركىستان تارىخىدىكى مەدەنىي ۋە مەئرىپىي ئورنىنى تار دائىرىگە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى، بىھۇدە تار مىللەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

3. ئەدىب نەجىب ئەلكەيلانىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىسلامىي كىملىك، ساغلام ئېتىقاد بەكرەك ئالدىنقى پىلانغا قويۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ ئەسەردىمۇ شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى ئېنىق بولغان ئىسلامىي مەۋقە ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەندۇر. ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان تارىخىي شارائىتتا ۋەتىنىمىز گەرچە زامانىۋى مائارىپ تېخى يېڭى بىخ سۈرۈشكە باشلىغان، ئەنئەنىۋىي مائارىپمۇ نىسبەتەن تار دائىرىدە ۋە كەينىدە قالغان بولۇشىغا قارىماي خوجا نىياز ھاجى، سابىت داموللام، شەرىپخان تۆرە، ئەلىخان تۆرە ۋە ئوسمان باتۇرلارنىڭ ئۇممەت ئېڭى كۈچلۈك، ئىسلامىي ئىلىم ئاساسلىرى مۇستەھكەم، خەلقئارا مەسىلىلەرگە قارىتا بار ئىمكانىيەت دائىرىسىدە ئالاقىدار بولۇش ۋە دەگسەشتە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىدى. گەرچە ئىنقىلاب خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسىمۇ، شۇ دەۋر شارائىتى، خەلقئارالىق مەنپەئەتلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى قوغدالغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئاقىۋەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ۋەتەن مۇنقەرز بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىبە تەتقىقات مەركىزى

4. كەيلاننىڭ كەلگۈندى خىتتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى، كېڭەيمىچى چارلىق رۇسىيىسىدىن كېيىن ساختىپەز بولشېۋىكلارنىڭ غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئەزەلىي قان - قېرىنداش ۋە دىنداش بۈيۈك تۈركىستان خەلقىنىڭ مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى، ئىمام بۇخارىي، فارابىي، ئىبنى سىنا ۋە ئالىم بىرۇنىيلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنى ئەرەب دۇنياسىغا تونۇشتۇرغان. گەرچە بولشېۋىكلاردىن قاچقان غەربىي تۈركىستانلىق زىيالىي، ئۆلىمالارنىڭ ھېكايىسى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا، 1949 - يىلى ئاتالمىش «ئازادلىق ئارمىيە» شەرقىي تۈركىستاننى بىر پاي ئوق ئاتماي ئىستىلا قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن ستالىننىڭ قانلىق سىياسىتىدىن قاچقان نۇرغۇنلىغان زىيالىي، ئەدىب ۋە ئۆلىمالار جۈملىدىن ئەسلى ئوشلۇق ئۆزبېك ئۆلىما، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي (1885 – 1976) شەرقىي تۈركىستاندا پاناھلىنىۋاتقان ئىدى. ۋاھالەنكى، بۈگۈن مۇستەقىللىقتا نائىل بولغان بۇ زېمىنلاردا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەر كوممۇنىست خىتتاي ھاكىمىيىتى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە كۈن كۆرسەتمەيۋاتماقتا.



روماننىڭ بەدىئىي تەسۋىر ۋە ئەدەبىي تىل جەھەتتە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بولۇپ، تۈنجى نەشرىدىن بۇيانقى ئاز كەم يىرىم ئەسىر ئىچىدە تۈركچە (1984)، ئىنگلىزچە (2012) قاتارلىق نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. روماننى ھەقىقىي قەھرىمانلىرىغا، ئەسلى تەقدىم قىلىنىشى كېرەك بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇرمەنلەرگە ئارماغان قىلىش ۋاقتى نىھايەت

يېتىپ كەلدى. ئەسەر ئەرەب تىلىدىن بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، روماندا تىلغا ئېلىنغان ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەردىن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىدلار، ئىستىلاچى خىتتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كوممۇنىست گوماشتىلىرىدىن بەزى شەخسلەرنىڭ ھەقىقىي رەسمىلىرى مەزكۇر ئۇيغۇرچە تەرجىمىگە خاس قىلىپ، كىتابنىڭ بېشىدا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلدى. روماننىڭ ئىچىدىمۇ مەزمۇنىغا مۇناسىپ بەزىبىر تارىخىي سۈرەتلەر قىستۇرۇلدى. تەرجىمىدە قولدىن كېلىشىچە ئەسلىگە سادىق ۋە ئەينى پاساھەتتە ئىپادىلەشكە تىرىشىلدى. ئەمما تىللار ئارىسىدىكى مۇقەررەر پەرقلەر تۈپەيلى يەنىلا سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالماسلىق تەبئىيدۇر. بۇ باردا ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ توغرا چۈشىنىشىگە ھاۋالە قىلىمىز.



ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

2020 - يىلى. ئىستانبۇل

❁❁❁❁❁

www.uyghurkitap.com



## مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىنى بىلمەس بولۇپ كەتتى

مۇقەددەس مەككە شەھىرى ھەرىيلى يۈز مىڭلىغان ھاجىلارغا قۇچاق ئاچىدۇ. خىلمۇخىل ئىرق ۋە مىللەتلەردىن مۇسۇلمانلار كەئبەنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. ئافرىقىدىن كەلگەن قارا تەنلىكلەر، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن كەلگەن ئاق تەنلىكلەر، ئاسىيا تاغلىرىنى ئېشىپ كەلگەن سېرىق تەنلىك مۇسۇلمانلار؛ ئەرەبلەر، پارسلار، تۈركلەر، پاكىستانلىقلار، ئافغانلار توپ - توپ بولۇپ كېلىشىپ كەئبەنىڭ ئەتراپىدا تەكبىر ۋە تەھلىل سادالىرىنى ياڭرىتىدۇ. ھەممىسى ئۇشبۇ مۇقەددەس ئۆينىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىپ، سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىپ، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ماقامىدا ناماز ئوقۇيدۇ. زەمزەم سۈيىدىن بىر قانچە يۇتۇم ئىچىۋېلىش ئۈچۈن بەجايىكى بىر - بىرلىرى بىلەن بەسلىشىدۇ. ئوخشىمىغان تەرەپ، تۈرلۈك يوللاردىن كېلىپ، بۇ مۇقەددەس كېسىشىش نۇقتىسىدا جەم بولغان بۇ مۆمىنلەر ئۆزلىرىگە خاس رەڭ ۋە تىللارنى نامايان قىلىشىدۇ، ئەمما بىر نەرسە ھەممىگە ئورتاق ئىكەنلىكىمۇ روشەندۇر: ئاللاھقا، رەسۇلىغا ۋە كىتابىغا بولغان چىن ئىمان!

پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەككە مۇكەررەمەدە تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمگە قاراپ ماڭدىم. ئارقا يوللاردىن، تار كوچىلاردىن ئايلىنىپ مېڭىۋاتاتتىم. بۇ ئارقا كوچىلاردا تەسۋىلەر، جايىنامازلار، ھەرخىل بېزەلگەن باش كىيىملەر ۋە دۇئا كىتابلىرى قاتارلىق نەرسىلەر سېتىلاتتى. دۇكانلاردىن بىرسىگە كىرىپ ئولتۇردۇم.

دۇكاندارنىڭ چىراي تۇرقى، رەڭگىرويىدىن يەتمىشلەردىن ئاشقانلىقىنى ۋە ئۆزىگە خاس تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ ئەرەب ئەمەسلىكىنى تەخمىن قىلغىلى بولاتتى. بىر تەرەپتىن چىرايلىق تەسۋىلەرنى كۆرگەچ:

– نەدىن بولىسىز؟ – دەپ سورىدىم.

قايغۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىپادە بىلەن لاپپىدە بىرنى قاراپ قويۇپ:

– ئاللاھنىڭ كەڭرى يۇرتلىرىنىڭ بىرىدىن، – دېدى.

– چۈشەندىم، ئەمما قايسى دۆلەتنى دەيسىزكىن؟

ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم قارىدى، تىترەڭگۈ بىر ئۇھسىنىش بىلەن قوشۇپ:



– تۈركىستان، – دېدى.

ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قايتا سورىدىم:

– تۈركىستان دېگەن تۈركىيەگە قارامدۇ؟

مەيۈسانە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

– مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىنى بىلمەس بولۇپ كەتتى! – دېدى ۋە:

– نېمە ئىش قىلىسىز؟ – دەپ سورىدى.

– مىسىردا دوختۇرمەن.

– دېمەك، شانۇ - شەۋكەتلىك ئەلئەزھەر جايلاشقان دۆلەتتە ياشايسىزۇ، تۈركىستاننىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيسىز دەيلى! ئىمام بۇخارىي، ئىبنى سىنا، فارابىي ۋە بىرۇنىينى بىلمەي قالمايسىز

ھەقچان؟

– ئەلۋەتتە بىلىمەن...

– ئەنە شۇلار مېنىڭ يۇرتۇمدىن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇستافا مۇراد ھەزرەت ئىسمىلىك بۇ مويسىپىت كىشى ماڭا تۈركىستان ۋە تۈركىستانىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈلپەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

«تۈركىستان شىمالغا جايلاشقان بىر دۆلەت بولۇپ، مۇستەملىكىچىلەر بۇ گۈزەل يۇرتنى شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان دەپ ئىككىگە بۆلدى. رۇسلار غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋالدى، شەرقىي تۈركىستاننى بولسا خىتتايلار بېسىۋېلىپ، ئۆز چېگرالىرىغا قوشۇۋالدى ۋە ‹يېڭى چېگرا› مەنىسىدە ‹شىنجاڭ› دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. يەنى، پۈتۈن تۈركىستان سوتسىيالىزمنىڭ ئىككى تۆمۈر پەنجىسى ئاستىدا ئېزىلىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ نامى زىكىر قىلىنىدىغان، شەرەپلىك تارىخ ۋە كۆز قاماشتۇرغۇچى مەدەنىيەتلەر ياراتقان ئۇلۇغ بىر قەدىم ئىسلام دىيارىنى نابۇت قىلىشتى. تۈركىستان ئىككىنچى ئەندەلۇس بولۇپ قالدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى ئىبرەتلىك بىر خاتاسى ئۆز تارىخلىرىدىن چورتلا دېگۈدەك بىخەۋەرلىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدىغان مۆمىنلەر ھەققىدە ئاساسەن بىر نەرسە بىلمەسلىكىدۇر. يەنى، مۇسۇلمانلار بىر - بىرلىرى بىلەن ئالاقىسى يوقتەك ياشايدۇ».

ئاپئاق ساقاللىرى تىترەشكە باشلىغان ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ گېپىنى داۋام قىلدى. ماڭا يېقىنراق كېلىپ:

ساكىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

– چاي ئىچەمسىز؟ – دەپ سورىدى.

– ئىچەي، لېكىن هايات هېكايىڭىزنى باشتىن ئاڭلىغۇم بار، – دېدىم.

نەۋرىسى بولسا كېرەك، بىر بالىنىڭ قولىدىن بىر پىيالە چاينى ئېلىپ ئىچكەچ گېپىنى داۋام قىلدى:

– هايات هېكايەم قايغۇ - هەسرەت، دەرد - ئەلەم ۋە ئىزتىراپلار بىلەن تولغان. هەربىلى بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا مىڭلىغان كىشى كېلىپ، هەج پەرزىنى ئادا قىلىپ يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كەلگەن يوللىرى بىلەن قايتىشىدۇ. هەج دېگەن مۇسۇلمانلارغا قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىشلىرى ئۈچۈن پەرز قىلىنىپتىكەنمۇ؟ مەن ئۇنداق قارىمايمەن. بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ زىيارەتچىلىرىگە





مەسجىدى هەرەم - مەككە، 1970 - يىللار


ئورغاق ۋە بولقا ئاستىدا ئېزىلىپ، ئىڭراۋاتقان بىچارە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاتمايمەنمۇ؟ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئاخشاملىقلا كۆرۈشەيلى. مەن بىر نەچچە كىتاب ئەكىلەي ۋە سىزگە ئۇزۇن ھېكايەمنى سۆزلەپ بېرەي. ئاھ... مەن بۇيەردە تۇرغىنىم بىلەن يېشىل يۇرتۇمنىڭ مۇقەددەس تېغى – تەڭرىتاغ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. سىزگە پاكىستان بىلەن تۈركىستان ئارىسىدىكى پامىر تاغلىرى؛ چۈمبەل - روماللىرى يىرتىپ تاشلانغان ئاياللار؛ زامانىۋى مەكتەپلەردە دىنسىزلىق بىلەن تەربىيەلىنىپ ماڭقۇرتلاشتۇرۇلۇۋاتقان باللار؛ باتىل ۋە يالغانلار ئارقىلىق دىنى ۋە تارىخى ئۇنتۇلدۇرۇلغان ياشلار؛ چەيلەنگەن مۇنبەر ۋە قۇببەلەر؛ سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنىپ، كىشىنىڭ ئەقلى كۆتۈرمەيدىغان قىيىن - قىستاقلارغا دۇچار بولغان كىشىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تىرىشىمەن.



مەن بىر شەرقىي تۈركىستانلىق... ئەمسە ھېكايەمگە باشتىن قۇلاق سېلىڭ...

❀❀❀❀❀

www.uyghurkitap.com



# 1

1930 - يىلى.

شۇ يىلى خىتتايلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان قۇمۇلدا ياشايتتۇق. ئىشغالدىن كېيىنلا، بىر خىتتاي ئوفىتسېر بۇ رايوننىڭ ھەقىقىي ھاكىمىغا ئايلانغان، ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇشقا باشلىغان ئىدى.

قايغۇ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىغا ئايلانغان بولۇپ، ھەقىقەتنى كۆرەلىگەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئەلەم ۋە ھەسرەت قۇيۇلاتتى. بىچارە قۇمۇل بەگلىرى بولسا نامىدا بار ئەمەلدە يوق قورچاقلارغا ئايلانغان بولۇپ، قەسىر - سارايلىرىدا بىچارىلەرچە، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتاتتى.

ئۆز كۆزۈم بىلەن شاھىد بولدۇمكى: خىتتايلار توپ - توپ بولۇپ قۇمۇل شەھەر مەركىزىگە قاراپ ئېقىشىۋاتاتتى. خىتتاي ھۆكۈمىتىمۇ بۇلاپ - تالىغان مال - دۇنيالار بىلەن بۇ ئاققۇنلارنىڭ شەھەرگە يەرلىشىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاۋاتاتتى. ئۆي سېلىپ، دۇكان ئېچىپ ۋە دەڭ - سارايلارنى بەرپا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىۋېلىشىغا ياردەم قىلىۋاتاتتى.

يېشىم يىگىرمە بەش ئەتراپىدا... مەسجىدتە «قۇرئان كەرىم» يادلاپ قارىي بولغان، ئەرەبچە ۋە تۈركىيچە ئوقۇپ يازالايتتىم.

ساكىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمدى خىتتايغا قوشنا بولغاچقا خىتتايچىنىمۇ بىلەتتىم. بىزگە يېقىن بولغان، ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى موڭغۇللارنىڭ تىلىنىمۇ بىلەتتىم. چىڭگىزخان ۋە ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن ئۇ زېمىندا ھەرساھەدىكى نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرى تىللاردا داستان ئىدى...

بىر كۈنى خىتتاي ئوفىتسېر پۈتۈن يۇرتنى تىترىتىپ، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بىر ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ ئۇقتۇرۇشقا كۆرە ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق – ئېتىقادلىرىغا ھەرقانچە يات بولسىمۇ – ئۆزلىرىدىن قىز سوراپ كەلگەن ھەرقانداق بىر خىتتايغا قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

زېمىنىنىڭ ئىشغالى، مۇستەملىكە ۋاقىتلىق ئىش ئىدى. دۈشمەن بىلەن قايتا - قايتا جەڭ قىلىشتىن باش تارتمىساقلا، ھامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ قورغىنى يىمىرىلەتتى. لېكىن، خەلقىنىڭ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئېتىقادىغا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق، دىنىغا قارىتىلغان مەسخىرە، قىممەت قاراشلىرىغا كەلتۈرۈلگەن ھاقارەتلەر چىداپ تۇرغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

خىتتاي ئوفىتسېر بىچارە قۇمۇل بەگلىرىدىن بىرىنى چاقىرتىپ:

– جانابىڭىز بىلەن تۇغقان بولۇش نىيىتىم بار، – دېدى.

بەگنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى ۋە ئەندىشە ئارىلاش:

– سىزمۇ بىلىسىز قوماندان! بۇ مۇمكىن ئەمەس، – دەپ جاۋاپ بەردى.

خىتتاي ئوفتسېر مەسخىرىلىك كۈلۈپ تاشلىدى ۋە:

– مەن «مۇمكىن ئەمەس» دېگەننى بىلمەيمەن، بەگ جانابلىرى! – دېدى.

– بۇ دېگەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى.

– قەلبلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىلاھلار ئارىلاشمىسۇن، مەن قىزىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

– ئەلمىساقتىن بېرى، فاتىھلەر فەتھە قىلىنغان خەلقنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن.

– بۇنداق گەپلەرگە مەن ئىشەنمەيمەن، ھەممىسى ئەپسانە.

– لېكىن، بۇ بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆلگەندىنمۇ بەتتەر.



ئوفتسېرنىڭ يۈزى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتتى ۋە:

– قارار بەرگۈچى سەن ئەمەس، قىزىڭ! دەرھال بېرىپ قىزىڭغا خەۋەر بەر. جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىر نەچچە سائەتلا ۋاقتىڭ بار، – دەپ گەپنى كېسىۋەتتى.

بەگ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتقان ھالدا تالاغا چىقتى. ئەتراپىدا بولۇۋاتقان بۇ پەسكەشلىكلەرنى ئويلاۋېرىپ شۇنچە كەڭ سارايى ئۇنىڭغا تار كېلىشكە، جىنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئائىلە ۋە باللىرىنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارار؟ ھايات نېمىدېگەن قەدىرسىز - ھە! بۇ رەزىللىكلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن، تاغلارغا چىقىپ ۋەھشىي ھايۋانلارنى دوست تۇتۇپ، ئوت - چۆپ ۋە نوتا - ياپراقلارنى يەپ جان ساقلىسۇنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئاجىزلارنىڭ كۆنى ئېمىدىگەن تەس - ھە! لېكىن، راۋۇرۇس كۈچ - قۇۋۇەت، نوپۇز ۋە شانۇ - شەۋكەت ئىگىسى بىر بەگنىڭ غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىنكى كۈنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولسا كېرەك!

بەگ قەسىرىگە كىردى. تارىخىي قىلىچلار دەردۇ - ئىزتىراپ ئىچىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. تامدىكى ئىچى قۇرۇق مىلتىقلار سىبىق تاپقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىمۇ بەئەينى توپا بېسىپ كەتكەن ۋاراقلار ئارىسىدا ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى.

ئاغىچا ئايىم يېقىن كېلىپ، بوش ئاۋازدا:

– نېمە ئىش بولدى؟ – دەپ پىچىرلىدى.

كۆزلىرى ياش يۇقى بەگ ئايالىغا قاراپ:

– ئاللاھ بىزگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتەركىن؟ – دېدى.

ئېرىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئاغىچا ئايىم:

– ئۇ يەردە ئۆزلەگە بىرەر ئەدەپسىزلىك بولمىغاندۇ؟ مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ بۇ خىتتايلاردىن بىرەر خوۋلۇق كېلىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ.

– ئاللاھنى تونۇمىغاندىكىن مەرھەمەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ – شۇ .

– توغرا دەيلا.

– خىتتاي ئوفىتسېر قىزىمىز بىلەن «توي قىلىمەن» دەيدۇ.

بەگ ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك تىتىلداپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى. يۇقىرى ئاۋازدا قىزىنى چاقىردى:

– قىزىم، بۇياققا كەلسىلە!

بەگ كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ياش تامچىلىرىنى سۈرتكەچ قىزىغا:

– قىزىم! ئىپلاس قاۋان ئۆزلە بىلەن توي قىلىمەن دەيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ يەنە سوراپ باقاي، ئۆزلە قوشۇلامىلا؟

قىز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا دادىسىغا قاراپ:

– نېمە دەۋاتىدىلا، دادا؟ – دېدى.

تۈركىستانلىق بەگ زورىغا كۈلۈمسىرىدى. يۈزى قىپقىزىل ئىدى.

– ھازىر تېتىقسىزلىقلار بەك كۆپ، ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىمەنە، – دەپ جاۋاب بەردى.



– لېكىن، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇم يوق، دادا!

– ئۇنىڭ ئۆزلە بىلەن توي قىلغۇسى باركەن...

– لەنەت تەگكۈر قاۋان!

– لەنەت دائىما مەغلۇپ بولغانلارنى تاپىدۇ...

– قايسى قانۇن، قايسى دىن ئۆزى خاھلىمىغان بىر قىزنى توي قىلىشقا زورلايدىكەن؟!

– يەڭگۈچى بىلەن يېڭىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، قائىدە - تۈزۈم ياكى ئەركىن ئىرادە دېگەنلەرنى كۆزگە ئىلىپ قويمايدۇ.

ئاندىن بەگ ئەتراپىغا ئىزتىراپ بىلەن قاراشقا باشلىدى.

ئەتراپىدىكى ھاۋا جان قەپىسىنى قامالالاپ، نەپەسى سىقىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىنى غەزەپ بىلەن چىڭ سىقىمدىۋالغان ئىدى. يەنە قايتا سورىدى:

– قوشۇلامىلا - قوشۇلمامىلا؟

– ئۆلسەممۇ قوشۇلمايمەن، – دەپ جاۋاب بەردى قىزى.

– نېمىشقا؟

– چۈنكى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى خىتتاينىڭ بۇيرۇقىدىن ئۈستۈن!

بەگ بويىغا يېتىپ قالغان قىزىنى قايىللىق بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى. قىزىنىڭ مەست قىلغۇچى گۈزەل كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، گۈل بەرگىدەك يۇمران ۋە غۇبارسىز يۈزىنى سىلىدى. قىز ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ:

– ئەقلىم يەتمەيدۇ، دادا! بىر كىچىك قىزنىڭ بۇنداق بىر ئىشقا زورلىنىشىغا... دار مەيدانىغا مېڭىش بۇنىڭدىن مىڭ مەرتە ئاسانراق، – دېدى.

بەگ قىزىنىڭ نەمدەلگەن كىرپىك ۋە مەڭزىلىرىنى سۈرتتى، ساپسېرىق ۋە يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدى. ئاندىن يەرگە قاتتىق بىرنى تەپتى ۋە:

– ھەرگىز يول قويمايمەن! – دەپ ۋارقىرىدى.

ئاغىچا ئايىم تىترەك ئاۋازدا:

– بۇ ئىشنى ئاقلانىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدۇ، – دېدى.

– بىلمەن، ئۇ ئەبلەخ يېڭىلگىننگە تەن بەرمەيدۇ.

– شـۇنداق، تېخىمـۇ قاتتىق قوللۇق قىلىشـقا باشـلايدۇ. خىتتاي ئوفىتسـېرلارنى ئۆزلە بىلىدىلا.

– هامـان ئايلىنىـپ كېلىـپ يەنـە مـاڭا تاقىلـدۇ شـۇ، ناهايىتـى كەتسـە جېنىـم كېتەر! هامىنى بىـر ئۆلۈم، مەن بەرىبىر ياشـايدىغاننى ياشـاپ بولدۇم.

ئاغىچا ئايىم تەستىقلىغاندەك، ھەسرەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

تۈركىستانلىق بەگ يۇقىرى ئاۋازدا:

– مۇستافا مۇراد! – دەپ چاقىردى.

– لـەۋەي بېگـىم، – دەرھـال ئىچكىرىگـە كىرىپ، يەرگـە قاراپ تۇردۇم.



– مۇستافا، دۈۋەت - قەلەم تەييارلا! – دەپ بۇيرۇدى.

بەجا كەلتۈرۈشـۈم بىلەنلا بېگىمىز ئولتۇرۇپ خىتتاي ئوفىتسـېرغا خەت يېزىشـقا تۇتـۇش قىلدى. مەكتۇپقا مۇنـۇلار يېزىلغان ئىدى:

*«ئـەي زەپـەر قۇچقـان قومانـدان! جانابىڭىزنـىڭ ئارزۇسـى تامامـەن پېقىرنىـڭ چىشـى پاتمايدىغـان بىـر ئىشـتۇر، چۈنكـى دىنىمىز بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىممۇ هازىرچە تـوي قىلىشـنى خاهلىمايدىكـەن. جانابىڭىزنـى ئەقىدەمگـە بولغـان سـاداقىتىمنى توغـرا چۈشـىنىدۇ، دەپ ئويلايمـەن ۋە ئىشـىنىمەنكى، ئېسـىلزادە بىـر خىتـاي قوشنىسـىنىڭ دىنىـي*

ئېتىقادىغا سەل قارايدىغان، ئۆرپ - ئادىتىنى ئىنكار قىلىپ، قائىدە - يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشنى قىلماس. شۇنداقلا بۇ ۋەقە خىتتاي كاتتىلارنىڭ ۋە غالىب ئارمىيەسىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەتمەس. بۇنداق ئەرزىمەس بىر ئىش پۈتۈن شەھەرلەرنى ماددىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان سىزلەرگە زىيان يەتكۈزەلەرمىدى؟! قورقۇنچۇم شۇكى، بۇ قارارىڭىزدا چىڭ تۇرۇش تۈركىستان ۋە خىتتاي خەلقلىرى ئارىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتنى بۇزغۇسى ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولۇپ قالمىغاي. مۇبادا تۈركىستانلىق قىزلارنى خىتتايلار بىلەن توي قىلىشقا زورلايدىغان بۇ قانۇننى ئوبدان كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، ئېغىر خاتالىق ۋە خەۋپكە يول قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئەسلا سىزگە تەھدىت سېلىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. مەقسىتىم ئېنىق، «دوستلۇق»نىڭ ئورنىتىلىشى ۋە پۈتۈن يۇرت تەۋەسىدە ئاسايىشلىق بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن مۇھىم ۋە كېرەكلىكتۇر. ئىرادە ۋە قارارلىرىڭىزنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇندىلا، خەتەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

سالام ۋە ياخشى نىيەتىم بىلەن،

قۇمۇل بەگلىرىدىن ××× 1930 - يىل، دېكابىر»

خەۋەرلەر پاخالغا تۇتاشقان ئۇچقۇندەك تېز سۈرئەتتە قەسىرنىڭ قېلىن تاملىرىدىن ھالقىپ، شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا يېيىلدى. ئاياللار ئۆيلىرىدە مۇشۇ ھەقتە پىچىرلىشاتتى. ئەرلەر غەمگە پاتقان ھالدا كېلىپ چىققۇسى ئاپانچىلىق ئاقىۋەتنى كۈتۈۋاتاتتى.

زېمىن مۇستەملىكىسى قۇتۇلۇش پۇرسىتى كەلگۈچىلا داۋام- لىشىدىغان، ۋاقىتلىق بىر ئىش ئىدى. لېكىن، بۇ زېمىن ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا بۇ دەرىجىدە ئارىلىشىش، ئار - نومۇس، ئىززەت - شەرەپلىرىگە قول سوزۇش بولسا خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىش ئىدى.

خىتتاي قوماندان بەگنىڭ خېتىنى قولۇمدىن ئېلىپ ئوقۇپلا، چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. مەكتۇپنى غەزەپ بىلەن پۇرلاپ يەرگە ئېتىپ، ئۈستىگە تۈكۈرۈۋەتتى ۋە ماڭا قاراپ:

– بېگىڭگە يەتكۈز، كىچىك بالا تېپىپ ئەخمەق ئەتسۇن! بۇ قانۇنلار ئۇلۇغ خىتتاي ئاتمىز سۇن جۇڭشەننىڭ قانۇنلىرى. يەر يۈزىدە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق، – دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ كېچىسى بېگىمىز زىندانغا تاشلاندى. شەھەر تېخى تۇنۇگۈنلا ئۇرۇشتا شەھىد بولغانلارغا يىغلىغىنىدەك، بۇ ۋەقەگىمۇ يىغلىدى. كۆپ قىسىم ئاۋام خەلق بۇ ۋەقەدىن كېيىن چۈشەندىكى، خىتتايلارنىڭ ھۇجۇم ۋە مۇستەملىكىسى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا زېمىن ئىستىلاسى بولماستىن، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ خەتەرلىك غەرەزلىرى بار ئىدى.

ئوخشاش ئىشلار ئوخشىمىغان شەكىللەردە كوممۇنىست رۇسلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشغالى ئاستىدا قالغان غەربىي تۈركىستاندىمۇ يۈز بېرىۋاتاتتى.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن تۈركىستانلىق ياش قىزلار خىتتاي ئەسكەرلەرنىڭ ۋە بۇ يەرگە يەرلىشىش ئۈچۈن كەلگەن خىتتاي ئاققۇنلارنىڭ قولىغا ئولجا بولۇپ چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەمرىكىغا ئالدىغان مۇسۇلمان ئەرلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ ئەسنادا مېنىڭمۇ بېشىمدىن بىر ئىش ئۆتتى. بىر يىلنىڭياقى، قەسىردە خىزمەتچىلىك قىلىدىغان بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. لېكىن، ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، توي تەكلىپىمنى رەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. كۆزى يۇقىرى مەنسەپتىكىلەردە ئىدى. مەن بولسام ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەس قەسىردىكى ئاددىي بىر قوغدىغۇچى ئىدىم.

34

بەگ زىندانبەند قىلىنغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلگەن هالدا يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

– مانا مەن كەلدىم، مېنى ئەمرىڭگە ئال! سەندىن ئۆتۈنەي.

بەگنىڭ هالى مېنى قايغۇ - ئەلەمگە پاتقۇزغان بولۇپ، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەردىن سوۋۇپلا كەتكەن ئىدىم. شۇڭا، يۈزىگە زەردە بىلەن قاراپ ۋارقىرىدىم:

– كۆزۈمدىن نېرى تۇر، چولپان!

– بەلكىم دىلىڭنى رەنجىتكەندىمەن، لېكىن سېنى ياخشى كۆرىمەن.

پۈتۈن خىيالىم زىنداندىكى بەگدە ئىدى. يۇرت چوڭلىرىمىزنىڭ

پۇت - قوللىرى زەنجىر - كىشەنلەر بىلەن باغلىنىپ قۇللاردەك سۆرىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئېغىر كېلىۋاتاتتى. بۇ مەن ئۆمۈر بويى ئۇنتالمايدىغان بىر كۆرۈنۈش بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ بىگىمىز خىتتاي گۇندىپايلارنىڭ ئارىسىدا بېشى تىك، مەغرۇر تۇراتتى. سۈكۈتىدە ئىسيان، تەسلىمىيىتىدە شۇئۇرغان ۋە كەسكىن بېقىشلىرىدا قانلىق نىدا بار ئىدى.

كونا مەھبۇبەم:

– نېمىشقا خالىمايسەن، مۇستافا مۇراد. نېمىنى كۈتۈۋاتىسەن؟ خىتتايدىن بىرسى كېلىپ مېنى ئولجا ئېلىپ ئاياغ ئاستى قىلسا، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە پۇشايمان قىلىسەن.

خارلانغان غۇرۇرۇمنىڭ ئۆچىنى ئېلىۋاتقاندەك:

– مەجبۇرلانغان تويغا مەن قارشى، – دېدىم.

– ھەي ساراڭ! ھەم ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان، ھەم مېنى قۇتقۇزىدىغان، ھەمدە ئار - نومۇسىمىز، دىنىمىز قوغدىلىدىغان ئىش تۇرسا نېمە دەپ ئۇنىمايسەن؟

ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇۋاتاتتى.

– يىغلىما! – دەپ ۋارقىرىدىم، – ئىشەنسەڭ، ھېچكىمنىڭ چىرايىغا قارىغۇم كەلمەيدۇ. نەگىلا قارىسام قان - ياش، بۇنداق ھاياتقا قانداق چىدىغۇلۇق؟! بىلىۋال، بىگىمىز زىنداندىن چىقمىغۇچە ئۆيلەنمەيمەن.

ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ، پىچىرلىدى:

– ھەي ئەخمەق! بەگنىڭ دەۋرى ئاياغلاشتى. كېلەچەكنى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ئېرىپ كېتىپ بارغان سەلتەنەتكە باغلاپ قويما.

بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئىنتىرىۋەتتىم ۋە:

– مانا بۇ خىيانەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر، چولپان، – دېدىم.

– خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ، مۇستافا! مەن بېگىمىزنى ۋە ئائىلىسىنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. لېكىن، «ساقلايمىز» دەپ پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويساق بولمايدۇ. بۇنى بېگىمىزمۇ خاھلىمىغان بولاتتى.

ئۇنىڭ تەكلىپىگە قىزىقمىغان ھالدا ئۇ يەردىن كەتتىم. سارايىنى قايغۇ بۇلۇتلىرى قاپلىۋالغان ئىدى. ئاغىچا ئايىم ئېلىشىپ قالغاندەك ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپلا يۈرەتتى، ئاش - تائامدىنمۇ قالغان ئىدى. باللىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قايغۇ - ھەسرەتكە پاتقان ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. بەگ قىزى بولسا قەسىرنىڭ قېلىن گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ياسىداق ئايۋىنىدا تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە «تويغا ماقۇل، دەپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟» دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى، لېكىن ئۆزى بۇ خىيالىنى قايتا - قايتا ئويلاۋېرىپ، تېخىمۇ بىيىتىپ، پىلانلاپ توختىمايتتى. ئاغىچا ئايىم پاراسەتلىك ئايال ئىدى، ئۇ ئاخىرى قىزىنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ:

– ئىشلار سەن ئويلىغاندىن جىق مۇرەككەپ بوتام... – دېدى.

ئەتىسى، قۇمۇل شەھرى ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان كۆرۈنۈش-لەرگە، ئەلەم ۋە غەزەپكە تولۇپ تېشىشقا باشلىدى. تۈركىستانلىق

قىزلار خىنتاي ئەسكەر ۋە ئاققۇنلار بىلەن توي قىلىشلىرى ئۈچۈن يوللاردا سۆرۈلۈپ ئېلىپ مېڭىلىۋاتاتتى. قارشى چىققان دادىلار ھوشىدىن كەتكۈچە قامچىلىناتتى ياكى مىلتىقنىڭ پاينەكلىرى بىلەن باشلىرى يېرىپ تاشلىناتتى. ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىنى تاشلاپ شەھەر سىرتىغا قېچىشقا باشلىدى، قاراڭغۇ چۈشكۈچە تاغلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىشنى ياكى ئاسمىنى كەڭرى چۆللەرگە تارقىلىپ بولسىمۇ پاناھلىنىشنى ئويلىشاتتى.

كۆنلەر ھەسرەت ئىچىدە ئۆتىۋاتاتتى. شەھىرىمىزدە خوجا نىياز ھاجى ئاتلىق بىر مەشھۇر زات بار ئىدى. ئۆزى ھەممىگە تونۇلغان پىكىر ئەربابى ۋە قەھرىمان ئىدى. دەۋاسىغا بولغان سادىقلىقىمۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق ئىدى. نېمە قىلارنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان نۇرغۇن قومۇللۇقلار ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا باشلىدى. يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، مەسلىھەت ئالماقچى بولۇشاتتى. زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلارغا خوجا نىياز ھاجى مۇنداق دېدى:

– مۇۋەپپەقىيەتكە يېتىشنىڭ يولىنى بىلىسىلەر. سەۋر، چىدام، قارشىلىق ۋە ئاداققىچە جىھاد قىلىش. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە ئامانەت قىلغىنىدىنمۇ يېقى، گۈزەل ۋە توغرىراق بىر يول يوقتۇر. تۆمۈرگە پەقەت تۆمۈر بىلەنلا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. بىلىمەن ۋە ئىشىنىمەنكى، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچى بۇ كاپىر مىللەتنىڭ يەپ - ئىچىپ، نەپەس ئېلىپ يۈرگەن بىلەن ئۆلۈكلەردىن پەرقى يوق. دۈشمەنىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىلا كۆرمەي، ئۆزىمىزنىڭمۇ ھۆرۈن، بىپەرۋالىقى

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە تەسلىمىيەتچىلىكنى تاشلاپ، شانلىق جىھاد مىراسىمىزنى قولغا ئالايلى. ھامان بىر كۈنى ھەرجاندارغا ئوخشاش ئۆلىمىزغۇ؟! ئەمسە نېمە ئۈچۈن زەپەر ۋە شاھادەت يولىنى تاللىمايمىز؟! نېمىشقا خىتتاي قامچىلىرىنىڭ تاراسلاشلىرىغا قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرىمىز؟! ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟!

زۇلۇمنىڭ دەھشىتى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. تۆرت ئەتراپتىن نالە - پەريادلار ئۈزۈلمەيتتى. قامچىلار يالىڭاچ بەدەنلەرنى قانغا بوياشتىن ھېچ توختىمايتتى. قىزلار خىتتايلار ئېلان قىلغان «قانۇن» بويىچە، خىتتاي ھەربىي گازارمىلىرىغا يىرگىنچلىك يوسۇندا سۆرىلىپ مېڭىلىۋاتاتتى. مۇسۇلمان ئەركەكلەر قولىدىن بىرەر ئىش كەلمىگەنلىكىنىڭ تەڭلىكى، خىجالىتى ۋە ئاچچىقىدا پۇچۇلىناتتى. خىتتايلار بولسا ئويۇن - تاماشا ۋە كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئالدىراش. ئاياللارنىڭ بەدىنىنى خۇددى چاھارپاي سېتىۋېلىۋاتقاندەك، ھايۋانلارچە تۇتۇپ - سىلاپ پوخۇرلۇق قىلىشاتتى. قۇمۇل قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، خەلقنىڭ ئۆچمەنلىكى ئىچىگە سىغمايۋاتاتتى. شەھەرنىڭ كاتتا بەگلىرىدىن بىرى زىندانda يالغۇز ئەلەم چېكىۋاتاتتى. مەن مۇستافا مۇراد، ئاللاھنىڭ ئاجىز بىر قۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قولۇمدىن نېمە ئىش كېلەر دەپ ئويغا پاتقان ئىدىم. يۇرتىمىزنىڭ ئاقساقىلى خوجا نىياز ھاجى ماڭا:

— مۇستافا! تۈرمىگە بار ۋە بەگكە زىنداندىن چىقىشنىڭ بىر يولىنى قىلىشنى ئېيتقىن، — دېدى.

❀❀❀❀❀

## 2

ھەقىقەت ئەسلىدە تالاش - تارتىشسىز دەرىجىدە روشەن ۋە كەسكىندۇر. لېكىن، نەپسانىي ئىستەكلەرگە غەرق بولۇپ كېتىش ئىنسانلارغا ھەقنى باتىل، باتىلنى بولسا ھەق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

قەسىر پالۋانلىرىدىن بىرى بولۇشۇمغا قارىماي، قەلبىم ناھايىتى نازۇك، ھېسسىياتچان بىرى ئىدىم. كىچىككىنە يامانلىقمۇ كۆڭلۈمنى ئاغرىتىپ، غەزەپ ئوتلىرىنى چاچرىتالايتتى. مەسخىرە قىلىنىپ قالدىممۇ، بولدى، ئۇ غەزەپ ئوتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لاۋۇلداپ ياندۇرۇۋېتەتتى. مۆرىتى كەلسە تۇنۇگۈن تېخى مېنى سۆيدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا ماڭا مەسخىرىلىك باقىدىغان ئۇ گۈزەل قىزمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. يۈز بەرگەن پاجىئەلەر ئۇنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئەجەبا كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتەلىگەن نەرسە ھېس - تۇيغۇلىرىنىمۇ ئۆزگەرتەلەمدۇ؟!

راستىنى ئېيتسام، بىلمەيتتىم... دۇنيا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئىدى، قۇمۇلدا ھېچ ئىش ئۆز يولىدا يۈرمەيتتى. خىتتايلار قىزىلىرىمىز بىلەن توي قىلىشنى تامامەن يوللۇق ۋە قانۇنلۇق دەپ قارىشاتتى. دەللىلىرى شۇقەدەر بىمەنە ئىدىكى، پۈتۈن ئىنسانلار قېرىنداش ئىمىش، دىن دېگەن ئۇلارچە ئىلاھلارنىڭ ئىشى ئىمىش. ئۇلار ئاتالمىش ئىنسانىي قېرىنداشلىق ئورنىتىۋاتاتتى. ئۇلار بىزنى مەغلۇپ قىلدى ئەمەسمۇ، قىزلىرىمىزنى مال - پادىلارنى ئالغاندەك سۆرەپ - توقاي قىلىپ ئالماي، قانۇنلىرىنىڭ سايىسىدە ئېلىشى ئۇلارچە

بىزگە قىلىنغان ئىلتىپات ئىمىش. ھالبۇكى، بىز تۈركىستانلىقلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرى تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇم ئىدى. ئەگەر خىتتايلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى داۋاملىق كۆزگە ئىلماۋەرسە، بىزنى ئاداققىچە ئېلىشىپ جان بېرىش كۈتۈپ تۇراتتى. مىڭ ئەپسۇس، جەڭ ئاخىرى بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز بىلەن ئاياغلاشتى...

خىتتاي قوماندان بەگنى قاتتىق زىندانبەندكە ئېلىۋالغان بولسىمۇ، بەزى ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە يول قوياتتى. سەۋەبى، كەلگەنلەرنىڭ ئامال قىلىپ بەگنى تويغا كۆندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بەگ بولسا زىنداندىكى كۈنلىرىنى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. پەلەكنىڭ كاجلىقى تۈتۈپ قەسىردىن قەپەسكە چۈشۈپ قېلىشى، بۇيرۇق قىلغۇچىدىن بۇيرۇق ئالغۇچىغا ئايلىنىپ قېلىشى بەگكە ئەلەم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇقلارنى كىمدىن ئالاتتى؟ ئاللاھنى ۋە رەسۇلىنى تونۇمايدىغان بىر قارا كاپىردىن. ئەگەر مەندىن مەغلۇپ بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ ھالى ھەققىدە سورىسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاسانلىقچە ياش چىقمايدۇ، بەلكى دەردنى قەلبلىرىگە كۆمۈۋېتىدۇ. بۇ دەرد - قايغۇ قەلبىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئوت ئېلىپ يېنىپ، لاۋۇلداپ، ياللۇنلاشقا باشلايدۇ.

بەگنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا، كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ كەتكەن ئىدى.

– نېمە گەپلەر، مۇستافا؟

– ئۆزلە بولمىسىلا بىر ھېچنېمە ئىكەنمىز، بېگىم.

– ئۇنداق دېمە، مۇستافا! سىلەر دېگەن ئەزىمەتلەر، بۇمۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى.

– شۇ ئەزىمەتلەر ئۆزلەنى ئارىلىرىدا كۆرۈشنى خالايدىكەن، غوجام.

– قانداق؟ – ماڭا ھەيرانلىق ۋە تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قالدى.

– ماڭا خوجا نىياز ھاجى شۇنداق دېدى، – دېدىم.

– نېمە دېدى؟

– «بەگ زىنداندىن چىقىشى كېرەك» دېدى.



قۇمۇل يامۇلى (1910)

بەگ ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويدى. ھاسسىنى قاماللاپ، قانىتى بوغۇشلانغان لاچىن مىسالى كۆزلىرىنى بوشلۇققا تىكىپ قاراپ قالدى. مۇشتىنى بىر ئېگىز كۆتۈرۈۋېتىپ، ئەلەم بىلەن:

– قولۇمدا زىنداننىڭ ئاچقۇچى يوق - دە! – دېدى.

– تاملىرى كېسەكتىن، بېگىم.

ساغىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى
www.uyghurkitap.com

بەگ يەنە ئاچچىق كۈلۈپ كەتتى:

– يالغۇز جېنىمغا قانداق ئۆرەي بۇ تاملارنى؟

– خوجا نىياز ھاجى ئۆزلەگە زىندانىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ ياكى تاملىرىنى ئۆرۈيدىغان كۈچ - قۇۋۋەتلىرى بولمىسا، قاناتلىرىدا كۆتۈرۈپ سىرتقا ئەپچىقىدىغان ئەقىللىرى بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان ئىدى، – دېدىم.

بەگ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ماڭا قاراپ:

– بولىدۇ، سەن بېرىپ خوجا نىياز ھاجىغا «بەگ ئەتە كېلىدىغان بولدى» دەپ يەتكۈزگىن، – دېدى.

بەگ راستچىل ئادەم ئىدى، ھېچقاچان مېنى ئالداپ قويمايتتى. شۇڭا، ئالدىراپ - تېنەپ سىرتقا چاپتىم ۋە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن خوجا نىياز ھاجىنى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتىم. بىرھازادىن كېيىن ئۇنى شەھەر سىرتىدىن تاپتىم. يېنىدىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ناماز ئوقۇپ، بەزىلىرى قىرائەت قىلىپ يەنە بەزىلىرى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ يەتكۈزگەن خۇش خەۋىرىمدىن كۆپچىلىك جانلىنىپ كېتىشتى. خوجا نىياز ھاجىنىڭ قاراشلىرى كەسكىنلەشتى، ئەمما ئەندىشىگە تولغان ئىدى. قوللىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، پەس ئاۋازدا: 42

– بىزنى مەغپىرەت قىلغىن ئاللاھىم، بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغىن، – دېدى.

ئاندىن جامائەتكە بۇرۇلۇپ ھايات تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

– بۇنداق خەتەرلىك ۋە چوڭ ۋەقەلەردە تەرتىپسىزلىك بىلەن ئىشنى

هـەل قىلغىلـى بولمايدۇ. قولمۇقـول، مۇرنى مۇرىگە تىرەپ تىرىشـىش ۋە راۋۇرۇس پىلان بىلەنلا ھەل قىلىنىدۇ. سـۈلھ - سـالا بىلەن قەتئىي ئىشىمىز بولماسـلىقى لازىم. چۈنكى، غالىبلار ھېچقاچان مەغلۇپلارغا مەردلىـك قىلغـان ئەمـەس، بارچـە پـەس ۋە ئەرزىمـەس ئىشـلارنى يېڭىلگەنلەرنىـڭ پاتىڭىغـا ئارتىـدۇ... مەسـۇم خەلقىمىز – تۈركىسـتان خەلقـى ئىككـى دوزاخنىـڭ ئوتتۇرىدا قىسـىلىپ قالـدى: ئۇياقتـا قىزىل رۇسـىيە، بۇياقتـا نىجىس خىتتاي. تۆرت ئەتراپىمىـز زەھەرلىك نەيزە - شەمشـەر... مىلتىـق - زەمبىرەك... ئوت يالقۇنلىرى... پىتنە - پاسـات بىلـەن قورشـالغان. بۇنـى قىلىۋاتقانلارغا بۇيـرۇق يىراقلاردىـن كېلىدۇ. مەن دۇنيادىكى خرىسـتىئان مىسسـىيونېرلارنى ئوبـدان بىلىمەن. ئۇلار بىز ئاجىزلاشـقان ھامان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈستىمىزگە تاشلاندى. مىللىـي پاجىئەلەرنـى كەلتـۈرۈپ چىقـاردى. ئـۇلار بىزنى ئىسـلامدىن چىقىرىـش ئۈچۈن ۋاسـتە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. چۈشـەندىڭلارمۇ؟

شـۇڭا، ئۇلار ئەسكەر ۋە سـاقچىلارغا قىزىلىرىمىزنى ئۆزلىرى بىلەن توي قىلىشـقا زورلاش بۇيرۇقى بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نىيىتى ئاياللارغىلا ئىگـە بولـۇش ئەمـەس، بىزنـى تامامـەن يـوق قىلىش!... بـار كۈچى بىلـەن ئارىمىزغـا يـاۋا كۆزقاراشـلارنى تېرىـش. ئـۇلار بىزنىـڭ ئېتىقاد، ئـۆرپ - ئـادەت ۋە ئەنئەنىلىرىمىزنـى دەپسـەندە قىلماقچـى. بىردىنبىر چىقىـش يولىمىـز قولىمىزدىكـى «قۇرئـان كەرىم»گـە، ھېچقاچـان ئاداشـمايدىغان يېگانـە يـول كۆرسـەتكۈچىمىزگە ئەگىشـىش، ئۇنىـڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش ۋە ئۆزئارا مەھكەم يېپىشىشتۇر... چۈشىنىشلىكمۇ؟ مانـا بۇلار بىزنىڭ ئەسـىرلەردىن بېرى مۇسـتەقىللىق ۋە ھۆرلۈكىمىزنى ساقلىيالىشـىمىزدىكى بىردىنبىر سەۋەبتۇر.

❁ ❁ ❁ ❁ ❁

ساپىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىندانبەنىد قىلىنغان بەگ ئاقىۋەتنىڭ ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىز «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنى ئاغزىمىزدىن بەك ئاسانلا چىقىرىمىز ياكى قەلىمىمىزدە ئازراقمۇ قورقۇنچ، تېنىمىزدە شۈركۈنۈش ھېس قىلمايلا يازىمىز. بەگ ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدى. ھالبۇكى، ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. كىشى ئۆلگەن چاغدا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان شېرىن خىياللىرىنى تاشلاپ كېتىدۇ. بەزىلەر تېخى سولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن، ھاياتى كۆچكە تولغان ياشلىق باھارى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئىنسان ئۆلۈۋاتقان چاغدا، غۇبارسىز بالىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەڭ گۈزەل قەسىدىلەرنى ئوقۇيدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە قارايدۇ... ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەمدى ھېس - تۇيغۇدىن ئەسەر بولمىغان بىر قاراڭغۇ گۆرگە كېتىپ قالىدىغانلىقى ۋە ئۇ يەردە مىڭلارچە يىللاپ بىچارىلەرچە يېتىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئەتراپتا دۇنيانى لەرزىگە سالىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەرسىمۇ ئۆلۈك ئۇنىڭغا قاتنىشالمايدۇ. باللار شوخ كۈلۈشىدۇ، مەھبۇبىلەر تەبەسسۇم قىلىشىدۇ، باغچىلار غازاڭغا تولىدۇ، تاغۇتلار يۇرت - ۋەتەنلەرگە بېسىپ كىرىشىپ ئىشغال قىلىدۇ، تالان - تاراج قىلىدۇ ۋە مۇسۇلمان قىزلارنى توي قىلىشقا زورلاپ سۆرەپ ماڭىدۇ. لېكىن ئۇ... ئۇ بەگ... يەتتە كەتمەن تۇپىنىڭ ئاستىدا چىرىغان كۆتەككە ئوخشاش ياتقان بولىدۇ. ئۆلۈم دەھشەتلىك ئەمەسمىكەن؟



بەگ خىتتاي ئوفىتسېرغا جىددىي مەكتۇپ يازدى. خېتىدە، ئۇنى رەنجىتكەنلىكى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى، مەسىلە ھەققىدە قانداق قىلسا ياخشى ۋە پايدىلىق نەتىجە چىقىدىغان يوسۇندا قايتا ئويلىنىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى

ئوتتۇرىغا قويدى.

خىتتاي ئوفتسېر كۈلۈمسىرەپ كۆزلىرىنى يۇمدى. بەگنىڭ گۈزەل قىزىنى، توي كېچىسىنى ۋە ئۆزىنى مەست قىلىدىغان خۇشاللىقنى خىيال قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى قۇدرەتلىكتەك، ھېچكىم ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ دائىم ھەرقانداق كۈچلۈك غالىبنى يۇمشىتىدىغان تۇيغۇ بولۇپ، بۇ دەقىقىلەردە ئۇ غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسىمۇ ئىنسانىيەتكە ئىچ ئاغرىتىش ۋە شەپقەت نەزىرى بىلەن قاراپ قالىدۇ. بۇ شەپقەت قۇدرەت، ئۈستۈنلۈك ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ ئەكسى بولغان شەپقەتتۇر. ئاندىن ئوفتسېر:

– بەگنى ھۇزۇرۇمغا ئەكىلىڭلار! قىنى ئاڭلاپ باقايلى نېمە دېمەكچىكەن، – دېدى.

بەگ كېلىۋېتىپ ئويغا پاتقان ئىدى:

*«سۆيۈنگىن ئەي بەگ، قايغۇرما! پۇت - قوللىرىڭدىكى زەنجىر - كىشەنلەر ياكى ئەتراپىڭنى قورشاپ تۇرغان ئۆزى پەس، ئەمما خورىكى ئۈستۈن خىتتايلار ساڭا ھېچقانداق خەۋپ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شادلان، ئى بەگ! كۆزلىرىڭنى يۇمۇۋال، يۇمۇۋالساڭ سېنى چۆكۈرۈپ ئەخمەقلەرنى ئۇلۇغلايدىغان چاكىنىلىقلارنى ۋە كىبىرلىك قاراشلارنى كۆرمەيسەن! ھەرقەدىمىڭنى دىققەت بىلەن ئال. قۇلاقلىرىڭنى يوپۇرۇۋال، يوپۇرۇۋالساڭ پەسكەشلەرنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ئاڭلىمايسەن...»*

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

– خەيرلىك سەھەر، ئوفتسېر.

– مەرھابا، بەگ جانابلىرى.

بـەگ ناھايىتـى تەمكىـن ھالـدا ئولتۇراتتـى. خىتتـاي ئوفتسـېر زالدىكـى ئادەملىرىنى چىقىپ كېتىشـكە بۇيرۇدى. ئىككىسـى خالىي قالغـان چاغدا بـەگ بوش ئـاۋازدا:

– بۇنـداق بىـر ئىشـنى زورلـۇق بىلەن ھــەل قىلغىلـى بولمايدۇ، – دېدى.

خىتتاي ئوفتسېر:

– مېنـى سـىز شـۇنداق قىلىشـقا مەجبۇرلىدىڭـىز، قىزىڭىز بىلەن ئۆيلىنىشـىمگە ئۇنىمىدىڭىز ئەمەسـمۇ.



– ئوفىتسـېر «دوسـتۇم»، بۇ ئىشـنى چىرايلىقچە ھەل قىلىشنىڭ يولى بار.

– قانداق يول؟

– مېنىڭ بىر ئويۇم بار.

– خوش!

بـەگ ئـۆز پىكرىنـى ئوتتۇرىغـا قويـدى. بـۇ پىكـىر بەگنىـڭ قويۇپ بېرىلىشىنى چۆرىدەيتتى. شـۇنداق بولغاندا، بەگ شەرىئەت ئۆلىمالىرىنى يىغىـپ، بـۇ ھەقتـە مۇزاكىرىلىشـىش ۋە قەدىمىـي كىتابلاردىـن دەلىـل ئاختـۇرۇش ئارقىلىـق بۇنـداق نىكاھنىـڭ مۇبـاھ قىلىدىغـان پەتۋانـى ئىزدىيەلەيتتـى. ئەگـەر ئـۇ ئۆلىمالارنىـڭ ئىمزاسـى قويۇلـۇپ، مۆھـۈر بېسـىلغان مۇشـۇنداق بىـر پەتـۋا چىقارغۇزالىسـا، مەسـىلە ھـەل

بولاتتى. تىنچلىق ئورناپ، ھەممەيلەن بەخت - سائادەتكە چۆمەتتى.

خىتتاي ئوفىتسېر مىيىقدا كۈلۈپ، قولىدىكى قەدەھنى ئوينىتىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

– قارىسام، بىز بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتىمىز، ئارىمىزدىكى ھالقىكىچىكلەۋاتىدۇ. ئىشەنسىڭىز، سىزنىڭ بەگلىك مەرتىۋىڭىزنى ساقلاپ قالالايمەن. بۇنىڭغا كۆچۈم يېتىدۇ، گېپىم ئۆتىدۇ.

ئاندىن خىتتاي ئوفىتسېر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بەگ سەل تېنى شۈركۈنگەن ھالدا:

– قارىغاندا بەك خۇش بولغاندەك قىلىسىز، – دېدى.



– بەكلا خۇشالمەن، بېگىم! ھەرقېتىم بەگ قىزىنىڭ قۇچىقىمدا تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ماڭا ئوماق - بۇدرۇق باللارنى تۇغۇپ بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلسام، شادلىقتىن خۇدۇمنى يوقىتاي دەپ قالىمەن. ئەمدى بىز بەختلىك بىر ئائىلە بولىمىز. بۇندىن كېيىن ئارىمىزدا يەڭگۈچى ياكى يېڭىلگۈچى مەۋجۇت ئەمەس.

«بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق تونىغا ئورۇنۇۋالغان ئەخمەق نىجىسلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى يوشۇرىدىغان پەلسەپىسىدۇر خالاس. قارغىشتەككۇر، قىزىم سېنىڭ قۇچىقىڭدا - ھە، چۇشەكەپسەن! يىرگىنگىنىمدىن قۇسۇۋېتەي دەپ قالدىم. بىچارە قىزىم ئەگەر مۇشۇ ھايۋاننىڭ پەنجىلىرى ئارىسىغا چۈشۈپ قالسا، نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئاشۇ نازۇككىنە مۇشۇ مەخلۇقنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرارمۇ؟ مۇشۇ يىرتقۇچ بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپامدۇ؟ قانداقمۇ

مۇمكىن بولسۇن؟! ئىنسان دېگەن گۆش، قان، بەدەن، رەڭدىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئىنسان دېگەن تەپەككۇر قىلغۇچىدۇر، ئېتىقاد ئىگىسىدۇر! بىر كىشى ئىشىنىپ، ئۇلۇغلايدىغان نەرسىلەر مېنىڭ ئۇ كىشىنى قەدىرلەپ ياخشى كۆرۈش ياكى نەپرەتلىنىپ ئۆچ كۆرۈشۈمنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەمدۇر. چۈنكى، پىكىر گۆش ۋە سۆڭەككە سۆيگۈ، قىممەت ۋە ئۇلۇغۋار مەنالار بەخش ئېتىدۇ. پىكىر يالىڭاچ ھەيكەل مىسالى بەدەننى يۆگەيدۇ، ئاڭ لىباسى كىيدۈرىدۇ، ئۇنى كىشىگە ياقىدىغان تەبەسسۇم ۋە كۆڭۈل سۇ ئىچىدىغان سۆھبەتكە قادىر قىلىدۇ. قىسقىسى، پىكىر بەدەننى ئىنسان قىلىدۇ».

بەگ خىيال دۇنياسىدا ئۆز - ئۆزىگە شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، خىتتاي ئوفىتسېر سوراپ قالدى:

— بەگ جانابلىرى! سىزچە خىتتايلار بىلەن تۈركىستانلىقلارنىڭ پەرقى بارمۇ؟

— ئاسمان - زېمىن پەرقى بار.

ئوفىتسېر بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈگىنىچە دەرھال بۇرۇلۇپ قاراپ:

— پەرقى نېمە؟؟ — دېدى.

— خىتتايلار غالىب...

خىتتاي ئوفىتسېر قاقاھلاپ كۈلۈپ تاشلىدى:

— بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟! بىز ھەردائىم غەلىبە قىلىمىز. ئۇزۇن ۋە شانلىق تارىخىمىز زەپەرلەر بىلەن تولغان.

— ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىگە نېمە دېگۈلۈك،... — دېدى بەگ.



قەدىمىي قۇمۇل (1875)



خىتتــاي ئوفىتســېرنىڭ چىرايــى ئۆزگىرىــپ كەتتــى. ئاندىــن ئۆزىنى ئازراق ئوڭشــىۋېلىپ:

– مۇستەملىكە بىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزنى يوق قىلىۋېتەلمىدى، – دېدى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

– بىلىســىڭىز كېــرەك، ئالىمــلار بىزنى ئۇســتۇن خۇسۇســىيەتلەرگە بــاي مىللــەت دەپ قارايدۇ.

– قانداقسىگە؟

خىتتاي ئوفىتســېر بــەگ تەرەپكە بۇرۇلــۇپ ئەســتايدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشــلىدى. ئېرســىيەت ئالىملىرىنــىڭ بايقىشــىچە، ئەگــەر بىــر خىتتــاي باشــقا بىــر مىللەتتىــن، مەســىلەن ياۋروپالىــق بىــر ئايــال بىلــەن تــوي قىلســا تۇغۇلغــان بالىلىــرى خىتتايغــا خــاس

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تۇغۇلارمىش. بۇنىڭ سەۋەبى، خىتتايلارنىڭ گېنلىرىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىنمىش.

بۇنداق سەۋىيەسىز مەمەدانلىقتىن بەزگەن بەگ خىتتاي ئوفىتسېرغا:

– گېن دېگىنى نېمە ئىكەن؟ – دەپ سوئال قويدى.

– تاڭەي، بىلمەيمەن تەقسىر... ئاشۇنداق دېيىشىدىكەنغۇ.

– ۋاي خۇدايىم ... ئەمىسە قىزلىرىڭلار ۋە باللىرىڭلارنى نېمىشقا ساتقان بولغىيتڭلار؟

– ئۇ... ئۇ دېگەن ئاپەت ۋە يوقسۇزلۇق ۋاقىتلىرى ئىدى. ماڭا ئۇ قارا كۈنلەرنى ئەسلەتمەڭ...

خىتتاي ئوفىتسېرنىڭ ئەپتى بىردىن قارىداپ كەتتى. نۇرسىز تەلەتىدە ئاچچىق ئەلەمنىڭ ئىزلىرى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىردەم قېتىپ قالغاندەك تۇرغاندىن كېيىن، چەبدەس قەدەملەر بىلەن كىچىك قازناققا كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي بىر شىشە ھاراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تەلۋىلەرچە ئىچىشكە ۋە ئۆزىنى كاچاتلاپ، باش - ئاخىرى يوق، غەزەپ ئارىلاش ۋارقىراشقا باشلىدى:

– ئۇنى يىللارچە ئىزدىدىم...

– كىمنى دەيسىز؟

– سىڭلىمنى...

– ئۇرۇشتا يوقاپ كەتكەنمىدى؟

– ئۇنى ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇلاپ كېتىشتى... بەزى

بولمىغۇرلار... ئەخمەقلەر... ئانامنىڭ بىزنى تويغۇزۇش ئۈچۈن سىڭلىمنى سېتىۋەتكەنلىكىنى جۆيلۈپ يۈرۈشىدۇ، لېكىن مەن ئىشەنمەيمەن. يالغان... يالغان... ھەممىسى يالغان...

بەگ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

– قايغۇرماڭ! ئوفتىسېر. ئۆلىمالار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، سىزنى خۇش قىلىدىغان خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن. ئەمدى چىقىپ كەتسەم بولامدۇ؟ – دېدى.

خىتتاي ئوفتىسېرنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى، قەدەھنى سىقىمداپ تۇرۇپ:

– ئازاد بولدىڭىز، بەگ جانابلىرى. چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. توي كېچىسىدە تازا ئىچىمىز، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايمىز. ئاياللار بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز، قېنى قاراپ باقايلى، قايسى مىللەتنىڭ سۈپەتلىرى غالىب كېلىدىكىن. مەشرىقتە ۋە مەغرىبتە ئۇرۇش قىلدىم، دائىم يېڭىپلا كەلدىم. ئۆلۈم دېگەن ئەرزىمەس بىر نەرسە، ئۇ ھەقتە كۆپ ئويلىنىپ باقمىدىم، شۇڭا ئانچە قورقۇپ كەتمەيمەن. مىلىڭ قېتىملاپ ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ يانغاندىمەن، مانا يەنىلا غەلىبە قۇچۇپ ئالدىڭىزدا تۇرۇۋاتىمەن. قوماندان مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى. پۈتۈن خۇشاللىقىم غالىبىيىتىمنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى بىر تىيىن. سىلەر جەننەت، جەھەننەم ھەققىدە بەك كۆپ ئويلاپ كېتىدىكەنسىلەر.

– چۈنكى، بۇلار ھەقىقەت.

– قانداق دەيسىز؟

– ئالايلۇق، سىز ھازىر لىق تولغان قەدەھنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىسىز.

ساپىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

– خوش...

– سىزنىڭ بۇ قەدەھتىن ئالغان زوقىڭىز، تاپقان ھۇزۇرىڭىز نەدە؟

– زوق ۋە ھۇزۇر؟

– ھەئە، زوق ۋە ھۇزۇر نەدە؟

– بۇلار ماددىي بىر نەرسە بولمىسا... بۇ ھەقتە ماركس، ئېنگېلس ۋە لېنىنلارنىڭ كىتابلىرىدا بىرەر نەرسە ئوقۇمىدىم. زوق ۋە ھۇزۇر ھەققىدە ھېچنېمە يازماپتۇ، چۈنكى ماددا ئەمەس بۇلار.

– لېكىن، ئۇنى ھېس قىلىسىز.

– شۇنداق، بولمىسا ئىچىپ نېمە قىلاي.

– دېمەك، ئۇ مەۋجۇت.

– ئەلۋەتتە، شۈبھىسىز.

– شۇ ھۇزۇرنى تۇتۇپ باقتىڭىزمۇ؟

– سىزمۇ مەنمۇ ئۇنى تۇتالمايمىز... بۇ مۇمكىن ئەمەس.

بەگ پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا:

– زوق ۋە ھۇزۇرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئاللاھنىڭ جەننىتىدىدۇر ئوفىتسېر، بىز ئۇنىڭدىن ھاراق - شارابسىز بەھرىلىنىمىز.

❀❀❀❀❀

# 3

بـەگ تۇتقـۇن قىلىنغـان ۋاقىتتىكىدىـن پۇتۇنلـەي پەرقلىـق بىـر كەيپىيـات بىلـەن قايتىـپ كەلـدى. چىرايىـدا بەگلىكتىـن ئەسـەر كۆرۈنمەيتتـى. كىمخاپ تونلارغـا ئورانغان، قوغدىغۇچىلـرى ئەتراپىنى قورشـىغان، قەسـىر دەرۋازىلـرى ئۈنـىڭ شـەرىپىگە داغـدام ئېچىلغان، يـۇرت ئەئيانلىرى زىيارەتكە كېلىشـكە باشـلىغانىدى. خىزمەتكارلارنىڭ كىيىملىرىمـۇ بىـر - بىرىدىـن ئېسـىل، كـۆز قاماشـتۇراتتى... لېكىـن، بېگىمىـز دىلـى سـۇنۇق، پەرىشـان ھالـدا ئىـدى. بىـر چاغـدا مـەن تەرەپكـە سـەل ئېڭىشـىپ تـۇرۇپ:

– مۇسـتافا! سـەنچە بـەگ بولـۇش دېگـەن نىمـە دېگەنلىك؟ – دەپ سـورىدى.

سـوئالنىڭ تېگىگـە يېتەلمـەي، نىمـە دېيىشـىمنى بىلەلمىدىـم. تىلـىم باغلىنىپ قالغاندەك، ئاغزىمدىن بىـر ئېغىز گەپمۇ چىقمايۋاتاتتى.

– گەپ قىلساڭچۇ، ھەي ئەخمەق! – دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

كېكەچلەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردىم:

– ئىتائـەت ئۆزلىرىگـە... ئەتراپلىرىدا ... شـۇنچە كـۆپ خىزمەتكار پەرۋانـە،... – تىلىم كالۋالىشـىپ باراتتى.

بەگ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، ئاندىن:

ساغىيە
ئسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

– بەگ دېگىنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن رازى بولغان، ھۆر ئىنساندۇر.

مەن سۈكۈت بىلەن ساقلاپ تۇراتتىم، گېپىگە ئەپسۇسلانغان رەۋىشتە داۋام قىلدى:

– ئەمما، مېنىڭ ھۆرلۈكۈم قېنى؟... دۈشمەن بىزنىڭ تۇپراقلىرىمىزنى پاساتچىلىققا تولدۇرۇپ، شەرىپىمىزنى دەسسەپ چەيلەۋاتسا، مەن قانداقمۇ ئۆزۈمدىن رازى بولالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرىپىمىزنى پاتقاققا مىلەپ، بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتۇق. ھەي مۇستافا، دىنىمىز شان - شەرىپىمىزدۇر. مەن ئۆزۈمدىن قانداقمۇ رازى بولاي؟!

ئاندىن ئۇدۇلدىكى ئاران كۆز يەتكۈدەك يىراق تاغ چوققىلىرىنى ئىشارەت قىلدى:

– ئاشۇ كۆرۈنۈۋاتقان تاغ چوققىلىرىدا، قەھرىمان پادىچىلار ياشايدۇ. دۈشمەن ئۇلارنى قەھر - غەزەپكە قويالمىدى، ئاياللىرىغا قول سوزالمىدى... ئۇلار قوي - ئۆچكىلىرىنى سېغىپ ئىچىپ، يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىپ خاتىرجەم ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ياشايدۇ. ئۇلار ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. مانا شۇلار تاجى يوق شاھلار، تەختى يوق سۇلتانلاردۇر، مەنمۇ ئاشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلمەن، ئى مۇستافا!



– ئۇلار سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىزدۇر، بېگىم.

– قۇل دېگەننىڭ پۇقراسى بولمايدۇ، مۇستافا! قۇللار بويۇنتۇرۇق ۋە خورلۇقتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

بەگ قەسىرگە ناھايىتى پەرىشان ھالدا كىرىپ كەلدى. بالا - چاقىلىرى ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇندىن كېيىن ئۆلىمالار ۋە ھەرقايسى

يۈرت چوڭلىرى توپ - توپ بولۇپ ئۇنىڭ زىيارىتىگە كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇنتۇلماس تارىخىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى، ئىشتىراكچىلارنىڭ ئىچىدە خوجا نىياز ھاجىمۇ بار ئىدى. چوڭلارنىڭ باشلىرى غەم - قايغۇ، ئىزتىراپتىن ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى. بەگ:

– ئەزىمەتلەر! نەدە يىقىلغان بولساق شۇ يەردىن دەس تۇرۇشىمىز كېرەك.

– قانداق قىلىپ؟

بەگ خوجا نىياز ھاجىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

– بەگلىك، ئۇلۇغلۇق تونلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ، يىلقا - پادا باقىدىغان چوپان ھالىتىمىزگە قايتىمىز. ئاندىن ئۇرۇشنى قايتىدىن باشلايمىز. بۇ يولدا ئۆلسەك، بىز ئۈچۈن شەرەپ؛ ھايات قالساق، ئەنە شۇ چاغدا خەلققە ئۆزىمىزنى بەگ دېيەلەيمىز. مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ بەگ تۈگۈل، پاششاپ بولۇشىمۇ توغرا ئەمەس. مەغلۇپلارنىڭ ئادەم باشقۇرۇشى مەسخىرە خالاس. بىز ئۆزىمىزنى بەگ دەپ يۈرۈيمىز، بىر كاپىر خىتتاي بىزگە جورۇقچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى بىچارىلىك ۋە يارىماسلىق بولماي نېمە؟...

خوجا نىياز ھاجى قەسىرنى قاپلىۋالغان ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

– بەگ جانابلىرى، ئاقساقاللار! خىتتاي ئوفتسېرنىڭ تەلپىگە «قوشۇلۇشىمىز» لازىم! – دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى ئولتۇرغانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىۋەتتى. قاتتىق ئېتىرازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن، بەگ تەمكىن

كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

– مەن خوجا نىيازنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. قاۋان خىتتاي سۆيۈملۈك قىزىم بىلەن ئۆيلىنىدۇ، توي مۇراسىمى بۇ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى قۇتقۇزىمىز، قۇمۇلنىڭ ھېچكىمنى ساق قويمايدىغان قۇشخانىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز.

ئۆلىمالاردىن بىرى ندا قىلدى:

– ئاللاھ ئۆزۈڭ بار!...

بەگ قايتۇرۇپ:

– ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، بىزنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، – دېدى.

– بىز شەرىئەتنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتساق، ئاللاھ قانداقمۇ بىزنى خار قىلمىسۇن؟

پىچىرلاشلار، كۇسۇرلاشلار ئەۋج ئالدى. يىغىن ئەھلى پەس ئاۋازدا تالاش - تارتىشقا چۈشكەن ئىدى. بىردەم بەگنىڭ، بىردەم خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېنىغا قاترايتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى مىدىرلاپ، قوللىرىنىڭ ئىشارەت قىلغىنى، كۆزلىرىنىڭ ھەيرانلىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن گاھ قىسىلىپ، گاھ پارقىراپ كەتكىنىلا كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى خىتتاي ئوفىتسېرغا بىر مەكتۇپ ئېلىپ باردىم. مەكتۇپتا بەگنىڭ ئۆز قىزىنى خىتتايغا بېرىشكە رازى بولغانلىقى، توي مۇراسىمىنىڭ بەگ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. زىياپەتكە پۈتۈن چوڭ - كىچىك خىتتاي باشلىق ۋە قوماندانلار تەكلىپ

قىلىنغـان ئىـدى. خىتتاي ئوفىتسىـر خەۋەرنـى كۆرۈپ خۇشـاللىقىدىن خۇدىنـى يوقىتـاي دېـدى. دىنىـي توسـالغۇلار بۆسـۈلگەن ئىدى.

قۇمـۇل خەلقىنىـڭ نارازىلىقـى ۋە غەزىپـى ئەمدىلىكتـە بـەگ ۋە ئۆلىمالارغـا توغرىلانـدى. كىچىـك قوزغىلاڭچـى جامائەتلەرمـۇ شـەكىللىنىپ ئۈلگـۈردى. بـەزى جامائەتلـەر ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسـى، بەگنىڭ تەسـلىمىيىتىگە نارازىلىقىنى ئوچۇق - ئاشـكارا ئىپادە قىلىشـقا باشـلىدى. خىتتاي ئەسـكەرلىرى ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن توسـۇپ قالماقچى بولۇشـتى، لېكىن بېگىمىزنىڭ شـەرتى بويىچە مۇراسـىمنى سـاق - سـالامەت تۈگىتىۋالغۇچە يەرلىكلەردىـن ھېچكىمگە زىيان - زەخمـەت يەتمەسـلىكى كېـرەك ئىدى. ئىـش ئۆتسـە، خەلقمۇ ئامال يـوق قوبـۇل قىلاتتـى، بـاش ئېگەتتـى. ئاخـىرى توپلانغـان ئالامان ھەرخىـل ۋەدىلـەر بىلـەن تارقىتىلدى.



ئۇ كېچـە قۇمۇلنى قاپلىغان زۇلمەت ۋە بـۇ بولغۇلۇقلار غۇرۇرلۇق ئەركەكلەرگە ھار كېلىۋاتاتتى. دەل شـۇ زۇلمەتلىك كېچىدە، قەسـىردە ئاجايىـپ بىـر ۋەقـە يـۈز بـەردى. بەگنىـڭ قىـزى دادىسـىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۇنىڭغـا تەگمەيمـەن دادا! قانداقمـۇ سـىلىگە ئىتائەت قىلىش بەدىلىگـە ئاللاھقـا ئاسـىيلىق قىـلاي؟! ئالـلاھ مەندىنمـۇ ۋە سـىلىدىنمۇ ئەزىـزدۇر، — دېـدى.

— ئاللاھ ئۆزلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشلىرىنى خالايدۇ قىزىم.

— ئاللاھ پەقەت خەيرلىك ئىشلارنىلا خالايدۇ.

— خەيرلىـك ئىـش دەپ ئويلىغىنىمىزنىـڭ خەيرلىـك بولۇشـىنى كۆتىمىز.

ساپىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىز ئېسەدىگەنچە:

– سەندىن ئادا - جۇدا بولدۇم! قەسىردىنمۇ ئادا - جۇدامەن! مېنى كەتكىلى قوي! – دېدى.

بەگ قىزنىڭ ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

– چىلبۆرىلەرنىڭ ئارىسىدىن قانداق چىقىپ كېتۇرلا؟ – دېدى.

قىز ئۆزىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئاتتى، كىشىنىڭ قەلبىنى لەختە - لەختە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۆزى بىر كىچىك ھۇجرىغا بېكىنىۋالغان بولۇپ، ئانىسىنىڭ «ئىشىكنى ئاچ» دەپ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلمايتتى. ئانا ئەنسىرەپ ئىشىك يوچۇقىدىن مارىلىغان ئىدى، قىزنىڭ قولىدا خەنجەر تۇتۇپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال قىزنىڭ دادىسىغا خەۋەر قىلدى. دادا ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ ئاچتى - دە، خەنجەر قىزنىڭ كۆكسىگە پېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى توختىتىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

❀❀❀❀❀

خىتتاي ئوفىتسېر باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئورگىنىستىر، ئوت يۈركۈيدىغان سېرىكچىلەر ۋە خىتتايچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان سەنئەتچىلەردىن شەكىللەنگەن بىر توپ خىتتاي يېتىپ كەلدى.

ھالبۇكى، بىچارە قۇمۇل خەلقى شەھەرنىڭ قەلبىدىن بارغانسىرى يىراقلىشىۋاتاتتى. يالغۇز دەرەخلەرنىڭ دالدىلىرىدا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا ئاللاھقا يالۋۇرۇپ سەجدە قىلىپ، دۇئا قىلىشىۋاتتى. بەزى سوپىلار كونا مازار - غوجاملاردا، تېخى چىراقلىرى سۆندۈرۈلۈپ، ئۆچۈرۈلۈشكە ئۈلگۈرمىگەن قەدىمىي مەسجىد - خانىقالاردا ساقاللىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇۋاتاتتى.



قۇمۇل جاساق ۋاڭلىق سارىيى



بەگ قەسىرىنى بۇنداق بەخت - سائادەتلىك ھالدا كۆرۈش مېنى ھەيران قالدۇراتتى. بەگنىڭ تاغدىن كېلىدىغان بىر جامائىتى بولۇپ، ھەرقېتىم مۇھىم پائالىيەتلەردە ئۇلارنى جەزمەن تەكلىپ قىلاتتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە بەگلىك ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىبە

كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە، بەگ بىرەر ئۆكتىچىنىڭ ئەخمەقلىق قىلىپ زىياپەتنى پاجىئەگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا بۇ تاغلىق پالۋانلارنى قەسىرنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۈكسەك ئىنتىزام بىلەن كىرىپ - چىقىشنى قاتتىق تەقىپ قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن ئىدى.

خىتاي ئوفىتسېر «خىتاي ۋە تۈركىستانلىقلارنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن» دەپ ئىچىۋەردى، ھەتتا مەستلىكتىن دەلدەڭشىپ قالغۇچە ئىچتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى:

– كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان چېغىمىزدا، زامانىۋى ئىنسانلارغا ئايلىنىمىز. زامانىۋى ئىنساننىڭ ئىلاھى دەل ئۆز نەپسىدۇر. ئۇنىڭغا ئاسمان ئىلاھى ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، كۆرۈنمەس قۇۋۋەت ئۇنى قورقۇتالمايدۇ. ئانام ماڭا «پالانى ئىشنى قىلما، تەڭرى كەچۈرمەيدۇ» دېگەن چاغلىرىدا، مەن «قېنىكەن شۇ تەڭرى؟» دەيتتىم. ئانام كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا ئاسماننى ياكى باشقا بىرەر تەرەپنى، ياكى بولمىسا بىرەر بۇتنى كۆرسىتەتتى. مەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتىم ۋە كۆڭلۈم خۇش بولىدىغان ئىشنى قىلىۋېرەتتىم، ئانام ماڭا خۇددى مەن قاتتىق چوڭ گۇناھ قىلىۋاتقاندەك دەھشەت ئىچىدە قاراپ قالاتتى. ھا... ھا... ھا... سىڭلىم بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلەر چېغىدا قولىدا بىر تال كىچىك بۇتنى چىڭ سىقىمداپ، قۇچاقلىۋالغان ئىدى. ھې... ھې... ئانام ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆيىمىزدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك بۇتلارنى يىغدىم ۋە ئازراق بۇغدايغا تېگىشتىم. ھا... ھا... قەدىرلىك تۈركىستانلىق دوستلار، مەرەزدەك چاپلاشقان كونا

ئـۆرپ - ئادەتلەرنىـڭ تۇگىگەنلىكـى ئۈچـۈن ئىچەيلـى! ئۇلۇغلـۇق، ئەزىزلىكنىـڭ بىـز ئۆزىمىزگە، ئىنسـانلارغا خاس بولـۇپ ئىلاھلارنىڭ يىقىلغانلىقى ئۈچـۈن كۆتۈرەيلى!

خوجـا نىيـاز ھاجـى پۈچۈلۈنـۈپ كەتتـى، ئۆلىمالاردىـن بىرىنىـڭ دىدارىـدا قـان قالمـدى. يەنـە بىرەيلەننىـڭ تۇتقاق كېسـلى تۇتۇپ قالغـان ئىكـەن، بىـز ئۇنى دەرھـال سـىرتقا ئېلىپ چىقىـپ تۇراتتۇق، قەسـىرنىڭ تـۆرت تەرىپىدىـن ياڭرىغـان «ئاللاھۇ ئەكبەر» ساداسـى ئاڭلانـدى. تەكبىـر تۆرتىنچى قېتىم توۋلىنىشـى بىلەن تەڭ، قىلىچلار يالىڭاچلانـدى، مىلتىقلار بەتلەنـدى - دە، تەييارلىقتا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغـان تاغلىـق پالۋانـلار تۇتاشـتۇرغان جـەڭ باشـلىنىپ كەتتـى. پالۋانـلار ئۆگزىدىـن، يـەر تېگىدىـن، تاملاردىن پەيـدا بولاتتى. كۆزنى يۇمـۇپ - ئاچقۇچـە خىتتـاي ئوفىتسـېر ۋە بىللـە كەلگـەن باشـقا خىتتايلارنىـڭ تاپلىرى قەسـىرنىڭ ھەرتەرىپىدە سـۇنايلىنىپ يېتىشـقا باشـلىدى. تويغـا كەلگـەن پۈتـۈن خىتتايـلار يـەر چىشـلىتىلگەن ئىـدى. قۇمـۇل قاينـاپ كەتتى. خەلـق ئۆيلىرىدىـن چىقىـپ، بىچارە قىزلىرىنى، زىندان ۋە سـاقچىخانىلاردىكى مەھبۇسـلارنى ئازاد قىلىش ئۈچـۈن ئاتلانـدى. خىتتايلاردىن سـاق قالغانلىرى يـا قۇيرۇقنى خادا قىلىشـىپ تىكىۋېتىشـكە، يـا قاچالماي يالـۋۇرۇپ يېلىنىشـقا، ھەتتا بەزىلـىرى ئەپـۇ تىلەپ تىزلانغىنىچە سـەجدە قىلىپ ئىمان ئېيتىشـقا باشـلىغان ئىدى.

بـەگ مەيداننىڭ ئوتتۇرىـدا تۇرۇپ يۈز بېرىۋاتقان ئىشـلارغا قاراپ كۆزلـىرى ياشـلىنىۋاتاتتى. قـىزى يېنىغا كەلـدى، بـەگ قىزىنى مېھىر بىلەن قۇچاقـلاپ تۇرۇپ:

– مانا ئەمدى ئۆزۈمنى بەگ دېيەلەيدىغان بولدۇم، – دېدى.

قىز ھەسرەت بىلەن:

– ئۇلار بىزنى ھەرگىز بۇنداقلا قويۇۋەتمەيدۇ، – دېدى.

بەگ كۈلۈپ قويدى ۋە:

– ئەمدى ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بەگ بولۇپ ياشايمەن. يەنى قورالنى تاشلىمايمەن، يەنە بىر قېتىم يېڭىلىشنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئەگەر مەغلۇپ بولغۇدەك بولساق، جىھاد يولىدا ئۆلگۈچە ئېلىشىمەن. پەقەت مۇشۇ يول بىلەن بەگ ياشاپ، بەگ پېتى ئۆلۈپ، ئاللاھنىڭ ئالدىغا مۇسۇلمان ھالىتىمدە بارالايمەن، - دېدى.



❀❀❀❀❀

# 4

تۆرت ئەتراپ نۇرغا تولدى، زەپەر بايرىقى قۇمۇلنىڭ ھەرتەرىپىدە لەپىلدىدى. بايرىقنى بېگىمىز كۆتۈرگەن، خوجا نىياز ھاجى قوماندانلىق قىلغان «پىلانلىق قىساس»نىڭ خەۋىرى ناھايىتى تېزلا ئەتراپتىكى يۇرتلارغا تارقىدى. دىنىم ۋە ۋەتىنىم ئۈچۈن شىددەتلىك قىساس قايىنىمىغا ئۆزۈمنى ئاتقان بىرى بولۇشۇمغا قارىماي، قىزىق جەڭنىڭ تېخى باشلانمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. خىتتايلار ۋەھشىيلەرچە ئۆچ ئېلىپ ياپيېشىل تۇپراقلىرىمىزنى قىپقىزىل قانغا بويىمىغۇچە بولدى قىلمايتتى.

ھايات ۋە مامات ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. بۇ دۇنيادا ھېچنېمە باقىي ئەمەس تۇرسا، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېتىشتىن نېمىشقا قورقىمىز؟ شەھىدلەرنىڭ بارار جايىنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆلۈم مەيدانىغا مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتىن بىزنى نېمە توسۇپ قالىدۇ؟ ئۆلىمالىرىمىز مەسجىدلەردە بىزلەرنىڭ ئىنسانىيەت ئىچىدىن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت ئىكەنلىكىمىزنى سۆزلەيتتى. ھالبۇكى، بىزگە خىتتاينىڭ ھۆكۈمران بولۇۋالغىنىغا، غەرب تەرەپتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۇرتىنى رۇسلارنىڭ ئىشغال قىلىۋالغىنىغا قاراپ، ئۆزىمىزنى بىچارە ئۇممەتتەك ھېس قىلاتتىم. خورلۇق ئىچىدە قالغان، پۈتىمىزدىكى رەزىل كىشەنلەر قەدەملىرىمىزنى ئاستىلاتقان، ھۆرمىتىمىز ۋە ئادىمىيلىكىمىز ئىمانسىز بىر مىللەت تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، ئار - نومۇس ئىچىدىكى

بىر ئۇممەتكە ئايلانغان ئىدۇق.

– مەن كەلدىم، مۇستافا.

– نېمە دەپ كەلدىڭ، چولپان؟

– سەن مېنىڭ ھاياتىم، روھىمسەن. سېنىڭ قىلىچىڭنى ئويىنىتىپ، دۇشمەنلەرنى يەر چىشلەتكەن قەھرىمانلىقىڭنى كۆرۈپ، سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولدۇم.

– چولپان، ياخشى كۆرۈدىغانغا باشقا بىرىنى تېپىۋال.

– مېنىڭ ئىزدىگەن كىشىم دەل سەن، مۇستافا.

زۇلمەت باسقان دەھشەتلىك كېچە ئاسمىنىغا قارىدىم، مۇشۇنداق كېچىلەردە كۆپۈككە ئايلانغان ئارزۇلار ۋە ئەسلىملەرنى ئويلىدىم:



– چولپان، كېچىلەر شېرىن، لېكىن ھەقىقەتتىن يىراق خىياللار بىلەن تولغان.

– بۇ كېچە كۆڭۈل بېرىشكەنلەرنىڭ كېچىسىدۇر.

– ياق، مەن بۇ كېچىدە قانلىق ئېلىشىشلاردىن باشقا بىر نەرسە كۆرمىدىم.

ماڭا يېقىنلاشتى، تۇتۇۋالاپ كەتكەن قوللىرىمنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

– كەينىمىزگە قارىغىنە، رەڭگارەڭ خۇشپۇراقلىق گۇللەر بىلەن تولغان قەسىر گۈللۈكى تۇرۇپتۇ، – دەپ پىچىرلىدى.

– بۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۆيلىنىشنى ئويلايتتىم، چۈنكى ئارزۇ قىلىدىغان باشقا ئارمىنىم يوق ئىدى.

– هازىرچۇ، مۇستافا؟

– هازىــر ھەممەيلەن كۆڭۈل ئارزۇلىرىنــى ئەتىگە ئېلىپ قويىدىغان ۋاقىت. چۈنكــى، جىھاد بار.

– جىھــاد بولســا نېمە بوپتــۇ؟ ھەم دۈشــمەن بىلەن ئېلىشىشــقا، ھــەم باللىــق بولۇشــقا كۈچۈڭ يېتىدۇ ســېنىڭ.

– چولپان، بۇ كېچە ۋىسال زامانىمىز ئەمەس.

– قاچان ئەمىسە؟

– بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ.

مــاڭا ئەلەملىــك تىكىلىــپ قارىــدى ۋە ئاۋازىنــى كۆتــۈرۈپ غەزەپ بىلە ن:



– ســىلەر ئۆزۈڭلارنــى زادى كىم چاغلاپ قالدىــڭلار؟ ئۆزۈڭلارچە لەكمىــڭلاپ ئادىمــى بــار شــۇ خىتتاينــى يېڭەلەيمىــز، دەپ ئويــلاپ قالدىڭلارمــۇ؟ تويىمىزنــى قىلىــپ، بۇ يەردىــن كېتەيلى.

ئاچچىققىنە كۈلدۈم، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

– بىز خاتىرجەم ياشىيالايدىغان يەر نەدە؟ شەرقتىن خىتتاي بالاسى كېلىۋاتىدۇ، غەربتىن قىزىل ئۆلۈم قىستاۋاتىدۇ. بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز يوق، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، نېمە كۆرسەك مۇشۇ يۇرتتا كۆرىمىز.

– ئۆلــۈم كەلمەيلا ســېنىڭ قەلبىــڭ ئۆلۈپ بوپتــۇ، – دەپ قولىنى ســىلكىپ تارتىۋالدى.

– مەن جەڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن.

– ئــۇرۇش ھېــچ نەرســىنى توختىتىــپ قويىغىنــى يوق، مۇســتافا...

گۈللەر بىخ سۈردۇ، غۇنچىلار چېچەكلەيدۇ؛ ئېغىر ئاياغ ئانىلار يەڭگىيدۇ؛ چوپانلار تاغ باغرىدا ناخشا توۋلايدۇ؛ دېھقانلار زىرائەت تېرىيدۇ ۋە ھوسۇل يىغىدۇ... سەنچۇ، كاللاڭدا ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە بارمۇ؟! بەجايىكى، تەركىدۇنيا بولۇپ خىلۋەتتە ئۆزىگە بۇتخانا سېلىپ ئىچىگە بېكىنىۋالغان ئەخمەق راھىبلارغا ئوخشاپ قاپسەن.

سۆزلىرى تەسىرلىك ئىدى. سەممىيەت بۇلىقىنىڭ تامچىلىرىدەك، ئىللىقلىقا تولغان ھاياتتەك كىشىنى ئېرىتىۋېتەتتى. پېشانەمدىن تەر ئېقىۋاتقىنىنى ھېس قىلدىم. دېمەك، جىددىيلىشىپ چىڭغا چىققان نېرۋىلىرىم ئاستا - ئاستا بوشىشىۋاتاتتى. كۆزلىرىم ئاي نۇرىدا گۈزەللىكى تېخىمۇ نامايان بولغان ياپيېشىل تۆپىلىكلەرگە تىكىلىپ قالغان ئىدى. نەمخۇش، سالقىن ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئالدىم.

– سېنى سۆيىمەن، چولپان.

– ئەمىسە ۋىسالىمىز قاچان؟

– ئىشقىلىپ سەن ئويلىغاندىن تېز بولىدۇ.

ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ھارۋىلارنىڭ تاراقلىشى ۋە باشقا ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇيەر - بۇيەردە مىدىرلاۋاتقان كۆلەڭگىلەرنى كۆردۈم. بىلدىمكى، كېچە يېغىلىشىغا ئاز قالغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان شىددەتلىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى.

– دەرھال بۇ يەردىن كەتكىن، چولپان! – دېدىم.

پەرىشتىلەردەك يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن قەسىرنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ، تۈن پەردىسى ئىچىدە غايىپ بولدى. جىسمى كۆز ئالدىمدىن كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ گۈزەل سىماسى يېشىل

ياقۇتتەك نۇرلۇق كۆزلىرى، ئاق - سۈزۈك يۈزى، ھاياتبەخش كۈلۈمسىرەشلىرى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئىدى.

بەگ قەسىردە چوڭ بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى. ئەدىب - ئۆلىمالاردىن مەرگەن - پالۋانلارغىچە يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشقان ئىدى. شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە باشقا يۇرتلاردىنمۇ ۋەكىللەر كەلگەن ئىدى. بەگ سۆز باشلاپ:

– بىلىشىمىز كېرەككى، تۈنۈگۈنكى جەڭدىن قاچقىلى بولمايتتى. چۈنكى، قۇمۇل خەلقىلا ئەمەس، پۈتۈن تۈركىستان خەلقى ئىسلامىي قەدىر - قىممەتلىرىمىزنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايتتۇق. خىتتاي ئوفىتسېر ئۆزى چىقىرىۋالغان «قانۇن»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇنىمىدى، شۇڭا قوراللىق توقۇنۇشتىن باشقا يول قالمىدى. بەزىلەر بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى «ئەخمەقلىق» دەپ ئەيىپلەپتىمىش. ئۇلارچە بىز ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى، خەۋپ - خەتەرنى ھېسابقا ئالماي ئىش تۇتۇپتىمىزمىش. لېكىن، شۇنداق قىلمىغان بولساق، تەسلىم بولساق بولاتتى - شۇ، باشقا تاللاش بارمىدى - يا ؟

بۈرۈنمۇ تەسلىم يولىنى تاللاپ باققان ئىدۇق، مانا دەردىنى ھازىرغىچە تارتىۋاتىمىز. مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ قانچىلىك پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇڭا، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا بىزنىڭمۇ غەزەپلىنەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويماقتىن باشقا تاللىشىمىز يوق ئىدى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بۇ ۋەقەنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

– تۈركىستانلىقلاردا خىتتايلار بىلەن ئېلىشقۇدەك قۇۋۋەت يوق. سەككىز مىليون تۈركىستانلىق خەلق تۆرت يۈز مىليون نوپۇسلۇق خىتتايغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. شۇڭا، خىتتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىپ باقساق بولىدۇ. بەلكىم، زۇلۇمنى يېنىكلىتىپ قالار. دىنىمىزغا ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە قارشى چىقىدىغان قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قالار. ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى يېڭەلمەسلىكىمىز ئېنىق، شۇڭا سىياسەت يولى بىلەن، يەنى سۈلھ بىلەن ھەل قىلىشىمىز لازىم، – دېدى.

بۇ گەپنى يىغىندىكى بەزى چوڭلار قوللىدى. خىتتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي ھۆكۈمدارى جىن شۇرېنغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىش تەكلىپىنى بېرىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان خوجا نىياز ھاجى غەزەپلەنگەن ھالدا بارماقلىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

– جانابلار! ئەگەر سىلەر ئەلچى ئەۋەتسەڭلار، ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىڭلارنىڭ قويغا ئوخشاش بوغۇزلانغىنىدىن باشقا خەۋەر كېلىدۇ، دەپ ئويلىماڭلار! قولۇمىزدا ئادەملىرىنىڭ جاجىسىنى بەردۇق، خىتتايلار بىزنى ھەرگىز ئەپۇ قىلىۋەتمەيدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇرۇشماقتىن باشقا يول يوق. تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئىزدەپ ئولتۇرۇشىمىز ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خەقنىڭ قېنىدا بار ۋەھشىيلىك، قاتىللىق. ھېچقانداق سەۋەب بولمىسىمۇ قەتلىئامدىن چېكىنمەيدىغان بۇ خەق، بىر ئوفتسېرىنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ يوقاتقان تۇرساق، ئەھۋال

قانداق بولماقچى سىلەرچە؟!

ئاندىن خوجا نىياز هاجى ئورنىدىن تۇردى ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– تۆرت يۈز مىليون خىتتاي دەپ كېتىپسىلەر. بۇ گەپلىرىڭلارنى خەق ئاڭلاپ قالسا، بۇ يىغىندا مۇسۇلمانلارغا ئەمەس خىتتايغا ۋاكالىتەن قاتنىشىۋاتامدىكىن، دەپ قالىدۇ. ئەگەر ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلارمۇ سىلەردەك ئويلاپ قوشۇنلارنى ئادەم سانىغا قاراپ سېلىشتۇرغان بولسا ئىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىسلام پۈتۈن يەر يۈزىگە تارقالمىغان، ئاللاھ تائالانىڭ بايرىقى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. سىلەر خۇددى ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالانىڭ ﴿**ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلبە قىلىدۇ**﴾(بەقەرە: 249) دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ، ئاڭلاپ باقمىغاندەك گەپ قىلىۋاتىسىلەر. دۈشمىنىمىزنى دىنىمىزغا ھۆرمەت كۆرسىتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، بىز مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ئۆزىمىز قۇرئاننى يول كۆرسەتكۈچى قىلىشىمىز لازىم. قۇرئان بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىزنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتتۇر. بىز دىنىمىزدا سۇسلىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يىراقلاشقانلىقىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا دۈشمىنىمىزنى بىزگە ھاكىم قىلىپ قويىدى. مەن تاكى دىنىم، ۋەتىنىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر قورالنى تاشلىماسلىققا قەسەم قىلدىم، ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەۋلادى ساناىدىغانلار ماڭا ئەگەشسۇن!

خوجا نىياز هاجى بەگنىڭ قەسىردىن چىقىپ، ئۆلگەن خىتتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراق ئامبىرىغا قاراپ ماڭدى. يىغىندىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشتى.

سائىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

مەنمۇ قوزغالغانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتاتتىم. بىر يېڭى روھنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. خىتتايلارنىڭ كۆپلۈكى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. مۇجاھىدلار ئوق - دورا ۋە قورال - ياراقتا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىدى. خىتتايلارنىڭ ئادەم سانى ۋە قورال - ياراق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ھەققىدىكى تەشۋىشلەر مۇجاھىدلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ، يوق بولدى. بىلەرمەن كىشىلەرچە بولغاندا بۇ تەلۋىلىك ئىدى. جەسۇر ئادەملەرچە بولغاندا يەر يۈزىدە ھېچقانداق كۈچ بۇ ئىنقىلاب قوشۇنىنى توسۇپ قالالمايتتى. ئاللاھقا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر بولسا جىھادنىڭ ئۆزلىرىگە پەرز قىلىنغانلىقىنى بىلگەچكە، قورالسىز ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كۈچۈر ۋە تاغۇتلار بىلەن ئېلىشىشتا چېكىنمەي ئالغا ئىلگىرىلەش بولۇپ، يېڭىش - يېڭىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشلار ئىدى. ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر نەرسە ئىدى.



پادىچىلار خەلق ناخشىلىرىنى توۋلىغاچ تاغلاردىن توپ - توپ بولۇپ چۈشتى؛ دېھقانلار ياماق چۈشكەن كىيىملىرى بىلەن دات باسقان قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ۋە تەھلىل توۋلىغاچ يېتىپ كەلدى... قەسىرنىڭ ئەڭ ئېگىز پەشتاقلىرىنىڭ بىرىدىن قاراۋاتاتتىم، كوچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغاندى. ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان ئەزان مۇنارلىرى ۋە قۇببىلەرگە تاڭ نۇرى چېچىلىشقا باشلىدى. سۆيۈملۈك يۇرتىمىز ياپيېشىل جەننەتتەك باغلىرى،

يىمىرىلمەسلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان مۇستەھكەم ئىمارەتلىرى بىلەن ئالتۇن تاغقا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئالدىراپ پەسكە چۈشتۈم. پەشتاقتىن چۈشۈپلا ئۇنى كۆردۈم:

– نېمە بولدى، چولپان؟

ئۇنىڭ قىياپىتىدە كىرپىكلىرى نەملەشكەن ئىدى.

– ماڭامسەن؟ – دېدى.

قايغۇلۇق بېقىشلىرى يۈرەككە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

– ئەمسىچۇ؟! مۇستاپا ئات - ئېشەككە يەم بېرىپ، پادا بېقىپ قېلىپ قالامدىكىن، دېگەنمۇ؟

– ھەممىڭلار كېتىسىلەر...

– شۇنداق. خورلۇق ئىچىدە ياشىغاندىن ملىك ئەۋزەل...

ماڭا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

– سېنى قايتىپ كەلمەيدىغاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن، – دېدى.

– ماڭا بولغان سۆيگۈڭ چىن بولسا، قەلبىڭگە بىر ئىشلار ئايان بولغان بولۇشى مۇمكىن.

– ئەندىشە چوڭقۇر سۆيگۈنى چارچىتىۋېتىدۇ.

– ئەندىشە؟ – دېدىم بېشىمنى چايقاپ.

– شۇنداق. ساڭا يالغان سۆزلىگۈم يوق.

– گۈزىلىم، ھەقىقىي سۆيگۈ دېگەن ئۆلمەس بولىدۇ. ئۇنى ئەندىشىمۇ چارچىتالمايدۇ. سۆيگۈ چىن، سەمىمىي بولسىلا، مەيلى بېشىمىزغا ئۆلۈم كەلسۇن ياكى پېشانىمىزگە ياشاش

www.uyghurkitap.com

پۈتۈلسۇن ئوخشاشلا تۇرۇۋېرىدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ.

چىقىشىپ بىلىكىمگە ئۇرۇپ قويدى ۋە:

– مەن باشقا ئاياللاردەك مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان تۇرسام، – دېدى.

كۆزلىرىم يىراقلارغا تىكىلگەن ھالدا پىچىرلىدىم:

– سېنى خىيال قىلىش بىلەن تاڭ ئاتقۇزىدىغان كېچىلەر گۈزەل چاغلار ئىدى. سېنىڭ نازلىنىپ ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشلىرىڭ قەلبىمنى باشقىچە ھاياجانغا سالاتتى. ئاھ! بىر بىلسەڭ... شۇئان يۈرىكىم شادلىقتىن تىپىرلايدۇ، چۈنكى جەڭ مەيدانىغا بارغاندا مېنىڭ سۆيگۈم بىلەن لىق تولغان بىر قەلبىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن. زۇلمەتلىك جەڭ مەيدانلىرىنى ئايدىڭلىتىش ئۈچۈن سېنى خىيال قىلىشىم يېتەرلىك. سېنىڭ غۇرۇرۇڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ ئار - نومۇسى ئۈچۈن ئېلىشىمەن. شەرەپ، ئار - نومۇس ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەردىندۇر. قايتىپ كەلگەن چېغىمدا توي قىلىمىز.

– چولپان، ئاغچا ئايىمنىڭ يېنىغا قايتقىن. ئۇمۇ يالغۇز قالدى ھەقچان، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يولغا چىقتى. مۇجاھىدلارنىڭ يولغا چىقىشى بەك ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە، سىلەر كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرۇشماي ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ تەنتەنە قىلساڭلار بولىدۇ. ئىمانى ئۈچۈن قىلىنغان جەڭ ئەرلەرنى تاۋلاپ ھەقىقىي ئەركەككە ئايلاندۇرىدۇ.

❀❀❀❀❀

# 5



ئايىسخان سالى (1909 – 1985)

بەگنىڭ قىزى دادىسىغا ئۆزىنى بىللە ئاپىرىشىنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ھەتتا ئۆزىنى مۇجاھىدلار بىلەن جەڭ مەيدانىغا، ئوق يامغۇرلىرى ئارىسىغا بېرىشىغا يول قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ يىغلاپ باقتى. لېكىن، بەگ قىزىغا:

– ئۆزلەمۇ بىلىلا ئوماق قىزىم، ئەرلەر دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىلايدۇ، ئۆلۈمگىمۇ تەييار. لېكىن، ھاۋاسى قاتتىق سوغۇق تاغلاردا قىز - ئاياللار مۇجاھىدلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ھەتتا يۈك بولۇپ قالىدۇ. قىز - ئاياللارنى بىخەتەر جايغا قويۇپ قويۇشىمىز لازىم، – دېدى.

ساقىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ سەپكە قېتىلىشتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن كېلىپ قېتىلغان پىدائىيلار يىغىلىپ زور بىر قوشۇن تەشكىللەندى. خىتتايلار ئامانلىق تىلىشىپ، ئۇيىاق - بۇياققا قېچىشاتتى. رۇسىيە ۋەقەلەرنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇراتتى. ستالىن موڭغۇلىيەدىكى ئادەملىرى ئارقىلىق ئىنقىلابقا ياردەم قىلغۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى. ھەربىي ياردەم قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. خوجا نىياز ھاجى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى يىغدى:

— مەن رۇسىيەنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. ئۇلار ئەزەلدىن بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنى خاھلىغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىيارىمىزنىڭ بايلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن زېمىنىمىزغا پۇتىنى تىقىۋېلىش. غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قىلغانىنى بىزگىمۇ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

ئادەملەردىن بىرى:

— خىتتايلارنى يوقىتىشتا رۇسلار بىلەن ئىتتىپاقلاشساقچۇ؟ — دېدى.

خوجا نىياز ھاجى جاۋابەن:

— ئەگەر ئۆز زېمىنىمىزنى ئۆزىمىز ئازاد قىلالمىساق، مۇستەقىل بولۇشقا ھەققىمىز يوق دېمەكتۇر، ... — دېدى.

— دۈشمىنىمىز ۋەھشىي، ئۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن شەيتان بىلەن ئىتتىپاق تۈزسەكمۇ بىزنى ھېچكىم ئەيىپلىيەلمەيدۇ.

– ئالدىرىماڭ دوستۇم، رۇسىيە يەنە بىر دۈشمىنىمىز. رۇسلارنىڭ بىزگە ياردەم بەرمەكچى بولۇشى بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزغا كۆزى يەتكەنلىكىدىندۇر. ئەڭ ئاسان، ئەڭ قولاي يول بىلەن مەقسىتىگە يەتمەكچى. جانابلار، كاپىرلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياج ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجىدۇر. ئەلۋەتتە بۇ ئېھتىياج ئاللاھنىڭ سايىسىدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿**ئى مۆمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار**﴾(مۇمتەھىنە: 1) دەيدۇ.

موڭغۇلىيەدىن كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈشتە، خوجا نىياز ھاجى:

– جانابىي جامسىن دورجى! سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. لېكىن، بىز دۈشمىنىمىز بىلەن ئۆزىمىز يالغۇز ئېلىشماقچىمىز، – دېدى.



جامسىن دورجى:

– ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر. بىز ئېرىشكەن بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىتتاينىڭ شەرقتىكى پايتەختىدىن سىلەرنىڭ ئىنقىلابىڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن زور بىر قوشۇن يوللىماقچى ئىكەن...

بۇنى ئاڭلىغان خوجا نىياز ھاجى يېنىك يۆتىلىپ قويدى... نەپەسى تېزلىشىپ گەپنى كەستى:

– يەتكۈزگەن دوستلۇقىڭلارغا رەھمەت. لېكىن، سىلەرنىڭ شەرتلىك ياردىمىڭلارنى قوبۇل قىلالمايمىز. ئادەملىرىم ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ،

مۇتەخەسسىس ياكى سودىگەرلىرىڭلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئاياغ بېسىشىغا يول قويماسلىقنى قارار قىلدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ ئىشقا مەن ئۆزۈم يالغۇز بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئىنقىلاب قوشۇنى ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى بەلگىلەپ بولدى.

ئىنقىلاب ئۆز يولىدا يۈرۈپ كەتتى. خوجى نىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. جەسۇر ئوغلانلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا قالغان خىتتاي ئىستىھكاملىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يىقىلدى. خىتتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تىكىلەپ قويغان ئادىمى جىن شۇرېننىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلدى، مۇجاھىدلارنىڭ شىجائىتىگە ھەيران بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تېپىرلاشقا باشلىدى. چىقىش يولى ئىزدەپ، ئاخىرى رۇسلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. رۇسلار شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت ۋاكالەتخانىلىرى قۇرۇشقا يول قويۇلۇشى ۋە سوۋېت گراژدانى ھەرقانداق كىشىنىڭ ۋەتىنىمىزدە ھېچقانداق تەكشۈرۈشكە ئۇچرىماي ئەركىن ھەرىكەت قىلالىشى شەرتى بىلەن ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى.



جەڭ تازا كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. بىز تاغ - داۋان، يار - جىلغىلاردىن ئاشاتتۇق، دەريالار كېچىپ، يايلاقلاردىن ئۆتەتتۇق. خىتتايلارغا ياردەمگە كەلگەن رۇس ئەسكەرلىرىنى ۋە كۈچلۈك قورالىرىنى كۆردۇق. خىتتاي ئىشغالىدىكى شەھەرلەردە رۇسلار يامراپ كېتىشكە باشلىدى. بۇلار غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتالانغان بولۇپ، كوممۇنىزم سەپسەتىسىنى تارقىتىش؛ ھاكىملارغا، يۇرت چوڭلىرىغا پارا بېرىپ ئۆزلىرىگە مايىل قىلىشقا تىرىشىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھەتتا تېخى تۇنۇگۇنلا ئىتتىپاقلاشماقچى بولغان

خوجا نىياز ھاجىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى - بۇنى كۈشكۈرتۈۋاتاتتى.



قومۇللۇقلار (1910)



ئۈنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك بولغىنى رۇسلار ھەرقايسى «سىنىپلار»نى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئارىغا پىتنە تېرىشقا تۇتۇش قىلدى. رۇسلار بىر تەرەپتىن قورال - ياراقلىرى ئارقىلىق خىتتايىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىيە بۇزغۇنچىلىقى ئارقىلىق بىزنى كۈچلۈك قىلغان نەرسىنى — بىرلىكىمىزنى يىمىرىپ، خەلقىمىزنى پارچىلاپ كۈچىمىزنى ئاجىزلىتىۋاتاتتى. بۇ ئىشلار يۈز بېرىۋاتقاندا، بىز جەڭچىلەرنىمۇ يۆلەپ، مىڭلاپ ئەزىمەتلىرىمىز قۇربان بولغان قانلىق ئۇرۇشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ تۇراتتى. مۇشەققەتلىك بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، قورال - ياراق، يېمەك - ئىچمەككە قاتتىق موھتاج ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. ياردارلىرىمىزنىڭ يارىسىنىمۇ تاڭالماي قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئىڭراشلىرىغا چىدىيالماي نېرىراق تۇرۇشقا تىرىشاتتۇق. چۈنكى، تەسەللى بەرگۈدەك ھالىمىز يوق ئىدى. ھەممىمىز پەرىشان ئىدۇق. رۇسلارنىڭ نۆۋەتتىكى

ياردىمى خىتتايلارغا يېتىپ كەلگۈچە ئازراق نەپەس ئالغاندەك بولۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تاغقا چېكىندۇق.

شۇنداق قىلىپ، بىز زەپەرگە شۇنچىلىك يېقىنلاپ قالغان بىر پەيتتە، جىن شۇرېن قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋالدى. تاغدا ئۆچكۈر، جىلغا، تىك قىيا ۋە كېچىك - ئۆتكەللەردە بۆيرۇق كۈتۈپ ياتاتتۇق. خوجا نىياز ھاجى بىزلەرنىڭ ئارىمىزدا ئايلىنىپ يۈرۈپ سۆزلەيتتى:

– ئەزىمەتلەر! جەڭدە «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەن گەپ بار. بىز ئاللاھقا ۋەدە بەرگەنمىز، يا غەلىبە قىلىمىز، يا شەھىد بولىمىز، ئەسلا تەسلىم بولۇش يوق. بىز ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، زەپەر قۇچقاندا شۈكۈر سەجدىسى قىلىپ، شەھىدلىك بەدىلىگە ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تاغلارغا چىقتۇق. ھۆرلۈك باشقىلار ئېلىپ بىزگە ھەدىيە قىلغۇدەك ئەرزان ئەمەس!

ھاجى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئېگىز چوققىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان بۇلۇتلارغا تىككىنىچە بىر ئاز ئويلىنىۋالدى. بىپايان يايلاقلارغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى ۋە جەسۇر يىگىتلىرىمىز بىلەن بۇ مۇقەددەس ۋە ئەزىم يۇرتىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقان مەينەت ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلىۋەتكەن شۇ كۈننى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:


– كۆرگەنسىلەر ئورۇسلارنى، تۇنۇگۇن بىزگە ياردەم قىلماقچى بولغان، مانا ئەمدى دۈشمەنلىرىمىزگە مەدەت بېرىۋاتىدۇ. ئەمدىغۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالاكىتىمىزنىڭ جىنايەتچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنسىلەر؟

خوجا نىياز ھاجىنىڭ چىرايىغا بايامقى كۆلكىسى قايتىپ كەلدى ۋە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– قايغۇرماڭلار، قېرىنداشلىرىم! خرىستىئان دۇنياسى بۇرۇندىن تارتىپ بىزنى يوق قىلىشنىڭ غېمىدە بولۇپ كەلدى. پۇرسەت تاپسىلا ئىسلام دىيارى بولغان ۋەتىنىمىزنى قولغا كىرگۈزۈشى ئۈچۈن رۇسلارنى دەيدەيگە سالدى. چۈنكى، خرىستىئانلار باتۇرلىرىمىزنىڭ ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى جەريانىدا تۈركىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان ياردەملىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىيارىمىزنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى ناھايىتى مول. يەنى ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە كۆز تىكىشى ئۈچۈن مىڭلاپ سەۋەبى بار، لېكىن ئەڭ مۇھىم سەۋەب بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدۇر. چۈنكى، رۇسلار كوممۇنىزم سەپسەتىسىنى تارقىتىش جەريانىدا مۇسۇلمانلاردىن كۆرگەنىدەك قاتتىق قارشىلىقنى ھېچكىمدىن كۆرمىدى.

❁❁❁❁❁

www.uyghurkitap.com



تاغـلاردا مۇشـەققەتلىك بىر قانچـە ئاينى ئۆتكۈزدۇق. بـۇ جەرياندا ھەربىـي تەلـىم، پارتىزانلىـق ھۇجـۇم ۋە پىسـتىرما قـۇرۇپ زەربـە بېرىشـلەرنى ئـۆزۈپ قويمـىدۇق. چـوڭ ھۇجۇمغـا پۇختـا تەييارلىـق قىلغاندىـن كېيىن، خوجا نىيـاز ھاجى بىزنى چاقىرتىـپ بىر نەچچىمىزنى مەخپىـي ھالـدا دىيارىمىزنىـڭ ھەرقايسـى يۇرتلىرىغـا بېرىـپ ئاخبارات ئىگىلەپ، دۈشـمەننىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىـپ، ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقىشـقا بۇيـرۇدى. جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭا شـەرەپ ئوردېنى تاقىدى ۋە:

– مۇسـتاپا مـۇراد! سـەن بـۇ ئۇلـۇغ قوشـۇندا دائىم باشـقىلارغا ئۈلگـە بولغـۇدەك ياخشـى جەڭ قىلدىڭ. سـاڭا تاقالغان بـۇ ئوردېن، سېنى چىـن يۈرەكتىـن تەقدىرلـەش ۋە سـاڭا بولغـان ھۆرمەتنىـڭ پەقەتـلا بىـر قىسـمى خـالاس. تېـز بېرىـپ، تېـز كېلىـڭلار، جىـق ۋاقتىمىـز قالمىـدى، – دېـدى.

81

مەخپىـي ھالدا تـەرەپ - تەرەپكە تارالدۇق. ئاسـمىننى قايغۇنىڭ قارا بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتكەن قۇمۇلدا، كىشـلەر كىچىككىنە گۇمانلار بىلـەن دارغـا ئېسـىلاتتى؛ كاشـغەردە بولسـا جەسـۇر ئوغلانلارنـى كۆرگىلـى بولمايتتـى، بەزىلـەر يوشـۇرۇنۇۋالغان، بەزىلـەر تاغـدا جـەڭ قىلىۋاتقـان ئـىدى. كىمـدۇر خىتتـاي ھاكىمغـا يانتايـاق بولـۇپ، رۇس مۇتەخەسسىسـلەرگە يـاردەم قىلىۋاتقانـدەك كۆرۈنەتتـى. رەھىـم - شـەپقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغـان دىكتاتورلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان زۇلۇمى ئاسـتىدا ھەق - ناھەقنى ئايرىماقمۇ تەسلىشـىپ كەتكەن ئىدى. ئۈرۈمچىدە ھەممە ئىشـلار ئاسـتىن - ئۈسـتۈن بولۇپ كەتكەنـدەك تۇراتتى. ھەريەردە خىتتاي ۋە رۇس تەلەتدىن باشقىسـى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ساغىيە تەتقىقات مەركىزى

كۆرۈنمەيتتى. شەيتاننىڭ قوشۇنلىرى ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، قۇلاقلىرىنى زىڭىلدىتىۋېتەتتى.

مۇشۇنداق ئۇ يەردىن بۇ يەرگە، ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە ئۆتۈپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدىم، چولپاننىڭ — شور پېشانە يارىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. قەيەردە سەن، ئەي جانان؟ قەلبىم ئازابتا، ئىزتىراپ ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى باش قوماندان مەيدەمگە تاقىغان ئوردېنغا نالايىق ھېس قىلاتتىم. دۈشمەن قولىنى سالغانچە غادىيىپ مېڭىپ يۈرسە، ۋەتەن ئوغلانلىرىنى قامچىلاپ دۈمبىلىرىنى شەلۋەرىتىپ، تۈرمە ياكى دار ئالدىغا ھەيدەۋاتسا، ئوردېننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى، جاننى ئالغۇدەك ئاچچىق ھەقىقەت... شۇ ھالىم بىلەن يەنە چولپاننى ئىزدەۋاتاتتىم. بەگ قەسرىگە باردىم. ئەسلىمىلەر جەمگاھىغا... زالىم سۆيگۈ، نازۇ - كەرەشمە، تاتلىق ۋەدىلەر قەسرى...

قەسىر كۆزۈمگە خۇددى كونىلاردىن قېلىپ قالغان ئاسارئەتىقىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلىرىنى يىللار ئۇپرىتىۋەتكەندەك، قىرلىق يېتىپ مۈكچەيتىۋەتكەندەك تۇراتتى. ھەممە نەرسە قېرىدۇ، كېسەل بولىدۇ، كۆز يېشى ۋە قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۆزىتىلىدۇ.

— چوڭ ئانا، چولپاننى كۆردىڭىزمۇ؟

ئۇدۇلۇمدا قىرىپ دۈمچىيىپ كەتكەن بىر كەمپىر تۇراتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ دېدى:

— مەن بۇ يەردە ئولتۇرغىلى بەك ئۇزۇن يىللار بولدى، بۇنداق بىر ئىسىمنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

ھاسىسىغا تايىنىپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، قورۇق باسقان ئالقىنىنى كۆزلىرىگە سايە قىلىپ تۇرۇپ:

– ياقا يۇرتلۇق ئوخشىمامىلا؟ – دەپ سورىدى.

– ياق، مەن مۇشۇ يەرلىك.

كۆزلىرىگە ياش تولدى:

– قارىغاندا تاغدىن كەلگەن ئوخشايلا، بالام. مېنىڭ تۆرت ئوغلۇم بار ئىدى شۇ يەردە، بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. بىرەرسىڭلار مېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويغان بولساڭلار بولاتتى. بۇ يەردە تۇل قىزلىرىم بىلەن كۈن ئالالماي قېلىۋاتىمىز. كۈيئوغۇللىرىمنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاشتى. بىرمۇنچە ئۇششاق باللار بىلەن قالدۇق. لەنەتتەككۇر خىتتايلار، ئۆلگۈر ئورۇسلار!





گومىنداڭ دېۋزىيەسىنىڭ قۇمۇل ئىنقىلابىنى باستۇرۇش جېڭى

سابىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشغال ئاستىدىكى قۇمۇل كوچىلىرىنى ئايلىنىشنى داۋام قىلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز بىر كوچا بۇرادىرىمنى كۆرۈپ قالدىم.

– مەنسۇر دورغا! – ئىختىيارسىز ئىسمىنى تۇۋلاپ سالدىم. ماڭا يېقىن كەلدى:

– مۇستافا مۇراد!... بۇ سەنمۇ؟

چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئاندىن قولۇمدىن تارتىپ، بىزنى ھېچكىم كۆرۈپ قالمايدىغان خالىي بىر يەرگە باشلاپ باردى. ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق.

– سەندە خەۋەرلەر قانداقراق، مەنسۇر؟

مەنسۇر دورغا غەمكىن ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە:

– ئىلى، ئالتاي، چۆچەكتىكى ئىنقىلابقا قاتناشقان قېرىنداشلىرىمىز ۋەھشىيلەرچە قەتل قىلىنىۋاتىدۇ، تۈرمىلەرگە سولىنىپ، قانلىق باستۇرۇش ۋە ئىنتىقامغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. كۈچا ۋە ئاقسۇمۇ ئوخشاش. ئىستىبدات ھەريەردە ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئورۇسلار غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پىلانلارنى تۈزۈۋاتىدۇ. ئۇلار ئەكەلگەن مۇتەخەسسىسلەر جەڭ تاكتىكىسى، تىجارەت ۋە تەشۋىقات بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئىچلىرىدە ئادەم قىيناش، قەتلىئام، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى قانداق يوق قىلىشلارنى تەتقىق قىلىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن.

مەنسۇر دورغىنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى:

– بۇنىڭغا ئاللاھ رازى بولامدۇ؟

ئەلەم بىلەن ئېيتتىم:

– ئەلۋەتتە رازى بولمايدۇ.

– ئەمىسە نېمىشقا بىزنى زۇلۇم ۋە خارلىق ئىچىگە تاشلاپ قويىدۇ؟

– ئاللاھ ئادىلدۇر، مەنسۇر.

– لېكىن، زۇلۇم ئۇممەتنى قايغۇ - ئەلەم دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتتى.

– شۇنداق بولسىمۇ ئاللاھ ئادىلدۇر.

– ئادالەت دېگىنىڭ مۇشۇ كاپىرلارنىڭ يوق بولۇشى.

قوللىرىمنى مۇرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ ئېيتتىم:



– ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەقىقىي مۆمىنلەردىن بولۇشىمىز كېرەكلىكىمۇ ئادالەتتۇر.

بېشىنى لىڭشىتىپ:

– توغرا دەيسەن، ئارىمىزدا دۈشمەنگە ياردەم قىلىۋاتقان مۇناپىق خائىنلار بار، – دېدى.

– ئۇلار ئاز ساندا.

– توغرا، ئارىمىزدا ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، تەركىدۇنيا بولۇۋالغانلارمۇ بار.

– پاسسىپ ئىنسانلار ھەممە مىللەتتە بار.

– توغرا، ئىچىمىزدە ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىپ، موسكۋادىن كەلگەن

سىياسىيونلار تارقاتقان كوممۇنىزم سەپسەتىسىگە ئەگىشىۋاتقانلارمۇ بار تېخى.

مەنسۇر قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا لەپپىدە بىرنى قاراپ قويۇپ:

– ئارىمىزدا يەنە شۇنداق گۈزەل ئاياللارمۇ باركى، پەزىلەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان.

مەنسۇرنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمنى مۇجۇدى. قارىغاندا ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە جان تالىشىۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ خەلقىمىز سەۋرلىك مۇجاھىدلاردىن بولۇپ كەلدى، تەسلىم بولمىدى. خائىن مۇناپىقلار بولسا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۈشمەندىن قورقۇپ، قىيىن – قىستاقتا چىدىماي مۇشۇ يولغا مېڭىپ قالغانلار بار. ئاز ساندىكى بىر قىسمى بولسا پۇل – مال ئۈچۈن مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغانلار. ئاياللارغا كەلسەك، ئاياللاردىن بىرقىسىم جاھىل، غاپىللار بىر بۇردا نان ئۈچۈن رەزىللىك كوچىلىرىدا خارلاندى ياكى تەھدىت ئالدىدا شەرەپلىك ئۆلۈمدىن پەس ھاياتنى ئەلا بىلدى.



مېنىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدىكى چۈشەنچەم، مەنسۇر دورغىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەن مەنسۇرنى بۇرۇندىن تارتىپ تونۇيمەن، ئۇنىڭ بىر ئاز مۇكەممەلىيەتچى، شائىرانە مىجەزى بار. «سەھىھۇل بۇخارىي»نى يادقا بىلىدۇ. خىيال دۇنياسىدا دائىم تارىخىمىزدىكى شانۇ – شەۋكەتلىك دەۋردە ياشايدۇ. شەرەپلىك ئۆتمۈشىمىز بىلەن خار – زەبۇنلۇق ھازىرىمىزنى ياراشتۇرالمىغاچقا، ئۆزىنىڭ روھىي

دۇنياسىدا تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلالمايۋاتتى.

– نېمىشقا ئەمەلىيەتنى ئۆز پېتىچە قوبۇل قىلمايمىز؟ كېسەلنى ئېتىراپ قىلىپ، ساقايتىشقا چارە ئىزدىمەيمىز؟

مەنسۇر غەزەپ بىلەن بېشىنى چايقاپ:

– كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى ساقايتىشقا ئۈمىد يوقلۇقىغا دالالەت قىلىدۇ، – دېدى.

– ئەمىسە قانداق قىلىمىز، مەنسۇر؟

– ئۆلۈمدىن باشقا چارە يوق.

– ئۇنىڭ مەيلى، ئەمما قانداق ئۆلىمىز؟

نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندى. كۆزلىرى ئوينايپ كەتتى، يېڭى بىر ئۈمىد بايقىغاندەك، بۇرۇنقى پىكىرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭى كۆزقاراشلىرىنى ئىپادە قىلماقچىدەك قىلاتتى.



– ئۆلىمىز، مۇستافا! قەھرىمانلارچە ئۆلىمىز.

خۇشلۇقتىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم:

– ئەمدىغۇ گېپىمىز بىر يەردىن چىققاندۇ؟!

– ئەلۋەتتە. ئەسلىدىمۇ تاغقا چىقىپ سىلەرگە قوشۇلۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم.

– ئەتە ماڭىمىز. ئۇلۇغ كۈن يېتىپ كېلىشكە ئاز قالدى.

قومۇلنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدۇق. كېچە زۇلمەت پەردىسىنى تارتقان بولسىمۇ، شەھەردىكىلەرنىڭ ئەھۋالى تولۇن ئايدەك روشەن ئىدى. ئاۋام پۇقرا جىن شۇرېنىڭ زۇلمىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىيە تىسلام تەتقىقات مەركىزى

رۇسلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن جاق تويغان ئىدى. قىسقىسى، خەلق ئۇچقۇننى كۆرسە پارتلاشقا تەييار تۇرغان بومبىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، خوجا نىياز ھاجى ۋە ئەزىمەتلىرىنىڭ تاغدىن چۈشۈپ ئىنقىلاب پىلىكىگە ئوت يېقىشىنىلا ساقلاپ قالغان ئىدى.

خوشلىشىپ، ماڭايلى، دەپ تۇرغاندا، مەنسۇر دورغا سوراپ قالدى:

– چولپاننى سورىمايسەنغۇ؟

كاپىلا قىلىپ بىلىكىنى تۇتۇۋالدىم:

– ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟

مەنسۇر ئاچچىققىنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

– توي قىلدى، – دېدى.

– نېمە؟ چاقچاقمۇ - يا؟

– بەگ قەسرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلىسى تارلىپ، ئادەملىرى جىھاد ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كېتىشتى. چولپان قاتتىق روھىي زەربە يېگەن بولۇپ، توختىماي يىغلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يىغلاشلىرى، ۋارقىراشلىرى گۈزەل جامالىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىگەن ئىدى. چۈشەندىڭمۇ گېپىمنى؟

– ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

– قۇمۇلغا تۇنجى قېتىم كەلگەن بىر خىتتاي قوماندان ئۇنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قاپتۇ. بولدى، بۇ مەسىلە مۇشۇ يەردە قالسۇن، ئۇنتۇپ كەتكىنىڭ ياخشى. بۇ ھەقتە جىق گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق.

قەلبىمدىكى شـادلىق ئۇچقۇنلـىرى ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى خـۇددى بىـر يـار لېۋىـدە، تېگى ياۋايـى هايۋانـلار، يىرتقۇچـلار، قاپقارا ئىنسـلار تولـۇپ تۇرغان بىـر هاڭنىڭ لېۋىـدە تۇرغاندەك هېـس قىلدىم. خـۇددى كىچىـك ۋاقتىمـدا قـارا بېسـىپ قالغانـدا كۆرگـەن بىـر يامـان چـۈش قايتىلانغـان ئىـدى. ئـۇ چاغـدا دادام مـاڭا ئۇخلاشـتىن بـۇرۇن «ئايەتۇلكۇرسـي»نى ئوقۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسـالامغا يۈز قېتىم دۇرۇت ئوقۇپ يېتىشـنى ئۆگەتكەن ئىدى. بۇ يامان چۈشـنىڭ نېمە دەپ خىيالىمغـا كېلىـپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. ئاھ چولپان! سـېنىڭ كېيىنكى كـۆز ياشـلىرىڭغا ئىشـىنەيمۇ ياكـى باشـتىكى رەت قىلىشـلىرىڭغىمۇ؟ ياكـى ۋىدالىشىشـتىن بۇرۇن خىتتايـلار هەققىدە ئۇلارنـى چىلبۆرىلەرگە ئوخشـىتىپ قىلغان سـۆزلىرىڭگىمۇ؟ زادى قايسىسـىغا ئىشىنەي؟

قارىغاندا ئاچچىق هەقىقەتكە ئىشىنىشىم كېرەكتەك تۇرىدۇ.


— ئەتە تاغقا ماڭىمىز، مەنسۇر.

قۇمۇلنىـڭ قايغـۇ باسـقان زۇلمەتلىـك كېچـە ئاسـمىنىغا قـاراپ گېپىمنـى داۋام قىلدىـم:

— تاغـدا كېچىنـى سۈپسـۈزۈك كۆرىسـەن، جەڭچىلـەر ئوقۇغـان مارشـلاردىن يۈرەكلىرىـڭ ئويناپ كېتىـدۇ. كـۆك يۈزىگـە يۇلتۇزلارنـى كـۆرۈش ئۈچۈن قارايسـەن، بىر تالـلا چولپاننى ئەمـەس، مىليونلارچە يۇلتۇزنىڭ مەڭگۈلۈك كۈلۈمسىرىشـىنى كۆرىسـەن. تاغـلار بەك گۈزەل، مەنسۇر.

❀❀❀❀❀

www.uyghurkitap.com



# 6

چولپاننى كەينىمدە قالدۇرۇپ، قەلبىمدىن چىقىرىۋەتتىم. شۇ ھامان ئاسمىنىمدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي چىقتى. شۇنداق، بۇرۇن ئۇنىڭ جامالىنى قاتمۇقات بۇلۇتلار توسۇۋالغان ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ مىڭلارچە ھەتتا يۈز مىڭلارچە يىللاردىن بېرى ئۈن - تىنسىز، ئىززەتنى ساقلاپ پارلاپ تۇرغان تەبەسسۇمىنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم. «مەن ئەمدى سېنىڭ نۇرۇڭ ئاستىدىمەن، ئەي، ياپىلاقتىكى توختاۋسىز زۇلمەتكە جەڭ ئېلان قىلغان نۇرلۇق ئاي!» دېمەكچىمەنكى، بۇ نۇرانىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ۋە ئىنقىلابچىلار. ئەگەر مەن ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ، يۈزنىڭ ھەتتا مىڭنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ ساناپ چىقسام مۇ يەنىلا نۇرغۇنلىرى تىلغا ئېلىنماي قېلىپ ئۇۋۋال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى بەك كۆپ: گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى، ئۇلۇغ گېنېرال ئوسمان باتۇر، شەرىپخان تۆرە، ئوسمان ئېلى،...

ئەنە ئاۋۇ تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىدە، بۇ قەھرىمان جامائەت تۇراتتى. پۈتۈن شەھەر - يېزىلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئېلىنغان قارارلارنى خەلق ئارىسىغا يېيىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. جەڭگىۋار تۈركىستان خەلقىنى ئۆزلىرى كۆرگەن خورلۇقلارنىڭ ھېسابىنى سوراش ئۈچۈن، پۇرسەت تاپسىلا ئىسيان قىلىشقا چاقىرىۋاتاتتى.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىددەتلىك ئىنقىلاب دولقۇنى باشلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساھىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

خوجا نىياز ھاجى:

– ئۈرۈمچىدە، خىتتاي تىكلەپ قويغان رەئىسنىڭ سارىيىدا ئۇچرىشايلى، – دېدى.

بىز گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ «سەپىرىمىزدە بىزگە ئاللاھ يار بولغۇسى» دېگەن سۆزلىرىدىن يولىمىزنىڭ ئۇزۇن، سەپىرىمىزنىڭ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا قان تۆكۈلۈش ۋە دەھشەتلىك ئېلىشىشلارنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق.

مەن:

– قېرىنداشلار، ئورۇسلار تارقىتىپ يۈرگەن ماركسىزم پەلسەپىسى بەزى ياشلىرىمىزنى ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ، – دېدىم.

خوجا نىياز ھاجى كۈلۈپ كېتىپ:

– ھەقىقەت قۇياشى پارلىغان چاغدا، بۇ ھاماقەتچە پەلسەپىلەرنىڭ ھەممىسى ئېرىپ تۈگەيدۇ، – دېدى.

ئاق باش چوققىلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئادەملەر ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان ھەرقانداق پەلسەپىدىن ئۈستۈندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتېئىزمچە پەلسەپىلىرىنى ئەبەدىي نۇسرەتكە ئېرىشىدۇ، دەپ قارىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەرسىلەر خۇددى بىردەملىك چاقماقتا ئوخشاش ئۆمرى ناھايىتى قىسقا. تارىخنىڭ ھەردەۋرىدە بەزى مۇتەكەببۇرلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا جەڭ ئېلان قىلىپ باقىدۇ ۋە نەتىجىگە ئېرىشتۇق، دەپ

ئويىلاپ قالىدۇ... ئەمەلىيەتتە، زەپەردىن تولىمۇ يىراقتا. ئاللاھ تائالا كىتابىدا : ﴿**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز**﴾(ھىجر: 9) دەيدۇ.

– ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يولغا چىقىڭلار، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماڭلار.

تۈركىستان خەلقى ئاجايىپ خەلق. تەسلىم بولۇپ، ھەسرەت ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە تېگىرقاپ، نۇرغۇنلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقاندەك، ئۈمىدسىزلىك پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن بۇ خەلق بىزنى كۆرگەندە تەنتەنە قىلىشىپ، كۆزلىرىدە شادلىق نۇرلىرى پارلاپ، ۋەھىمىلىرىنى بىر ياققا چۆرۈپ تاشلاپ، توپ - توپ بولۇپ بىزگە قوشۇلۇشقا باشلىدى.



ئەزىبرايى، خىتتايلار قېنى؟ ئۇلار قورقۇپ قېچىشىۋاتاتتى. ئىمان ئېيتىپ بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. خىتتاي كاپىرلىرىنىڭ پەنجىسى ئاستىدا قالغان قىزلارمۇ ئەركىنلىككە ئېرىشتى ۋە بىزگە قېتىلىپ جەڭگە ئاتلاندى.

شەھەرلەرنىڭ بىرىدە، خېلى بەستلىك بىر خىتتاينى كاشغەرلىك رىزۋانگۇل ئىسىملىك بىر ئايال تۇتۇۋېلىپ، دەرەخكە باغلاپ قويغان ئىكەن، خالايىق ئەتراپىغا توپلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ خىتتاي ساقچى بولۇپ، ئىسمى چېن لى ئىكەن. خىتتاي خۇددى بوغۇزلىنىشقا تەييار قىلىنغان بۇقىدەك يۇلقۇنۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. رىزۋانگۇل ئۇنى قامچىلاشقا باشلىدى:

– سەن ماڭا «ھەي خوتۇن! سەن مېنىڭكى. سېنى مېنىڭ

قولۇمدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ» دېدىڭ - ھە؟! مېنى ئېغىلنىڭ ئىچىگە يىقىتقىنىڭ... ئېسىڭدە بارمۇ ھۇ ئىپلاس؟ ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ يادىڭغا سېلىپ قوياي. ساڭا مىڭ قېتىملاپ «مەن ساڭا ئۆچ، سەندىن نەپرەتلىنىمەن! مەندىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن» دېدىم. ئاللاھنىڭ سەندىن ۋە مەندىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدىم. سەن مەلئۇن، قاۋان چىن لى، مېنى يالىڭاچلاپ، ئەسكەرلىرىڭنى باشلاپ كەلدىڭ. مەس - ئەلەس چېرىكلىرىڭگە قولى باغلاقلىق بىچارە بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ ھالىنى تاماشا قىلدۇردۇڭ. شۇ چاغدا يامغۇر يېغىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ، چىن ئىخلاسىم بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلدىم. مېنى مازاق قىلىپ: «ئاللاھىڭ ئاڭلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇ يوق. بۇ يەردە بارى مەن، مانا مەن چىن لى» دېدىڭ. ھازىر نەدە سەن - ھە، چىن لى؟! قارا، ئەتراپىڭدىكى ھەرتەرەپتىن كەلگەن ئەزىمەتلەرگە قارا! سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭنى ئىسپاتلاپ تۇرغان بايراققا قارا! ئەمدى ئاللاھنى تونۇغانسەن، چىن لى؟ گەپ قىلە! ھازىر ئەجەب سەجدە قىلىپ كېتىپسەن، يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۆزۈڭ ئىنكار قىلغان ئىلاھقا يىلىنىپ كېتىۋاتىسەنا؟! سېنىڭ نەرىڭ ئەركەك؟! قورقۇنچاق يەسەندە. سەن پەسكەش ئەبلەخ مېنىڭ دىلىمغا قاتتىق ئازار بەردىڭ، تېنىمنى بۇلغىدۇڭ. مېنىڭ دىنىمدا بىر ئايالنىڭ ئىپپىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىشنىڭ جازاسى ئۆلۈم!



خوجا نىياز ھاجى ھاياجانلانغان كىشىلەر توپىغا قاراپ:

– بۇ ئايالنىڭ ئېسى جايىدىمۇ - يا؟ – دېدى.

بىر كاشغەرلىك ئادەم:

— پۈتۈن كاشغەر خەلقى ئۇ ئايالنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدۇ، — دېدى. خوجا نىياز ھاجى:

— ئۇزۇن مەزگىل قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلگىنى ئېنىق، — دېدى.

— رزىۋانگۈلنىڭ ئائىلىسى ئابرۇيلۇق، دىندار ئائىلىلەردىن ئىدى، — دەپ چۈشەندۈردى كاشغەرلىك.

— بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— بۇ چىن لى دېگەن مەلئۇن كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئىپپەتلىك قىزلارنىلا تاللىۋالاتتى. ئۇ موسكۋادا تەربىيەلەنگەن بىر كوممۇنىست. نۇرغۇن چوڭ ئۆلىما ۋە دىندار كىشىلەرنى ئۆلتۈردى.



خوجا نىياز ھاجى خىتتاي ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

خىتتاي ھارغىن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— غالىپلارنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلدىم.

— «غالىپلار»نىڭ قانۇنى نېمە ئىكەن؟

خىتتاي جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ياندۇرۇپ سورىدى:

— ئىپپەتلىك قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىشمۇ؟

— ئۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم ۋە خاھلىدىم.

— مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟

— مەن ئۇلار بۇيرۇغاننى قىلدىم. مەسئۇلىيەت قوماندانلاردا.

خوجا نىياز ھاجى ئادەملەر تويغا قاراپ:

– قاراۋۇللار، بىزدىن ئۇنىڭ تاسمىسىدىن يېتىلەپ كەلگەنلەرنى سوراققا تارتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، – دېدى.

ئاندىن خىتتايغا بۇرۇلۇپ:

– ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغۇز سوراققا تارتىلىمىز، چېن لى. ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾ (مەريەم: 95) بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭ؟ ئەلۋەتتە ياق. بىز سېنى باشلىقلىرىڭنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەمەس، سېنىڭ جىنايەتلىرىڭ ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىمىز.

چېن لى يەرگە يىقىلىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى:

– مېنىڭ ئۆلگۈم يوق...



رىزۋانگۈل قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە خوجا نىياز ھاجىغا قاراپ:

– جانابىي رەئىس! ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن قېرىنداشلىرىمىز ئۇنىڭدىن مەرھەمەت تىلىگەن ئىدى. بىر ئاخشىمى يىگىتلەردىن بىرىنىڭ خۇددى مۇشۇنىڭدەك، «مېنىڭ ئۆلگۈم يوق!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. لېكىن، چېن لى قاتتىق تاش يۈرەكلىك قىلدى.

چېن لىغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى:

– ئېنكار قىلامسەن؟ ناھايىتى تاش يۈرەكلىك قىلغان ئىدىڭ. سوغۇققانلىق بىلەن تاپانچاڭنى چىقىرىپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىۋەتتىڭ.

ئاندىن رىزۋانگۈل ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئايلىنىپ تۇرۇپ،

ھەسرەتلىك، ئەمما كۈچلۈك ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

– ئۇنىڭ بىچارە قۇربانلىرى ئىڭرايتتى، ئاھ ئۇراتتى. كۆزلىرىدىن ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى چاقناپ تۇراتتى. بۇ چىن لى دېگەن ئىتنىڭ كۈچۈكى ئىسسىق چىيىنى ئىچىپ، تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ، پەلتوسىغا چىڭ يۆگىنىپ تاماشا قىلىپ، كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئاندىن مېنى زورلاپ قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، يۈزۈمنى قەلەمتىراش بىلەن تىلاتتى. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار، كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار... يۈزۈمدىكى يارا ئىزلىرى تېخى يوقىغىنى يوق. بۇ ئەبلەخ يۈزۈمدىن ئاققان قانلارنى يالاپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى.

ئاندىن «ماڭا ئادالەت لازىم!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئەتراپنى سۈكۈت باستى. ھەممەيلەن بۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان، جىددىيلەشكەن ئايالغا ۋە دەرەخكە باغلانغان مەغلۇپ ساقچى ئەمەلدارىغا قارىشىپ قالغان ئىدى. تۇيۇقسىز، ئاتمىش ياشلاردىكى بىر ئادەم سەپلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ مەيدانغا ئېتىلدى. قولىدا بىر ئەسكى قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. خىتتاي ئەمەلدارنىڭ كاللىسىنى شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدىكى، نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالمايلا قالدۇق. بوۋاينىڭ «مەن بۇ قىزنىڭ دادىسى» دېيىشى بىلەن ئەتراپ ئۇيۇر - تويۇر بولۇپ كەتتى.

رزىۋانگۈل دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى. خوجا نىياز ھاجى ئادەملىرىنى تارقىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. كاشغەر ۋە باشقا شەھەرلەردە جەڭلەر قىزىپ كەتكەن بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار خائىن ۋە ئىشغالچىلاردىن ئازاد بولغان رايونلارنى رەتكە سېلىپ مېڭىۋاتاتتى.

ھەربىر يۇرتنىڭ ئۇنىلارچە ئېچىنىشلىق ھېكايىسى بار ئىدى.

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خوجا نىياز ھاجى ئۆز - ئۆزىگە «مەن ئۇنىڭ دادىسى» دېگەن گەپنىلا تەكرارلاپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئۇ ئايالنىڭ ئىككىنچى دادىسىدەك ھېس قىلاتتى ۋە جامائەتكە، دەھشەتلىك ئازابقا دۇچار بولغان تۈركىستاننىڭ ئۆز شەرەپ ۋە ئار - نومۇسىنى قوغدايدىغان، بەدىنى ۋە قەلبىدىكى يارىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان سالىھ مۇسۇلمان دادىلارغا ۋە شەرەپلىك ئەۋلادلارغا ھەرزامان موھتاج ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى.

ئىسىمگە جۇۋاينىمەك چولپان كېلىپ قالدى، كاشكى ئۇمۇ رىزۋانگۈلدەك بولغان بولسا... نەدىن خىيالىمغا كەلدى بۇ چولپان، يا ئۇنىڭ دادىسى بولمىسام... بۇ جاپالىق كۈنلىرىمىز ئۆچۈن، بىر يۇتۇم ئوغىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئۇ. گۈزەل باغۇ - بوستانلاردا بارماقلارنى قانىتىدىغان يانتاقلار چوقۇم بولىدۇ، گۈللەرنىڭ ئارىسىدا زەھەرلىك يىلانلار يوشۇرۇنىدۇ. چولپاننىڭ ئاشۇ پەسكەش چېپىنلىدىن پەرقى يوق. بىزنىڭ جېگىمىز چىن لى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا، شۇنداقلا چولپانغا ئوخشاش ئوغلىق تىكەنلەرگە قارشى بولۇشى كېرەك.

❀❀❀❀❀



هەرتەرەپتە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. كاشغەردە يېڭى جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىندى. خوجا نىياز ھاجى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەكىللىكىگە بولسا، قاھىرەگىچە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن، سابىت داموللام ئىسىملىك سالىھ بىر كىشى سايلاندى. سابىت داموللام مىللەت مەجلىسى ۋە مىنىستىرلىكلەرنى تەشكىللىدى... ۋەتىنىمىز ئاساسەن ئازاد بولدى.



ئاز كۈندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. ئۈرۈمچى ئاتالمىش خىتتاي رەئىسىنىڭ تۇرار جايى ۋە ئاخىرقى قورغىنى ئىدى. مەن بولسام قوشۇننى توپلاش ۋە بۇيرۇقلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن قومۇلغا ۋەزىپىگە يوللاندىم. زەپەر بىلەن قومۇلغا قايتالىغىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. بىر ئەسكەرنىڭ ئۆز يۇرتىغا زەپەر قۇچۇپ كىرىشى نېمىدېگەن شەرەپ - ھە! ئۇ

ئەمدى بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدۇ، كىشىلەرگە مېھىر - شەپقەت بىلەن نەزەر تاشلايدۇ ۋە ئۆزى بىلەن خەلقىنى بىر كۈچلۈك رىشتىنىڭ باغلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئەمدى خەلقىنىڭ تومۇرىدىكى بىر تامچە قانغا، ئۇلارنىڭ روھى ۋە ئۈمىدىنىڭ بىر پارچىسىغا، بەختى ۋە قايغۇسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بولىدۇ. ئۇلۇغ زەپەر – خۇددى بۇيۇك بەختسىزلىككە ئوخشاشلا – قەلبلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، بارلىق ئۈمىدلەرنى بىر خۇمدانىدا تاۋلايدۇ.

زەپەر بىلەن قايتقان چەۋەنداز كوچىلاردا پەخىرلەنگەن ھالدا ماڭالايدۇ. دېرىزىلەردىن كۆرۈنگەن خۇش تەبەسسۇملۇق گۈزەل چىرايلارغا، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن بالىلارغا، ئۇياق - بۇياققا خاتىرجەملىك ۋە سائادەت ئىچىدە بېرىپ كېلىپ تۇرغان كاسىپ - دېھقانلارغا نەزەر تاشلايدۇ. شۇ چاغدا، ئۇ چەۋەنداز ئۆزىنىڭ سېپىللارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، توپ ئوقلىرىنى ئېتىپ، يۇرتلارنى خىتتاينىڭ پاسكىنا ئاياغلىرىدىن ئېرىغداش ئارقىلىق زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مانا مەن زەپەر قۇچقان چەۋەندازمەن! نېمىدېگەن گۈزەل تۇيغۇ - ھە!

يېڭى پەيدا بولغان پەيلاسوپلارنىڭ، يەنى ماركسىزمچىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى، ئۇلارنىڭ مەنتىقلىرىنىڭ يوقۇتۇلۇپ دەرھال ئاللاھنى ئەسلەشكە باشلىغانلىرىنى كۆرسەم قەلبىم شادلىققا چۆمىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ يالغاندىن شۇنداق قىلىپ قويمىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن. كۆزلىرىدىكى پەردە كۆتۈرۈلۈپ، تەبىئىي ھالدا ئەزەلىي بولغان، ساختىلىق مەۋجۇت بولمىغان ئاللاھقا قايتتى.

يېڭى ھەربىي ئايغىم بىلەن كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم.

كەينىمدىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

– يەنە قايتىپ كەپسەن مانا مۇستافا ، دېسەم - دېمىسەم ئۇنى ئىزدەپ كەلدىڭغۇ ھەقچان!

كەينىمگە بۇرۇلدۇم، مەنسۇر دورغا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكى ۋە بېشى تېڭىقلىق ئىدى.

– تاس قاپتىمەن سېنى تونۇمىغىلى، – دېدىم چاقچاق قىلىپ، قۇچاقلاشتۇق. مەنسۇر دورغا سۆزلەشكە باشلىدى:

– شىپاخانىدا بىر مەزگىل ياتتىم. بىلىكىمدىن ئىككى - ئۈچ پايدەك ئوق چىقىرىلىپتۇ. سانىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمىدىم. ئوڭ بىلىكىمنىڭ ۋاقتىلىق پالەچ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، – پەرىشانلىق ئىچىدە بېشىنى ئېگىپ داۋام قىلدى، – بەك كۆپ ئەزىمەتلەر شەھىد بولۇپ كەتتى. ئۆلۈمدىن نەپرەتلىنىدىغان بولدۇم. ئىنساننىڭ ئىنساننى ئۆلتۈرۈشى بەك ئېچىنىشلىق ئىش ئىكەن.

بۇنچە ھاماقەتلىكلەر نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنتۇشقا تىرىشىمەن ۋە يەنە مۇرەمنى سىلىكىپ قويۇپ، قورالنى قولۇمغا ئالىمەن. خىتتايلار ياكى ئورۇسلار توپلانغان تەرەپكە قارىتىپ توپ ئوقلىرى ياغدۇرۇشقا باشلايمەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈم يوق، پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈشتىن توختىتىشىنى، قوراللىرىنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېچىنىشلىق بولغىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى جىمىقماي تۇرۇپ، قوراللىرى جىمىقمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئاپەت. ئۇلارنىڭ قوراللىرىنىڭ ساراڭلىقتىن توختىشى ئۈچۈن ئۆزلىرى ئۆلۈشى كېرەك. بولدى بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، كۆلەيلى بىرئاز. بۇنچە قانلىق

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

جەڭلەر ئارىسىدا ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىڭمۇ؟

ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم:

– كىمنى؟

– چولپانىنچۇ!

– مەن ئۇنىڭ دادىسى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنسۇر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

– سەن ئۇنىڭ دادىسى دېگىن.

تاشلاندۇق ساراي تەرەپكە كۆز تاشلاپ قويۇپ، مۇنداق دېدىم:

– كاشغەردە بىر قېرى ئادەمنىڭ مۇشۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم. «مەن ئۇنىڭ دادىسى!» رەئىسىمىز خوجا نىياز ھاجىنىڭمۇ «مەن ئۇنىڭ دادىسى!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. دوستۇم مەنسۇر دورغا، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ دائىم «مەن ئۇنىڭ دادىسى!» دەپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە قاتتىق ئېھتىياجى بار.



مەنسۇر دورغا مۇرەمگە قېقىپ قويۇپ:

– ئۇرۇش سېنىڭ نېرۋىلىرىڭنى چارچىتىۋېتىپتۇ، ئاداش، – دېدى.

– بەلكىم، – دېدىم ئەپسۇسلانغان ھالدا.

– ئۇرۇمچىگە باردىڭلارمۇ؟

– قورشاۋغا ئالدۇق، ئۇرۇش تۈگەشكە ئاز قالدى.

– مېنىڭچە بولسا بىزنىڭ ئەزىيەتلىرىمىز تېخى تۈگمەيدۇ، – دېدى مەنسۇر دورغا كۈلۈپ قويۇپ، بىز ھازىر ئىككى ئارىدا قىسىلىپ قالدۇق، بىر تەرەپتە خىتاي كاپىرلىرى، يەنە بىر تەرەپتە ئورۇس

كوممۇنىستلىرى. ئىككىلىسىنىڭ كۆزى بىزدە، ئىككىلىسى دىنىمىزنى يوق قىلىش كويىدا. چۈنكى، دىنىمىزنى يوق قىلسا بىزدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش پەيلاسوپلىرىنىڭ شۇنداق دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار ئىشغال قىلىشقان بەزى شەھەرلەردىن قاچقان چاغدا يوق قىلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئوقۇدۇم، ئۇلاردىمۇ مۇشۇنداق مەزمۇنلار باركەن. مەندە بۇنداق ماتېرىياللاردىن خېلى بار، ئۇلارنى خوجا نىياز ھاجىغا ئاپىرىمەن. بۇ راستلا يېگىچە ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئىكەن.

– چولپان زالىملارنىڭ قانتى ئاستىدا قېچىپ كەتتى، – دېدى مەنسۇر تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

– سەن قانداق بىلىسەن؟

– ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئەمەلدار ئەڭ بۇرۇن قاچقانلاردىن.

– ئۇنىڭ بىلەن رىزۋانگۇلنىڭ ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار، – دەۋەتتىم ئىختىيارسىز.

– چولپاننىڭ پۈتۈن ئۆمرى توپا - تۇپراق، – دېدى مەنسۇر كۈلۈپ، – ھەتتا لاي - لاتقا. سەن ئۇنى مېنىڭچىلىك بىلمەيسەن. ساڭا تۇنجى قېتىم چولپان ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بېرەي، قەدىرلىك دوستۇم. ئۇنىڭ ئوندىن ئارتۇق ئاشىقى بار ئىدى. ئات باقاردىن تارتىپ پادىچى بالىغىچە، نۆۋەت تۇتقان ئەسكەردىن ئۇنىڭغا زىبۇ - زىننەتلەر سوۋغا قىلىدىغان قېرى بايغىچە... سەن بەك ساددا، ئەخمەق ئىكەنسەن، مۇستافا. قايغۇرما... مەن ساڭا قەتئىي ئوخشىمايمەن. بۇ قارا كۈنلەر ماڭا بىر خىل كىشىدىن باشقىغا ئىشەنمەسلىكنى ئۆگەتتى. قولىغا قورال ئېلىپ ئۆلگۈچە

جەك قىلغان ئادەمگىلا ئىشىنىمەن. ھازىرقى دەۋر پىتنە - پاساتقا تولغان، ئازغۇن بىر دەۋر، بۇ دەۋردە ياشاشنىڭ ئۆزى بىتەلەيلىك. چولپان ئۇرۇمچىگە كەتتى. ئىشەنگىنكى، ئەگەر ئۇرۇمچىگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالىساق، سىنىڭ ئالدىڭغا يىغلاپ ياردەم تىلەپ كېلىدۇ. ھەممەيلەنگە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىپپەتلىك ئايال بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئىشىنىشىدۇ. سېنىڭمۇ ئوخشاشلا قەلبىڭ ئېرىپ كېتىدۇ.

– خائىنلارغا ئۆلۈم! – دېدىم زەردە بىلەن، تاپانچامنى سىلاپ قويغاچ.

مەنسۇر مۇرىسىنى قىقىپ، كۈلۈپ قويۇپ:

– قىلالمايسەن. شۇنداق قىلىشىم زۆرۈر دەپ قارامسەن؟

– ۋەتىنىمىزنى ئوغلىق تىكەنلەردىن، پارازىت ئوتلاردىن ئېرىغدىشىمىز لازىم.

– تىكەنلەرنى ئاللاھ ياراتقان، پارازىت ئوتلار ھەردائىم بار. ھە راست، مەن بىر تاغلىق ئايال بىلەن ئۆيلەندىم. جەك، ئۇرۇش ھەققىدە جىق بىر نەرسە بىلمەيدۇ. ھە، سەنچۇ؟

– بىر - ئىككى كۈن قۇمۇلدا بولىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتىمەن.

– مەن سىلەرگە ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن قوشۇلالايمەن.

مەنسۇر بىلەن خوشلىشىپ، قۇمۇلنىڭ كوچىلىرىدا نىشانسىز ئايلىنىشقا باشلىدىم.

❀❀❀❀❀

# 7

نېمىلا بولمىسۇن، بىز رۇسىيە ۋە خىتتايدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان كىچىك بىر دۆلەت ئىدۇق. لېكىن كىچىكلىكىمىزنى باھانە قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا ئىشىكىمىزنى ئېچىپ، ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشلىرىغا قاراپ تۇرامدۇق؟ ئەلۋەتتە ياق! ئۇرۇش بىر ئاي، ئىككى ئاي، بىر يىل ... ئاللاھنىڭ خاھلىغىنىچە ئۇزىراپ كەتسۇن، پۈتۈن ئۆمرىمىز جەڭ مەيدانىدا ئۆتۈپ كەتسىمۇ كەتسۇن، بۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىز دېمەكتۇر، بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز يوق.

— ئۇرۇش ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىپتۇ، ھەممە يەر خارابە، — دېدى خوجا نىياز ھاجى ئەتراپقا قاراپ.

— قۇدايىم، سوغىس جۇرېگىمىزدىگى ئاللاھقا ئەرى ئۆزىمىزگە بولغان سېنىممىزدى جوق قىلماسىن، — دېدى شەرىپخان تۆرە. ئۇ بەستلىك، سۈرلۈك ئادەم بولۇپ، خۇددى ئاللاھ ئۇنى جەڭچى بولۇشى ئۈچۈن ياراتقاندەكلا ئىدى.

— ھەممە يەردە ئاچ - يالىڭاچلار.

— بىلىمەن، قاجى، سوغىستىڭ بەدىلى ئاۋىر.

— ھەريەرنى قورقۇنچ - ئەندىشە ئەسىر قىلىپتۇ.

— قانداي قىلامىز؟ — شەرىپخان تۆرە خوجا نىياز ھاجىغا يېقىن

كېلىپ داۋام قىلدى، – مېنىڭ ئويۇم، ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئۆمىدىنى ئۈزۈپ بولساق،
– شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.



«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى
(12 - 11 - 1933)



– يە ئۆلۈپ بىتىمىز، يە ئۈرۈمچىنى مېنىڭ ئېلىپ بۆتۈنلىي قولىمىزغا ئالارمىز.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقان چاغدا، جىن شۇرېن بىلەن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمانلارنى ئېزىدىغان ماددىي ۋە ئەسكىرىي ياردەم ھەققىدە كېلىشىم بولۇۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە رۇسلار جىن شۇرېنغا ئىشەنمەيتتى.

شۇڭا، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، خىتتاي ئارمىيەسى ئىچىدىكى نىيىتى بۇزۇق ئاتالمىش خىتتاي قوماندان شېڭ شىسەيگە ياردەم

بەردى. شىڭ شىسەي كوممۇنىست ئىدى. ھەربىي ئۆزگىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، جىن شۇرېن رۇسىيە ئارقىلىق خىتتايغا قېچىپ كەتتى. ھوقۇق پۈتۈنلەي شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ كوممۇنىست قول چوماقچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. رۇسلار بىلەن شىڭ شىسەي ئارىسىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش نامى ئاستىدا بىر يېڭى كېلىشىم تۈزۈلدى. شىڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاننىڭ خام ئەشيالىرىنى رۇسلارغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. رۇسلار بۇنىڭ بەدىلىگە مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ، يېڭى قۇرۇلغان تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال - ياراق ياردەم قىلىدىغان بولۇشتى. 1933 - يىلى دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى رۇسلارنىڭ ئوتتۇز ئايروپىلان، يىگىرمە تانكا، ئەللىك ئۇرۇش ماشىنىسى بىلەن قوراللانغان ئۈچ بىرىگادا ئەسكىرى ئىلى، چۆچەك يوللىرىغا تۆكۈلدى. 107

خەۋەرلەر تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. كىشلەر بىزنىڭ تۈيۇقسىز يېتىپ كەلگەن ياردەمچى قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەسلىكىمىزدىن ھەددىدىن ئارتۇق ئەنسىرەيتتى.

– تېخى تۈنۈگۈن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتۇق، – دېدى خوجا نىياز ھاجى.

بۇ گەپنى ئاڭقىرالمىغان شەرىپخان تۆرە:

– بۈگۈنچى؟ – دېدى.

– بۈگۈنكى ئۇرۇشىمىز ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە ئىتتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، – گېنېرالغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، – شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئۇرۇشتىن باشقا چىقىش يولىمىز بارمۇ، قەدىرلىك تۆرەم؟

– مېن ساياسات دېگىنى بىلمىيمەن، تەجرىبىلىرىدىن ئۆيرىنگىنىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقىيە

بىزدىڭ تېخى شىغار جولىمىز سوغىس. سوغىس مايدانىندا جېڭىبىسىك، جاۋدىڭ ئۆزى قورال تاستاۋى قىين.

– ئۇنداقتا ئۇرۇشنى ئاداققىچە داۋام قىلىمىز، – دېدى خوجا نىياز ھاجى قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ئوق ياغدۇرۇۋاتقان ئايروپىلانلارغا قاراپ قويۇپ.

بۇ ئارىلىقتا، رۇسلار ئەسكىرىي، تىجارىي شۇنداقلا سىياسىي مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇرۇمچىدىكى يېڭى خىتتاي رەئىسى شېڭ شىسەيگە ئەۋەتىلگەن ئىككى چوڭ مەسلىھەتچىنىڭ بىرى، كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان مالىنكوف ئىدى.

مالىنكوف ناھايىتى قۇۋ، قاقباش بولۇپ، ئۇنىڭ لايىھەلىرىگە ۋە پىكىرلىرىگە سەل قارىغىلى بولمايتتى. ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دېدى: 

– مېنىڭ ئۇرۇش ھەققىدە بىر پىكرىم بار، ئەگەر ئەمەلگە ئاشۇرالىساق جىق غەلىبىگە ئېرىشىمىز.

– خوش؟ – دېدى شېڭ.

– بىزدە بىر تۈركۈم تامامەن رۇسىيەدە تەربىيەلەنگەن شەرقىي تۈركىستانلىق كوممۇنىست ياشلار بار... ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك. ئەگەر بىز ئۇلارنى يوللاپ ھاكىمىيەتنىڭ غوللۇق يەرلىرىگە قويساق، ئۇ چاغدا ئۇرۇشنىڭ تۈسى ئۆزگىرىدۇ. ئۇرۇشنى خۇددى مۇتەئەسسىپ خوجا نىياز ۋە ئادەملىرى بىلەن يېڭىلىقپەرۋەر ھاشىم ھاجى ۋە سەيىد ھاجى قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتەلەيمىز.

بۇ پىكىرنى شىڭ شىسەي قوش قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. شەرقىي تۈركىستانلىق كوممۇنىست «يولداشلار» دەرھال توپلاندى. سەيىد ھاجى ئۆز ۋاقتىدىكى ناتسىست گېستاپوچىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئىستىخبارات ئىدارىسىغا رەئىس قىلىپ سايلاندى. سەيىد ھاجى شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە ئۇلاردىن مەلۇمات ئىگىلەشتە ئەڭ پەسكەش ئويۇنلارنى ئوينىدى. شەھەر - شەھەرلەردە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى.

ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان بار كۈچىمىز بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتۇق. جەڭ چىن مەنىدە دەھشەتلىك بولۇۋاتاتتى. ئۇرۇش پەقەت روھنى تەندىن جۇدا قىلغۇچى مىلتىق، ئايروپىلان، تانكا، قالقانلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى كوممۇنىستلار ناھايىتى ماھىر بولغان چىقىمسىز بىر ئۇسۇلدىمۇ بولۇۋاتاتتى. بارا - بارا كوممۇنىستلار غالىب كېلىشكە باشلىدى، بىز ئۇرۇمچىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇق.



دوستۇم مەنسۇر دورغا ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، بىر ئاماللار بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان ئىدى. يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ - غارايىپ سوراق قىلىنىش جەريانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ مەنسۇر دورغا ھەيدەپ ئاپىرىلغان «ج خ ئورگىنى» دەپ ئاتالغان ئىستىخبارات بىناسىدا بولغان ئىشلار بولۇپ، دەھشەتتىن كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايتتى. مەنسۇر دورغا قىيناقتىن يىقىلىپ قاپتۇ ۋە:

– مەن تاغلىق، ئۇرۇش دېگەننى چۈشەنمەيمەن. ساۋادىممۇ يوق. ئىسيانچىلار مېنىڭ قوي - پادىلىرىمنى زورلاپ ئېلىۋالدى، ئاندىن سىلەر كېلىپ مېنى تۇتتۇڭلار... مەن گۇناھسىز، ئۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
سائىبە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

دېگەننى بىلمەيمەن، – دەپتۇ.



سەيىد ھاجى



ئىستىخبارات مەركىزى جەھەننەمگىلا ئوخشايدىكەن، مۇدىر سەيىد ھاجى ئۆزى ئىش بېشىدا تۇرۇپ چالۋاقاپتۇ:

– ھەي دۆت خائىنلار! نېمىشقا مۇتەئەسسىپ، خائىن خوجا نىيازنىڭ سېپىدە ئۇرۇش قىلىشىسەن؟ ئۇنىڭ ماللىرىڭلارنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى، سەنلەردىن تۇيدۇرماي يىغقان مىليونلىرىنى... سەنلەرنى مال ئورنىدا سېتىپ خەجلىگىنىنى، ئۆزىنىڭ بولسا ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيا، خوتۇن - كېنىزەككە ساھىبلىقىنى بىلىشمەمسەن؟ قارا مانا ئۇنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئويدۇرما خەۋەر، يالغان سان - سىفىر، ياسالما فوتو سۈرەتلەرنى يېيىشقا باشلاپتۇ.

ئوخشاش ئىشنى شەرىپخان تۆرە ۋە باشقا مۇھىم رەھبەرلەرنىڭ

ھەممىسى ھەققىدە قىلىدۇ. مۇشۇنداق يالغان - ياۋىداقلار بىلەن ئەسىرلەرنىڭ روھىي يۆلەنچۈكلىرىنى بىرمۇبىر ئۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، سەييد ھاجى زەبانىيلىرىنى چاقىرىپ قىيىن - قىستاقنى باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قەبىھلىكتە جاھاندا تەڭدىشى يوق سايمانلىرى قىيىن - قىستاققا ئىلىنغانلارغا جەھەننەمنىڭ ئازابىنى تېتىتىدۇ. بىچارىلەر يىغلاشقا، ۋارقىراشقا باشلايدۇ ياكى غىڭ قىلماي ئۆلىدۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ، بۇ مەسۇم ئادەملەرگە مەجبۇرىي ئىمزا قويغۇزۇلغان ئىقرارنامىلەر «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلىپ تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ گېزىتنىڭ مۇدىرى ۋەن باۋ دېگەن پەسكەش خىتتاي بولۇپ، خائىنلار ياكى ئىستىخباراتچى شايكىلار يازغان يازمىلارنى تۈركىستان ئەۋلادلىرىنىڭ نامىدا نەشر قىلاتتى. ئۇرۇش مەيدانلىرى كۆپىيىپ، ھەرتەرەپتىن ھۇجۇم بولۇۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار جەڭگاھتا قورال تۇتقان ياۋ بىلەن ئېلىشىشتىن باشقا يەنە ئەڭ چوڭ دۈشمەن روھىي چۈشكۈنلۈك بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر قالغان ئىدى.

ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇيالمايدىغان ئۇ كۈن كەلدى... ئاھ، كاشكى، ئاللاھ ماڭا ئۇ كۈننى كۆرسەتمەي تۇرۇپلا ئامانىتىنى ئالسىچۇ. 1934 - يىلى ئىيۇل ئېيىدا، جەڭ ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ھەر تەرەپتىن خىتتاي ۋە رۇس كوممۇنىستلار، ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بولغان يەرلىك خائىنلار مىغىلداپ باراتتى.

– قېرىنداشلىرىم، ئالدىمىزدا شەھىدلىكتىن باشقا يول يوق! – دېدى خوجا نىياز ھاجى ئەتراپىغا قاراپ.

شەرىپخان تۆرە ئېلىشىشتىن ھېرىپ ھالى قالمىغان، ئۇستىبېشىنى توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئايروپىلان ۋە تانكىلار توختىماي

ئوت چاچرىتىپ تۇراتتى، يوللار جەسەتلەر بىلەن تولغان، ھاۋانى قان ھىدى قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

– بۇ جول بىز جېڭىلدىك سېكىلدى، – دېدى شەرىپخان تۆرە.

خوجا نىياز ھاجى:

– باشقا بىر ئورۇنغا يۆتكەلمىسەك بولمىدى، – دېدى.



شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئارمىيەسى



دۈشمەنلەر كۆپىيىپ كەتتى. بىز تەرتىپسىزلا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق ۋە كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا بىز ناھايىتى ئاجىز تەرەپ بولغان بۇ جەڭدە، تەرتىپسىز چېكىنىشنىڭ دەردىنى ئوبدانلا تارتتۇق. قول - پۇتلىرىمغا سانجىلىۋاتقان تىكەنلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي، بىر قىياغا يامىشىشقا باشلىدىم. ئېگىز بىر چوققىغا ئۇلاشقاندىن كېيىن، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ يىراقلارغا قارىدىم... ۋاي ئاللاھ! خوجا نىياز ھاجى، شەرىپخان تۆرە ۋە بىر

تۈركۈم باشقا قېرىنداشلىرىمىز دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىمۇ چوقۇم «ج خ ئورگىنى» دەپ ئاتالغان ئىستىخبارات مەركىزىگە قاراشلىق بىر يەرلەرگە ھەيدەپ مېڭىشقانىدى.

ئۇمىدلەر قۇرۇدى. قانتى سۇنغان قۇشقا ئوخشاپ قالدىم. قەلبىمدىكى ھەممە نەرسە - مۇھەببەت، ئۇمىد، غەلىبە ھەممىسى ئۆلدى؛ خۇددى تۇنۇگۈن چولپان يۇرىكىمدە ئۆلگەندەك. كۆرەشچان كۆڭۈللەر غايىپ بولغان، پەقەت ئەسلىمىلىرى قالغان ئىدى؛ خۇددى كۆزدىن غايىپ بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغان مەنسۇر دورغىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئوخشاش. باللىقىدىن باشلاپ كوممۇنىزم سەپسەتىسىدە تەربىيەلەنگەن بۇ تۈركىستان ئەۋلادلىرىنىڭ ئېڭىدىكى رەھىمسىزلىك، قۇلچىلىق ۋە ئىنقىلابقا بولغان ئۆچمەنلىكلەرنى كۆرۈش مېنى بەك بىئارام قىلاتتى. ماڭا ئەڭ ھار كەلگىنى، دوغىلاققىنا، پولتاي كۆز، ئاۋازى بوم بىر يۇرتدىشىمنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنى قوي ھەيدىگەندەك ھەيدەپ مېڭىشى ۋە ئۇلارغا ھايۋاندەك مۇئامىلە قىلىشىنى كۆرۈش بولدى.

خوجا نىياز ھاجى ۋە شەرىپخان تۆرىگە نېمە بولغانلىقى خېلى ئۇزۇنغىچە سىر تۇتۇلدى. چۈنكى، ئۇلار ۋە باشقا ئەسىرلەرنى تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى نامەلۇم بىر يەرگە ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى...

ئىستىخبارات مەركىزىدە خوجا نىياز ھاجى يىرتىق كىيىملەر بىلەن، بەدەنلىرى تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن ھالدا ئولتۇراتتى. سوراق مىسلىسىز دەھشەتلىك بولۇۋاتقان بولۇپ، نۇرغۇن مۇھىم شەخسلەر قاتناشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسلاردىن مالىنكوف فىدىن،

113

زاخاروف، ئىۋانوف ۋە دوكتور جورا ۋېلوف، خىتتايلاردىن جاللات شېڭ شىسەي، جاڭ مىنفاڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» باش مۇھەررىرى ۋاڭ باۋشىن، كېيىنچە خوتەنگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن فاڭ بەيفەنلەر بار ئىدى.

خوجا نىياز ھاجى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ماغدۇرسىز ھالدا ئولتۇراتتى. ئىستىخبارات مۇدىرى سەيىد ھاجى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىردى:

– جىنايىتىڭنى ئېتىراپ قىلامسەن - يوق؟!

خوجا نىياز ھاجى كۈلۈپ كەتتى، ھازىرلا قان چاچرىتىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

– سەنچۇ؟! – دېدى.

– مەن؟!

– ھەي سەيىد، خائىن مەنمۇ يا سەنمۇ؟

خائىن سەيىد خوجا نىياز ھاجىنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. جۇمھۇر رەئىسىمىز باغلانغان قوللىرىنى سىلكىپ مەسخىرە ئارىلاش پىچىرلىدى.

– كۆكۈيۈندەك نېمانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدۇ ماۋۇ؟...

– راستىڭنى ئېيت!

– ھەممىسى روشەن تۇرمامدۇ، – دېدى خوجا نىياز ھاجى كۈلۈپ، – ئەركىنلىكى ۋە شان - شەرىپىنى قوغدىغانلارنىڭ قوللىرىدا

كىشــەن. نىجىس خائىنلارنىڭ قولىدا بولسا ئىشــلارنىڭ تىزگىنى، قامچا ۋە زۇلمەتلــك زىندانلارنــڭ ئاچقۇچــى. يەنــە بىــر ھەقىقــەت شــۇكى، مــەن ھامىنــى ئۆلىمەن. شــۇڭا مەن ســېنىڭ يۈزۈڭگــە تۈكۈرەلەيمەن، تۇفىي!...

بۇنىڭدىــن چۆچۈپ كەتكەن ســاتقىن ئىســتىخبارات مۇدىرى خوجا نىيــاز ھاجىغا نەپرەت بىلــەن قاراپ:

– توغرا دېدىڭ، ئۆلىســەن، ئىت ئۆلۈمدە ئۆلىســەن! جەســىتىڭنى ھېچكىــم تاپالمايدۇ، – دېدى.

– جەســىتىمنىڭ نېمــە قىممىتــى بولســۇن؟ روھــم تاغلاردىــن ئېشــىپ يۈكســەكلەرگە كۆتۈرۈلىدىغــان، ئۆلمەيدىغــان تۇرســا.

قولىدا قەلەم قەغەز تۇتۇۋالغان باش مۇھەررىر گەپكە ئارىلاشتى:

– روھ دېگەن نېمە؟

خوجا نىياز ھاجى ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، ئۇنى تونۇيتتى:

– گېزىتىڭــدە بــۇددا دىنىدىــن، كوڭزىچىلىقتىــن يازمــلار نەشــر قىلالماســەن؟ – دەپ ســورىدى.

– سوئالنى مەن سورىدىم.

– ماقۇلە... روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ.

– پەرۋەردىگار دېگەن نېمە گەپ؟

– ياراتقۇچى.

– قايسى ياراتقۇچى؟

– ســېنى، مالىنكوفنــى، شــېڭ شىســەينى ياراتقانلىقىــدا شــەك

بولمىغان ياراتقۇچى. يېگانە ياراتقۇچى.

مالىنكوف زاڭلىق قىلغاندەك قىلىپ:

– تەبىئەت، – دېدى.

– ئەمىسە مەن سوراپ باقاي، تەبىئەت دېگەن نېمە؟ – دېدى خوجا نىياز ھاجى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ.

– كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە.

– بۇ تەبىئەتنى كىم باشقۇرىدۇ؟ كىم ياراتقان؟

– بۇ دېگەن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ سەپسەتىسى، – دېدى سەيىد ھاجى.

خوجا نىياز ھاجى كۈلۈمسىرەپ قويۇپ قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى پىچىرلىدى:

116

﴿**ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ**﴾(جاسىيە: 24)

– پۈتۈن خەلقنى ئالدىغانلىقىڭنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك، – دېدى سەيىد ھاجى يېقىن كېلىپ، پەس ئاۋازدا.

– سەنمۇ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن جەڭ قىلغان بۇ خەلقنىڭ كۆزىنى بويىغانلىقىڭنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك.

– قانچىلىك بايلىقنى يوشۇرۇن يەۋالغىنىڭنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك.

– مېنىڭ شەخسىي مېلىم يوق. جەسۇر مۇجاھىدلار بىلەن بارنى تەڭ يەپ، بىللە يېتىپ بىللە قوپتۇم.

– مانا ھازىر ئۇرۇش جىنايەتچىسى سۈپىتىدە سوتقا تارتىلىۋاتىسەن.

– ئىشغالچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلالىغىنىم مېنىڭ شەرىپىم. مەن جىنايەتچى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىد.

– ئىسلامنى يوق قىلىشىمىز كېرەك، شۇندىلا پۈتۈن قارشىلىقلار يوقايدۇ، – دېدى مالىنكوف شىبىڭ شىشەينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

– ئەلۋەتتە.

سەيىد ھاجى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرغاچ:

– سېنىڭ ئېتىراپ قىلىشىڭ بىھاجەت. ئۇرۇش مەيدانىدا، جىنايەت ئۈستىدە قولغا ئېلىندىڭ سەن، – دېدى.

– نىجىس خاترەڭگە يېزىپ قوي، پۇشايمىنىم يوق. شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلاتتىم.

– قول ئاستىمداغىلاردىك بىرەۋى بولغان بولساڭ قۇرت قوڭغۇزدى مىجىغاندەك ئېزىپ جىبەرگەن بولار ئىدىم، – دېدى شەرىپخان تۆرە سەيىد ھاجىغا بۇرۇلۇپ.

– ساڭا ئۆلۈم جازاسى يەتمىگۈدەك، سېنى پارچە - پارچە قىلىپ گۆشۈڭنى ئىتقا تاشلاپ بېرىش كېرەك.

مەنسۇر دورغىمۇ شۇ تۈرمىگە قامالغان ئىكەن. بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئۆزىمۇ قىيىن - قىستاق ۋە خورلىنىشلاردىن نېسىۋىسىنى ئاپتۇ. ئۆلۈمدىن مۆجىزىدەك قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ساپىيە تەشقات مەركىزى

ئېيىنىڭ بىر كېچىسى، ئىستىخبارات مەركىزىنىڭ ئەتراپىدا قاتتىق بىر پارتلاش يۈز بېرىپتۇ. پەيدا بولغان قالايمىقانچىلىق ۋە تامدىن ئېچىلىپ قالغان يوچۇقتىن پۇرسەت تېپىپ مەنسۇر دورغا بىلەن يەنە ئۈچ كىشى ئۇ تۈرمىدىن قېچىپتۇ. لېكىن، قالغان ئۈچەيلەن ئوق تېگىپ شەھىد بوپتۇ. مەن مەنسۇر دورغىنى تاكى بىر يىلدىن كېيىن، تاغدا ئەسكى - تۈسكى پادىچى كىيىملىرى بىلەن، ئاقساق هالدا ئۇچراتتىم، باشقىلار ئۇنى «ساراڭ» دەۋالغانىدى.

بۇ مۇشكۈل كۈنلەردە، دۈشمەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى، يۇرتلاردىكى خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ بولغان ئىدى. نىمە قىممەتلىك بولسا شۇنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى.

مەنسۇر دورغا مۇنداق دېدى:

– ئويلاپ باقە، ئورۇسلار ۋەتىنىمىزدىكى هايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن چىشى هايۋانلارنى سوۋېتكە ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ.

– خۇددى تۇنۇگۇن خىتتايلار بىزنىڭ ئاياللىرىمىزغا قىلغاننى، بۈگۈن بۇلار ئۆتۈپ - تېشىپ هايۋانلارغىمۇ قىلغىلى تۇرۇپتۇ - دە! – دېدىم پەرىشان هالدا.

تۆهمەتلەر، ئويدۇرۇلما جىنايەتلەر... بىگۇناھ ئىنسانلاردىن بىرىگە تۆهمەت چاپلىۋالدىمۇ بولدى، ئۇنىڭ پۈتۈن جەددى - جەمەت، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تۇتۇپ سولاشقا باهانە تېپىلغان بولاتتى. يامان خەۋەرلەرنىڭ سىرتقا تارىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن هەربىر يۇرتنىڭ ئەتراپىدا مۇستەهكەم قورغانلار بەرپا قىلىندى. ئەندىشە ئەۋج ئالدى، هەرتەرەپنى قورقۇنچ، ۋەهىمە قاپلاپ كەتتى. كىشىلەر ئۆز بالىلىرى بىلەنمۇ ئەركىن ئازادە سۆزلىشەلمەس بولۇپ كەتتى.

رۇسلار بىر ئۆيدىكى ئادەمنىڭ يېرىمىنى جاسۇس قىلىپ بولۇشقان ئىدى. قوشنىلارمۇ بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ھالغا كېلىشتى. دۆلەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى جاسۇس. ئەسكەر، ئوقۇغۇچى، ئىشچىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئىستىخبارات مەركىزىدىن مائاش ئالىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. بەزىلەر تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقتىن، بەزىلەر تۇرمىگە تاشلانماسلىق ئۈچۈن، كىمدۇر ئوغلىنىڭ غايىپ بولۇپ كەتمەسلىكى، يەنە كىمدۇر قىزىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلاتتى بۇ جاسۇسلۇقنى.




شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى «سىياسىي ئۆگىنىش» يىغىنى

كىشىلەرگە ئارتىلغان تۆھمەت، ئويدۇرما جىنايەتلەرمۇ خىلمۇخىل ئاجايىپ - غارايىپ ئىدى. ئوقۇغۇچىدىن بىرىنى تۇتاتتى، ئاتاقتا قوزغىلاڭغا قاتنىششىنى نىيەت قىلغان ئىمىش؛ ئىشچىدىن خاھلىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساپىيە
تىسلام تەتقىقات مەركىزى

بىرىنى سوئال - سوراققا تارتىپ قىيىن - قىستاققا ئالاتتى، بەجايىكى، كۆزقاراشلىرى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەنمىش؛ بىر ئوقۇمۇشلۇقنى تۇتاتتى، ئاتالمىش چەتئەلگە خىزمەت قىلغانمىش... يا ئاللاھ... بۇ كۆرگەنلىرىم بەئەينى قاباھەتلىك چۈشتەك، بولۇپ ئۆتكەنلەرگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. يۈز مىڭدەك ئادەمنىڭ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە؛ يېرىم مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا؛ دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئاۋۋال خورلىنىپ ئاندىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە، تارىخىي ۋە دىنىي كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىگە، مەسجىد - مەدرىسەلەرنىڭ ئېغىل - ئامبار ياكى تىياتىرخانىلارغا ئايلاندۇرۇلغانلىقىدەك ھەقىقەتكە قانداقمۇ ئىشەنگۈم كەلسۇن؟ يېڭى ئەۋلادلارنى بولسا تارىخنى بۇرمىلاپ، كىشىلىكنى بۇزۇپ «يېڭىچە تەرەققىيات» تونىغا ئورانغان قىزىل ئىستىلا تونىدا تۇنجۇقتۇرۇپ يوق قىلىۋېتىپ باراتتى. 

❀❀❀❀❀


# 8

ئـاھ، قۇمـۇل شـەھرى! بىشـىڭدىن ئەجەب كـۆپ پاجىئەلـەر ۋە ئاپەتلـەر ئۆتتـى - ھـە! خىتتـاي ئوفىتسـېرنىڭ بـەگ قىزىغـا ئىگـە بولـۇش يامـان نىيىتىنى كۆپۈككـە ئايلاندۇردۇڭ، ئۆلىمـالار قوزغالدى، ئىسـيان پارتلىدى. ھەممـە ئادەمنىڭ ئاغزىدا «قۇمـۇل» ئىدى. قۇمۇل چىـدام - غەيـرەت، تىـك تۇرۇشـنىڭ سـىمۋولىغا ئايلانغـان. قۇمـۇل دىمـەك غۇرۇر ۋە شـەرەپ دىمـەك، قۇمـۇل دىمەك ئىپتىخـار دىمەك ئىـدى. قۇمۇللۇقـلار بـۇ ئىسـىل شـەھەرنىڭ پەرزەنتـى بولغىنىدىـن پەخىرلىنىشـكەن ئىدى. خۇددى ئەجدادلارغا ئوخشاش، شەھەرلەرمۇ مۇشـۇنداق بىـر مەزگىل شـانۇ - شـەۋكەتنى يۇر كەتسـە، يەنـە بەزىدە ئاللاھنىـڭ كائىناتىدىكى ئەڭ قەدىرسـىز نەرسـىگە ئايلىنىـپ قالاتتى.

قۇمۇلنىڭمـۇ قوزغىلاڭدىـن كېيىنكـى تەنتەنىلىـك كۈنلـرى ئۇزاققا بارمـدى، قانلىـق ئىنتىقامغـا ئۇچرىـدى. بـەگ قەسـرى بولسـا ئوق يامغۇرلىرىنىڭ ۋە غەزەپنىڭ ئاساسـلىق نىشـانى بولۇپ قالدى. كىچىك بىكـە ۋە باشـقا ئائىلـە ئەزالىرى قەسـردە ئىدى، چولپانمۇ شـۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتـى. ئۇلار قېچىـش تەييارلىقلىرى پۈتـۈپ «چىقىپ كېتەيلى» دەپ تۇرۇشـىغا، باۋدىـڭ ئىسـىملىك خىتتـاي ھەربىـي ئەمەلـدارى قەسـرگە بېسـىپ كـىردى. ئەممـا، يېنىدا جىق ئەسـكەر يـوق ئىدى. باۋدىـڭ بېلىگە ئېسـىلغان قىلىچىنىڭ سـېپىنى سـىقىمدىغىنىچە كىرىپ كەلـدى. كىرىپـلا، گۈللۈكتىكـى قىپقىزىـل ئەتىـر گۈلنى پـۇراپ تۇرغان

لاتاپەتلىك قىزنى كۆرۈپ تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. چولپان باۋدۇنغا مەنىلىك تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ تېخى ئېغىز ئاچمايلا چولپان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

– بىزنى ئېلىش ئۈچۈن مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. مەن شىجائەتلىك ئەزىمەتلەرنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن رەھىمسىز جاللاتلاردىن نەپرەتلىنىمەن، – دېدى.



1943 - يىللاردىكى ئۇيغۇر قىزلىرى



باۋدۇنىڭ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى، بۇ گەپلەردىن نېمە دېمەكچىدۇ؟ ئەنىڭ ئاۋۋال ئۇ كىم؟ جامالىنىڭ گۈزەللىكىدە شەك يوق، ئۇنىڭغا قارىغان ھەركىم مەپتۇن بولۇپ قالاتتى. لېكىن، باۋدۇنىڭ ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىدىن گۇمان قىلاتتى. ھەممە نەرسىگە كۈچىنى ئىشلىتىپ قوپاللىق،

زورلۇق بىلەن ئېرىشىشكە ئامراق ئىدى. ئەسكەر ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەلىبە ئۇنىڭ تەرىپىدە. ئەمما، بۇ مەغلۇپ مۇسۇلمانلار خىتتايلار بىلەن تويلىشىشنى رەت قىلدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

چولپان:

– ئەگەر مېنى مەجبۇرلاپ ئالساڭ، ئەقەللىي سائادەتنىمۇ تېتىيالمايسەن، – دېدى.

باۋدىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، توغرىلاپ تۇرغان قورالىنى چۈشۈرگەن هالدا:

– گېپىڭىزدىن قارىغاندا، بىردەم بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە ياق دېمەيدىغاندەك قىلىسىز، – دېدى.

– ئەسكى، ئىمدەپ ياق دېگۈدەكمەن. لېكىن، ئادەملىرىڭدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، – دېدى چولپان نازلىنىپ، يۈزى قىزارغان هالدا.

– ئۇلارنى سىرتتا ساقلاشقا بۇيرۇيمەن.

چولپان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

– ۋاي خۇدايىم! شۇنچىۋالا ئادەم قاراپ تۇرسا، ھەتتا خەق ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئىككى ئاشىق قانداقمۇ خۇشال بولالىسۇن. ياق، كەتسۇن، يىراققا كەتسۇن.

– قەسىردە مەن ئىلىپ كەتمىسەم بولمايدىغان ئادەملەر بار.

– مانا مەن قەسىرنىڭ خانىمى، ئالدىڭدا پاقلاندەك بويۇن ئېگىپ تۇرۇۋېتىمەنغۇ، – دېدى كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

باۋدۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى دەرھال گازارمىغا قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنى كەتكۈزۈۋېتىپلا چولپانغا قاراپ:

– ئەمدى بولغاندۇ؟ گۈزەللىكىڭىز ئەقلىمنى لال قىلدى، – دېدى.

– توختا، سەۋر قىلىپ تۇر. ئازراق ئۇيا - ئەگلىك سۈرۈپ، ئەتىر چېچىپ، مەي ئېلىپ چىقاي.

چولپان ئالدىراپ ئىچكىرىگە كىردى. ئاغچا ئايىم، بەگ قىزى، قېرىنداشلىرى ۋە باشقا خىزمەتچىلەر ساراسىمە ئىچىدە ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى. قۇمۇل شەھىرى تۈن قاراڭغۇسىغا پۈركەنگەن، ئەتراپتا ۋەھىمە ھۆكۈم سۈرەتتى. چولپان بەگ ئائىلىسىگە قاراپ، قەتئىيلىك بىلەن: «قېچىشنىڭ پەيتى كەلدى. خىتايلارنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال كېتىشىسىلە. ھەرقايسىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ قېلىشقا چىدىمايمەن، لېكىن ئۆزلىرى بولسىمۇ كېتىۋېلىشسىلا. مەن ئۇ خىتاي ئەمەلدارنى گوللاپ تۇرىمەن، ھەرقايسىلىرى ئارقا ئىشىكتىن ئاستا چىقىپ كېتىشسىلە. بىز تەييار قىلىپ قويغان ھارۋا ئارقا ئىشىكنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، چىقىپلا تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىشسىلا. قېچىش يوللىرىنى قامال قىلىۋېلىشقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشسىلا. چۈنكى، بىرسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشسىلا، پۈتۈن دۈشمەنلەر يوپۇرلۇپ كېلىدۇ - دە، ھاياتلىرى ياكى ئىززەتلىرى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. مەن ھەرقايسىلىرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشقا تەييار، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي دەرھال مېڭىشسىلا. خىتاي ئەمەلدار ساقلاۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەي ئېلىپ چىقاي. تېز قېچىشسىلا» دېدى.

ھەممەيلەن ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى، ۋىدالاشقاچ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشتى. چولپان كىرپىكلىرىدىكى ياش قۇرىمىغان بولسىمۇ، خىتتايچە بىر سېرىق ناخشىنى غىڭشىغاچ چىقىپ كەلدى. ئۇ بۇ بىر نەچچە مىسرا ناخشىنى بىر قېرى خىتتاي خىزمەتكاردىن ئۆگىنىۋالغان ئىدى. مەي ئېلىپ كەلگەن ئىدى. خىتتاي ئەمەلدارغا بىر قەدەھ مەي سۇندى. باۋدىك قەدەھكە شۈبھە بىلەن قاراپ قويۇپ، قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. چولپان ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن «بىرەر ئىشنى تۇيۇپ قالغان بولسا كېرەك»، دەپ چۆچۈپ كەتتى ۋە قورققىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا:

– نېمە بولدى؟ – دېدى.

– زەھەر سېلىۋەتكەن بولساڭچۇ...



چولپان تېلىقىپ قالغۇدەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ:

– مەن ئاۋۋال ئىچىپ بېرەي. بۇ قەسىر بىنا بولۇپ تېخى بىرەر كىشى زەھەرلىنىپ ئۆلگەن يوق. بىز مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، پەقەت قىلىچ بىلەنلا ئېلىشىمىز، سۇيىقەست بىلەن ئەمەس.

باۋدىك ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، قۇچاقلىۋالدى. چولپان ئۇنى يېنىككىنە ئىتتىرىۋەتتى ۋە:

– بەك جىق نەرسىدىن قورۇق قالدىڭ! – دېدى.

باۋدېك چولپاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ، دەرھال:

– مېنى ئەيىۋ قىلغىن، – دېدى.

www.uyghurkitap.com

– بەك كېچىكتىڭ.

– ھەددىڭدىن ئاشما!

– چولپان ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ.

– لېكىن، بىزنىڭ مۇھەببەت رىشتىمىز باغلانغان ئىدىغۇ؟

– شەك - شۈبھە سۆيگۈنى ئۆلتۈرىدۇ.

– مېنىڭ ئەھۋالىم ئېھتىياتچان بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەسەبىيلەر نۇرغۇن ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى... لېكىن، مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

چولپان بېشىنى تىك تۇتۇپ، كەسكىن ھالدا:

– بۈگۈن كېچە سېنى كۆرگۈم يوق، – دېدى.



باۋدىڭ ئىچىدە ئويلاۋاتاتتى: ئاجايىپ ئىش، بۇ قىزنىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىرىدىن تۇتۇپ تاپىنىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ دەسسىۋېتىشكە، نېمىنى خاھلىسا شۇنى قىلدۇرۇشقا كۈچى يېتەتتى. لېكىن، قەلبى ئۇنىڭغا بويسۇنمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل جامالىغا، قىلىقلىرىغا، ئۆتكۈر، ئوچۇق - يورۇق سۆزلىرىگە رام بولۇپ قالغان ئىدى.

– چولپان، مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم. سەن ماڭا رازىلىق بەرمىگۈچە كەتمەيمەن، – دېدى.

ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ تۇرغان چولپان:

– ئارقىدىن خائىن ئوقى ئېتىشقا بەك ئۇستا سىلەر، بىلىمەن. لېكىن، مەن ھازىر ئارام ئېلىش ئۈچۈن خانەمگە چىقىپ كېتىمەن.

– گۈزەل مەلىكەم، – دەپ يالۋۇردى.

– مەن مەلىكە ئەمەس. بىچارە كىچىك مەلىكە قورقۇنچاق مۈشۈككە ئوخشاش تاغقا قېچىپ كەتتى. مەن ئەمەلىيەتتە بۇ قەسىر ھەرەمىنىڭ غوجدارى. خاھلىساڭ مېنى بۇ قەسىرنىڭ خانىمى دەپ بىل. بەگ ۋە ئائىلىسىنى ئالقىنىمدا ئوينىتاتتىم. مېنىڭ كىملىكىمنى ئەمدى بىلگەنسەن؟

ئۇلار ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلاشتى تاكى چولپان قەسىر ئاھالىسىنىڭ قېچىپ تاغقا ئۇلاشقانلىقىغا كۆزى يەتكەنگە قەدەر. ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشقان، بۇ قەسىر ۋە ئاھالىسى ئۇچۇن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەركىنلىككە چىقىدىغان ۋاقتى كەلگەن ئىدى.



چولپاننىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بۇ تراگېدىيەلەر ئۇرۇش جەريانىدا ئىززەت، قەدىر - قىممەتلەرنىڭ دەپسەندە بولۇشى؛ ھاكىم مەھكىمىسىنىڭ يىقىلىپ يەنە قايتا تىكلىنىشى؛ ھاكىملارنىڭ ئالمىشىشى؛ زەپەر ۋە مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى؛ تەشۋىشلىك، پىغانلىق، يىغا - زارلىق، بىدار كېچىلەر... ئۇنى بەكلا چارچاتقان ئىدى. بەگ كەتتى، قايتىپ كەلمىدى. مۇستاپا كەتتى، قايتىپ كەلمىدى. ئۆيچۆرىسىدىكى دۇنيا ھايۋاناتلار چېپىشىپ كىشىنىشىدىغان، قارىنى يېرىپ قان يالايدىغان، زېمىننى بۇلغايدىغان ھايۋاناتلار دۇنياسىغا ئايلاندى. پۈتۈن بۇلاردىن قۇتۇلۇشنى، يېڭىكلەشنى ئارزۇ قىلاتتى.

كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن، مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا — ئۇ ھەشەمەتلىك، ماموق ۋە تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن بېزەلگەن كۆز قاماشتۇرغۇچى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. ياسىداق كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇھ تارتتى. تامدا قىزىل،

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېرىق شـولىلار ئوينىاپ تۇراتتى. ئۆزىنى گىگانـت چاغلايدىغان باۋدىك ئىشـىك ئالدىدا بىـر لالما ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ تۇراتتـى... چولپان ئۈنىڭ ئـۇرۇش مەيدانلىرىـدا يـۇرۇپ ئۈنتۈلـۈپ كەتكەن ھېـس - تۈيغۇلىرىنى ئويغاتقـان ئىدى.

– كىرسەم بولامدۇ؟

– ئىشىكنى ئېچىشىدىن تاقىۋەت.

باۋدىـك ئىختىيارسـىز بۇيرۇقنى بەجـا كەلتـۈردى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىـڭ ئىشـىك ئالدىدا يالغـۇز تۇرغانلىقىنـى كۆرۈپ چۆچـۈپ كەتتى. ھاياسـىز ھېسسىياتلىرى قوزىدى، ئىشـىكنى ئېچىپ بوقدەك ئۇسۇپلا ئىچكىـرى كىـردى. چولپاننىـڭ ئۈنـىڭ بىلـەن كارى بولمىـدى. كېلىپلا قولىنىـى تۇتقان ئىـدى، يىنىككىنـە ئىتتىرىۋەتتى.



– بۈگۈن كېچە سېنى كۆرگۈم يوق.

– نەگە بارىمەن ئەمسە؟

– پۈتۈن قەسـىر سـېنىڭ ئىلكىڭدە، بۇ ھۇجرىدىن باشـقا خاھلىغان بىـر خانىگە كىرىپ ياتسـاڭ بولىدۇ.

– سىزچۇ؟

چولپان ئۆرە تۇرغان يېرىدىن ۋارقىرىدى:

– مېنى ۋاقىتلىق ھاۋايى - ھەۋىسىڭ ئۈچۈنلا ئىستەيسەن.

باۋدىـك نىمە دېيىشـىنى بىلەلمـەي تۇرۇپ قالـدى. چولپان گېپىنى داۋام قىلدى:

– بولىدۇ. مېنىڭ بىلەن توي قىلغۇڭ بولسا، ئەمسە...

خىتتاي ئۈنىڭغا چۆچۈپ قارىغانتى، گېپىنى توختىتىۋالدى.

– نېمە قىلاي؟

– دىنىمغا كىرسەڭ.

– دىنىڭىز نېمە؟

– مۇسۇلمانلىق.

– لېكىن، مەن دېگەن كوممۇنىست. دىندارلاردىن نەپرەتلىنىمەن.

– مەنمۇ ئۆز ياراتقۇچىسىغا ئىشەنمىگەنلەردىن نەپرەتلىنىمەن. سەن قوماندانىڭنىڭ ئالدىدىمۇ خۇددى نامازدا تۇرغاندەك ئەدەپ بىلەن، ھۆرمەت بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىسەن. لېكىن، نېمە دەپ سېنى ياراتقان زاتقا ئىتائەت قەرزىگنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىسەن؟



باۋدىك كېلەڭسىز بەدىنىنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا تاشلاپ ئولتۇرۇپ جاۋاب بەردى:

– مەن ياراتقۇچىنى بىلمەيمەن.

– بىلىشىڭ كېرەك.

– مەركەزدىن مېنىڭ بۇ مۇتەئەسسىپ قاراشلارغا ئىشەنگەنلىكىمنى ئۇقۇپ قالسا جېنىم ئامان قالمايدۇ.

– مەخپىي بولۇشنى ئۈمىد قىلسەڭ دەيلى.

– شۇنداق.

– ماقۇل. دېگىنىڭدەك بولسۇن، مەخپىي تۇت.

– ئەمىسە كېلىڭە...

– نېمە؟

– ئەر - خوتۇنلىقىمىزنى باشلايلى.

– مۇراسىملار بار تېخى. دېيىشىدىغان كېرەك بولىدىغان بەزى كەلىمىلەر بار. چۈشىنىشىڭ لازىم بولغان ئاددىي قائىدىلەر بار.

باۋدىك سىقىلىشقا باشلىدى ۋە چولپاننى قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدى. شۇڭا، تەلەپلىرىنى كۆپەيتىپ، ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. نېمىگە بۇنچە ئاۋارە بولىدۇ؟ قانداقسىگە ھازىرغىچە چىدىدى؟ ئاخىرى ئىچى پۇشۇپ:

– سېنى بىر قوينى سۆرىگەندەك قارارگاھىمغا سۆرەپ ئاپىرىپ، خاھلىغىنىمنى قىلىشقا كۈچۈم يېتىدۇ! – دېدى.



– قىلالايسەن، – دېدى چولپان مەنسىتمىگەندەك مۇرىسىنى قىقىپ قويۇپ ۋە بىر ئاز ئارىسالدىلىقتىن كېيىن داۋام قىلىپ، – كۈچۈڭ يېتىدۇ. لېكىن، ئۇ چاغدا ساڭا مۇھەببەت شارابىنى ئىچكۈزىدىغان ئايالنى تاپالمايسەن. خۇددى شۇ قويغا ئوخشاش بىر ۋاخ مەززىلىك تاماققا ئايلىنىسەن. بىر ئايالنىڭ تېنى بىلەن بىر قوينىڭ تېنى ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بارلىقى ساڭا ئايان.

باۋدىك تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

– ئاجايىپ ئايال ئىكەنسەن... مەن بۇ شەھەردە يۈزلەرچە ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەردىم. ئەر، ئايال دېمەي ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈردۈم. لېكىن، ساڭا ھېچ ئىش قىلالمايۋاتىمەن، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن.

– خۇشاللىنارلىق ئىش، – دېدى چولپان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

– نېمىشقا؟

– چۈنكى، سەن يىرتقۇچ ھايۋاندىن تەدرىجىي ھالدا ئىنسانغا ئۆزگىرىۋاتىسەن.

– تىلىڭنى يىغ! – دەپ ۋارقىرىدى.

– قاتىللار ۋە زالىملار ئىنسان ئەمەس. سېنىڭ ئۆتمۈشۈڭ يول توسار قاراقچىلاردىن پەرقسىز. مەن جەسۇر ئەركەك بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەركەك... ئەركەك كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟

باۋدىڭنىڭ نەزىرىدە ئەركەك دېگەن ساقال - بۇرۇتلۇق، جەڭ قىلىپ زەپەر قۇچىدىغان، خالىغان نەرسىسىگە ئىگە بولالايدىغان، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇرۇپ سوقۇپ غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولىدىغان، باشلىقلىرى ۋە رەئىسلىرى تۇۋلىغان شوئارغا تۇۋلايدىغان، قايسى دىن، قايسى ئىرققا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاياللار بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان بىر مەخلۇق. بۇ ئايالنىڭ بۇلار بىلەن نېمە ئىشى بولغىيتتى؟...



– ئەلۋەتتە، – دېدى چولپان ئۇنىڭغا بىر قەدەم مەي سۇنۇپ يېقىنلاشقاچ، – ئەركەك بىلەن ھايۋاننىڭ ئارىسىدا پەرق بار.

– كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىدۇ.

– ئۇ ئادەملەرنىڭ بىرقىسمى سەندىن قاتتىق قورقىدۇ، يەنە بىر قىسمى سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى ئەسكەرلەر. شۇڭا، سەن ئۇلاردىن پەقەت كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىدىغان گەپلەرنىلا ئاڭلاپ تۇرىسەن.

باۋدىك چولپاننىڭ مۈرىلىرىنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ:

– مېنى نېمە قىل دەيسەن؟

– ۋىسالىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۆيغۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يېڭىۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەپ قويغان خاتا پىرىنسىپلار بويىچە ئەمەس ...

– سېنى ياخشى كۆرىمەن چولپان.

– «ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ شاھادەت كەلتۈرۈشۈڭ لازىم، بولمىسا توپلىشالمايمىز.

– سېنى ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن، نېمە قىل دېسەڭ شۇنى قىلىمەن.

– كەلىمە شاھادەتنى ئېيت!

باۋدىك كەلىمە شاھادەتنى ئېيتتى. چولپان:

– ئەسكەرلىرىڭنى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇشۇڭ لازىم، – دەپ قوشۇپ قويدى.

– ماقۇل، دېگىنىڭدەك بولسۇن.

– بىلىمەن، قورسىقىڭلار ئاچتى، ھېرىپ كەتتىڭلار. ئامانلىقىڭلارنى ۋە ئاياللارنى ئارزۇلايسىلەر. ئەگەر بۇلارغا ئېرىششىنى خالىساڭلار، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭلار كېرەك، غەلىبەڭلار تالان - تاراج ۋە ۋەھشىيلىكنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. قاتتىق قوللۇق ۋە ۋەھشىيلىك ئۆچمەنلىككە يول ئاچىدۇ، سائادەتنىڭ يۈرىقىنىمۇ يۈرىيالمايسىلەر.

– سۆزلىرىڭنى ياقتۇرۇپ قالدىم، – دېدى باۋدىك.

– ئەمىسە، ئەمدى ھۆرمەتكە ئەرزىگۈدەك بىرى بولىدۇڭ. سارايغا يېقىن يەردە، موللا ئابدۇرراززاق ئىسىملىك بىر ئۆلىما بار. بېرىپ ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا شاھادەت ئېيتقىن، نىكاھىمىزنى ئوقۇپ قويسۇن.

باۋدىڭ ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەندەك ئۇيياق - بۇياققا قاراشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن چولپان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قارا چايشاپنى ئېلىپ ئۇچىسىغا ئارتتى ۋە:

– سەل ساقلاپ تۇر، ھازىرلا ئۇنى باشلاپ كېلىمەن.


– قاچمەن دېگۈچى بولما! – دېدى باۋدىڭ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ، – ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، پۈتۈن شەھەرنى قان كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن.



چولپان ئۇنىڭغا رەنجىگەندەك قاراپ قويدى:

– ئاغزىڭنى يۇمۇپ، جىم ئولتۇر!...

❁❁❁❁❁



بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قۇمۇل خەلقى چولپاننىڭ قوش ئاتلىق ھەشەمەتلىك مەپىدە كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈشتى. ئەتراپىدا باۋدىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بار ئىدى. يولدىن ئۆتكەندە ھەممەيلەن يولنى بوشىتىپ، ياقىغا چىقىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ باۋدىڭ بىلەن توي قىلغان ئىدى. بۇ تويىنى قۇمۇل خەلقى ئۇنداق ئاسان قوبۇل قىلالمايتتى. پەردە كەينىدىكى سىرلار ئاشكارا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئۇنى پەسكەش، بۇزۇقنىڭ ئورنىدا كۆرەتتى. ئەگەر خىتاي ئوفىتسىر ئۇنى مەجبۇرىي خوتۇن قىلىۋالغان بولسا، بۇنى توغرا چۈشىنىشەتتى. لېكىن، خەلقنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئۆزىنى بۇ كاپىر ئىشغالچىلارغا ساتقان، ئاشىقى مۇستافاغا ئاسىيلىق قىلغان ھالدا خائىنلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. چولپان. ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەر ھەممە يەردە تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە يۈزلەرچە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، لېكىن ھېچكىم يېقىندىن بېرى قۇمۇلدا

قەتلىئامنىڭ توختاپ قېلىش سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايتتى. چولپان رەڭگىرويى ئازراق تاتارغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا جەزبىدار ئىدى، ئۇ خىتتايلارنىڭ يىغلىشلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئۇ سورۇنلاردا ھەممە ئۇنى ھۆرمەتلىشەتتى. بۇ ئىشلار يەرلىك خەلقنى ھەيران قالدۇرغان ۋە غەزەپلەندۇرگەن ئىدى.

قوزغىلاڭ باشتا غەلىبە قىلىپ، كاشغەردە خوجا نىياز ھاجى باشلىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ خىتتايلار مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېتىغان چاغدا، خىتتاي ھەربىي كۈچلىرى ھەرتەرەپكە قېچىشقا باشلىغان ئىدى. باۋدىڭ ئۆرۈمچىگە قاچقان بولۇپ، چولپاننى بىللە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. قۇمۇل خەلقى ئۇنىڭ قاش قارايغان ۋاقتىدا باۋدىڭ بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپ بارغىنىغا شاھىت بولدى. ئۇنىڭغا لەنەتلەر يېغىشقا باشلىدى. ئايال‌لار ئۇنىڭ كەينىدىن تۈكۈرۈشەتتى، بەزى بالىلار قەھرىمانلىق قىلىپ ئۇنىڭغا تاش ئېتىۋېلىپ قېچىشاتتى.

جالالات شىبىڭ شىسەي بىلەن رۇسلار ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈلۈپ، ئايروپىلانلار، تانكىلار كېلىشكە باشلىغاندا ئەھۋال ئۆزگەردى. قوزغىلاڭچىلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئىنقىلاب يول باشچىلىرى قولغا ئېلىندى. دىنى ئىسلام، خەلقى مۇسۇلمان بولغان شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا خىتتاي ۋە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى.

بىر كۈنى كەچتە باۋدىڭ قايتىپ كېلىپ، چولپاننىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

– نېمىشقا يىغلايسەن، چولپان؟

– ئىنسانلار ئۆلۈۋاتىدۇ. مەن ئۆزۈمشقا بەك ئۆچ بولدۇم،

قورقۇۋاتىمەن...

– نېمە ئامال، – دېدى سەقىلىپ، – ئۇلار بىزنىڭ ئادەملەرنى ئۆلتۈردۇ، بىزمۇ ئۇلارنىڭكىنى ئۆلتۈرىمىز شۇ...

چولپان كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

– سېنىڭ يۇرتۇڭغا قايتىشىڭنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. مەنمۇ بىللە كەتسەم، بەخت - سائادەت ۋە قانائەت ئىچىدە ئادەمدەك ياشىساق...

باۋدىك ئۇنىڭ خىتايلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ۋاستىلىك ھالدا ئىشغال قىلىشىغا بولغان نارازىلىقلىرىنىڭ يەنە باش كۆتۈرگەنلىكىنى چۈشەندى. ھېس - تۇيغۇسىز بىر ئاھاڭدا سوغۇققىنا قىلىپ:

– قارا! ئومىقىم. بۇ دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشى، مېنىڭدەكلەر تالاش - تارتىش قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. ئارمىيە ھەرۋاقىت يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مۇشۇنداق. سىياسەتكە كەلگەندە توغرا، خاتا دەپ گەپ بولمايدۇ، – دېدى.

تاماكىسىنى بىر شورىۋېتىپ، بەزگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– شۇنچىلىك چارچىدىمكى...

ئارىنى بىر ئاز سۈكۈت باستى.

– قۇمۇلغا قايتىشنى خاھلامسەن؟ ئۇ يەر ھازىر تىپتىنچ. قوزغىلاڭچىلار مەغلۇپ بولدى، بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىز قايتا تىكلەندى.

– مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر يەرلەرگە كەتكۈم بار، – دېدى چولپان. كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ئىدى.

– بۇنداق ئويلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىمەن... – دېدى چولپاننىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ.

– قولۇڭنى تارت!

– نېمىشقا؟!

– بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قېنى بىلەن بۇلغاندى بۇ قوللىرىڭ.

– مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ ھازىر. قانداق قىلىمىز؟ يەپ - ئىچىدىغان يارىتىلىپتىكەنمىز، يېيىش - ئىچىش ئۈچۈن ئۆرۈش قىلىدىكەنمىز، ئۆلىدىكەنمىز... سەن مېنىڭكى چولپان، سېنى سۆيىمەن.



بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

– مەن سېنىڭ كۆزۈڭدە كىممەن؟

– سەن بىر مەھبۇس، كېسەل... ھەرھالدا ئازاب چېكىۋاتقان بىر ئىنسان.

– بۇ گېپىڭدىن خۇش بولدۇم، – دېدى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

– قانداقسىگە؟ – دېدى ھەيران قالغان چولپان.

– چۈنكى، سەن مېنى دۈشمەن دەپ قارىمايدىكەنسەن.

– سېنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىڭدە شەك يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

– پېشانەمگە شۇ پۈتۈلۈپتىكەن، – دەپ پىچىرلاپ قويدى باۋدىك، كۆڭلى يېرىم ئىدى.

چولپان كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ:

– سەندىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلسام، قانداق قىلىسەن؟

– نېمە؟! – چۆچۈپ، ۋارقىراپ كەتتى.

– ئاجرىشىپ كەتسەك دېمەكچى.

– نېمىشقا؟

– چۈنكى، سەن مۇسۇلمان ئەمەس.

– ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ موللامنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇ - بىر بەجا كەلتۈردۇمغۇ؟



– لېكىن، كاپىرلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشۇۋاتىسەن.

– مەن پەقەت قوشۇندىكى بىر ئەسكەرمەن خالاس. بۇ قوشۇن ئاللاھنى تونۇمايدۇ، – دەپ ۋارقىراپ كەتتى. تامغا زەرب بىلەن مۇشتلاۋاتاتتى.

– بىز تونۇتۇشقا تىرىشىپ باقساق بولمامدۇ؟

– نېمە پايدىسى؟ – مەسخىرىلىك ھالدا مۈرىسىنى قىقىپ قويدى.

– بەخت - سائادەتنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ قويىمىز ئەمەسمۇ.

– ئاھ! مىلياردچە كاپىر بار، ئۇلارنىڭ سانى مۆمىنلەرنىڭكىدىن جىق. ئەزەلدىن تارتىپ مۇشۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنى قوي، بىكار ئۆزىمىزنى قىينايمىز.

باۋدىڭ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان تۈگۈنچەكنى يۇتۇۋېتىپ:

– ئەگەر كېتىشنى خاھ...

گېپىنى تېخى تۈگىتەلمەي تۇرۇپ، چولپان ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە:

– سېنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، خەلقىمدىن بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇپ قالساڭ، يېنىڭدا بىر مىنۇتمۇ تۇرمايمەن، – دېدى.

– خاتىرجەم بول، ئومىقىم. مېنىڭ ۋەزىپەمنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇش بىلەن ئالاقىسى يوق. مەن ھازىر ئوزۇق - تۈلۈك توشۇش ئىشىغا مەسئۇل. قىسقىسى، خىتتايلارنىڭ ئىشى ئەمەس ھازىر بولۇۋاتقانلىرى، رۇسلار ھەممە ئىشنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرماقتا.




باۋدىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى:

– يەنە تېخى شەيتانغا سېتىلغان تۈركىستانلىقلارمۇ بار. ئۇلار ئۆز خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، جاھاندىكى ئەڭ قەبىھ جىنايەتنى ئىشلەۋاتىدۇ. بۇنى بىلمەمسەن؟

چولپان يۈزىنى ياستۇققا چۆمكەپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى...

❀❀❀❀❀


2019. 7.12

# 9

تۆرت تەرىپى ياپيېشىل، تۇرلۇك ئوتياش، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىدىغان، كان بايلىقلىرى مول جەننەت كەبى ۋەتىنىم دوزاخقا ئايلانغان ئىدى. ئۆز خەلقى ئىچىدە ۋەھىمە، ئەندىشە ۋە ئۆلۈم ھۆكۈم سۈرگەن؛ تاجاۋۇزچى يات تائىپىلەر بولسا كۆڭۈل خۇشى قىلىپ، خاتىرجەم يۈرۈشكەن بىر زېمىندا ئىنسان قانداق ياشىسۇن؟ ئانا ۋەتىنىدە غېرىبسىنىپ ياشاشتىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بارمۇ كىشىگە؟ توغرىسى، تۈركىستان تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان ئىدىكى، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە قاراقچىلار، قاتىللار ۋە تۈرمىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، مەن تېخى ھايات ئىدىم. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى... بەك ئاز مەسجىد قالغان ئىدى. ساناقلىق بىر نەچچە ياشانغان كىشىلەر بۇ مەسجىدلەرگە مەخپىي ھالدا بېرىپ، نامازلىرىنى بوش ئاۋازدا ئادا قىلىشاتتى. شۇنداقتىمۇ جاسۇسلارنىڭ كۆزىتىشىدىن قۇتۇلالمايتتى. بۇ ياشانغانلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىرەر يامانلىق كەلمىگەندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىنىشى ھەرزامان قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى ئىش ئىدى. تىياتىرخانىلارغا، ساقچىخانىلارغا ئۆزگەرتىلگەن مەسجىدلەرنىڭ يانلىرىدىن ئۆتكەندە، تاملارنى سىلاپ، يوشۇرۇنچە ياش تۆكەتتۇق. ئاشكارا يىغلىغانلار ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولاتتى.



مەن ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە كۆچۈپلا يۈرۈۋاتاتتىم. ھەرقېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇن يۆتكىگەندە، ئىسمىمنىمۇ يۆتكەيتتىم. ئاھ! بۇ ئەسلىملەر بەك كونىراپتۇ، ئىشلەتكەن ئىسىملىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئۇرۇمچىگە كەلگەن چاغدا ئىسمىمنى ئۆزگەرتىشنىڭ بېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى بايقىدىم - دە، ھامىلىلىق قىلىشقا باشلىدىم. بىر ئەسكى تاغارنىڭ لاتىسىنى ئۇچامغا ئارتتىم، قولۇمدا ئىككى تال تۆمۈر ئىلمەك، ساقال - بۇرۇتۇمنى بولۇشىغا قويۇۋەتتىم. پۇتلىرىم يېرىلىپ، ئون يىل يالاڭ ئاياغ يۈرگەن ئادەمنىڭكىدەك بولۇپ كەتتى. ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلمايتتىم. چۈنكى، گەپ قىلىش جەريانىدا ئانچە - مۇنچە ئورۇنلۇق گەپ قىلىپ قالدىڭىزمۇ، سالاھىيىتىڭىز ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. كەچ بولغاندا شەھەر چېتىدىكى تاشلاندۇق زەي ھۇجرامغا قايتاتتىم - دە، ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتىم. يۈزلىرىمنى كۆيدۈرۈپ ئىقىۋاتقان ياشلىرىمنى پەرىشتىلەرنىڭ سۈرتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم...



مەدەنىيىتىمىز تۇزۇپ يوق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. رۇسلار مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ كېلىۋاتاتتى، خىتايلارمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ھەتتا تۈركىستانلىقلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا مەجبۇرىي تويلىشىشلار بولاتتى... شېڭ شىسەي ستالىننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولدى. قايتىپ كېلىپلا خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ ياردەم تىلىدى. بىز ئىككى تۆمۈر تاپان ئارىسىدا ئېزىلىۋاتاتتۇق.

دېگىنىمدەك ھامىلىلىق قىلىۋاتاتتىم. ھەركۈنى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرخىل بايلىقلىرى رۇسىيەگە ماڭىدىغان يوغان - يوغان ماشىنىلار بىلەن پويىزلارغا توشۇلاتتى. ھەممە نەرسە توشۇلاتتى كان

بايلىقلىرى، مېۋە - چېۋە، چارۋا - مال، زىرائەتلەر... ئىشغالچى خىتتاي ۋە رۇسلارنىڭ يىغلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بەزى يەرلىرى بار ئىدى. ئۇ يەرلەردە كېچە - كېچىلەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، هاراق ئىچىشەتتى. مېنى هەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەرلەردە ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە ۋىجدانىنى، دىنىنى سېتىپ ئىشغالچى دۈشمەننىڭ يامان نىيەت، شۇم غەرەزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان خائىنلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ئۇلار بىر كېچىدىلا باشقىچە ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا قارىغان چېغىمدا، تۈركىستانلىقلارغا ئوخشىماي قالغانلىقىنى هېس قىلاتتىم. يەپ - ئىچىش، كىيىنىشلىرىدىن تارتىپ ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرىغىچە هەممە نەرسىسى ئۆزگەرگەن بولۇپ، هەممە ئىشتا خوجايىنلىرى بولغان ئىشغالچىلارنى، بولۇپمۇ رۇسلارنى تەقلىد قىلىشاتتى. كىشىنى يىرگەندۈرۈپ، گەپ قىلغاندا رۇسچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىشلىرىچۇ تېخى! ۋەتىنىمنىڭ ئىشغال قىلىنغان هالىغا هەرقېتىم قارىغىنىمدا دەهشەت باساتتى. تۈركىستان قاچانمۇ ئۆزىنىڭ نازىنىندەك جەلپكار، پاك - بىغۇبار ۋە ساپ هالىتىگە قايتار - هە؟! ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى...

كۈندە ماشىنا - ماشىنىغا توشۇغان يۈكلەر تېنىمنى هالسىراتقاندىن سىرت قەلبىمگىمۇ هار كېلىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايلىنىپ يۈرۈۋېتىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. تۇيۇقسىز كېلىپ قالغاچقا، ئىختىيارسىز هالدا توۋلاپ سالدىم:

– چولپان!...

بىر خىتتاي هەيدەپ كېتىپ بارغان هارۋا توختىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى


كەتكەن چىرايىغا بىرلا قارىدىم ۋە ھوشۇمغا كېلىپ، يۈزۈمنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدىم. قېچىپ كېتەي، دەپ ماڭغان ئىدىم. لېكىن، ھارۋىسى بىلەن يولۇمنى توسۇپ مېنى تۇتىۋالدى. ماڭا تۇيغۇسىز، سوغۇق نەزىرى بىلەن قارىدى.

– مېنىڭ كەينىمدىن سارايغىچە كەل! – دېدى.

پۇت - قولۇم تىترەپ، تىلىم كالۋالىشىپ قالغانىدى. ئارانلا:

– مەن... مەن سىزنى تونۇمايمەن. مەن ئەسلى... – دېيەلىدىم.

– بىزنىڭكىگە كېلىسەن! – دېدى كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، – باۋدىنىڭ بېگىمگە بىر خىزمەتكار كېرەك ئىدى. ئۆزى ھازىر ئۈرۈمچىدە ئەمەس. چوقۇم كەل!



ئۈرۈمچى سېپىلى



ھوشۇمنى يىغىپ، نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ياسىداق پەيتون كېتىپ قالدى. مېڭىشتىن بۇرۇن تۇرالغۇسىنىڭ

ئورنىنى قىسىقچە دەپ بەرگەن ئىدى. قاراڭغۇ، زەي باسقان ھۇجرامغا قايتىپ كەلدىم - دە، نامـاز ئوقـۇپ يىغلاشقا باشلىدىم. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆلۈمنىڭ ياشاشتىن راھەترەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم، چۈنكى ئۆلۈكلەر ھەممىدىن بىخەۋەر ئىدى. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا قەلبىم كەسكىن ئىشەنچكە تولاتتى. ئىسلام زەپەر قۇچىدىغاندەك، مۇتلەق ھۆرىيەت يېتىپ كېلىدىغاندەك ئويلايتتىم. چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىد دوقمۇشىدا تېڭىرقاپ قالغان ئىدىم. يا ماڭىدىغان يولنى، يا پاناھلىنىدىغان جايىنى تاپالماي تېنەپ قالغان بىر بىچارە ئىدىم.

ئەسكى، مەينەت كىيىملىرىم بىلەن بارالمايتتىم، ئەلۋەتتە. ھامماللىق كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ، ئۈستى بېشىمنى بەگ قەسىرىنىڭ قوغدىغۇچىسىغا لايىق تۈزەشتۈردۈم. گەرچە ئۇ بەگنىڭ دەۋرى ئاخىرلىشىپ، پۈتۈن ئائىلىسى سەرسان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ... باۋدىڭنىڭ سارىيىنى ئىزدەپ تېپىش تەسكە توختىمىدى. ساراي ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي تىنچ بىر يەردە، قوغدىغۇچىلىرىمۇ ئاز ئىدى.

ھېچكىم يولۇمنى توسمىدى. ئىشكىباقار ئۈستىبېشىمغا قاراپ قويۇپ:

– خانىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭمۇ؟ – دەپ سورىدى.

قورقۇپ تۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئاللاھقا شۈكرى، ئىسمىمنى سوراپ قالمىدى. گەرچە، ئىسمىمنى ئاڭلىسىمىغۇ چوڭ ئىش بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. لېكىن، دۈشمەن غالجىرلاشسا نېمە ئىشلارنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تەلىيىمگە ساراي ئادەمدىن

www.uyghurkitap.com

خالىي ئىدى.

ئاھ خۇدا! مەن نېمىشقا كەلدىم؟ نېمە دەيمەن ئۇنىڭغا؟ تونۇگۇنكى مەشۇقۇم، بۈگۈن بولسا بۇ سارايىنىڭ خانىمىغا ئايلانغان ئايالنىڭ خىزمەتكارى بولۇشنى قوبۇل قىلالامدىمەن؟! ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۈكسىلىپ چوققىغا يەتكەن، مېنى بولسا خۇددى باشقا قوزغىلاڭچىلارغا ئوخشاش ئۆلۈم تىمسىقلاپ يۈرۈۋاتقان تۇرسا... لېكىن، قاتتىق قىزىقىش مېنى يېتىلەپ مۇشۇ يەرگىچە ئەكەلگەن ئىدى.

ئۇ قىزىل مەخمەلدە قاپلانغان دىۋاندا ئولتۇراتتى. بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرغان قاپقارا كۆينىكى ئۇنى تېخىمۇ جەزبىدار قىلىۋەتكەن ئىدى. چولپان بەك ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. قارىماققا پەرىشان، سولغۇن، لېكىن مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ياشلارچە جۇشقۇنلۇق، شوخلۇقتىن ئەسەر يوق. پىشقان، نازىنىن چوكانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

— ئۇزۇن بولدى، سېنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم.

ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم، ئەمما جاۋاب قايتۇرمىدىم.

— سېنى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن.

سۈكۈتنى داۋام قىلدىم. گەپ قىلماقچى بولغان بولساممۇ قىلالمىدىم.

— ئۈمىدسىزلىك ئىنسانغا ھەممە ئىشنى قىلغۇزىدىكەن، مۇستافا!

مېنىڭ ئاغزىمنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ باقتى، پايدىسى يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ داۋام قىلدى:

– جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە شۇنچىلىك ھۆرمىتىم بار. ھېچكىممۇ دارغا ئېسىلىپ ياكى تۈرمىدە قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتمىسە دەيمەن. جەڭ مەيدانىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ كېتىش، ھەرگىزمۇ دۈشمەنگە تىرىك تۇتۇلۇپ قالماسلىق كېرەك ئىكەن.

ئاخىرى جۈرئەتكە كېلىپ:

– ئەمىسە ئۆزۈڭ نېمىشقا تىرىك تەسلىم بولدۇڭ، چولپان؟

– ئاخىرى گەپ قىلدىڭ، – ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، – مەن قىلغانلىرىمنى ئاقىقا چىقارماقچى ئەمەسمەن. بەگ قەسرى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشكەندە، قەسىردىكى ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشنى ئويلىدىم ھەم ھەممە تاجاۋۇزچى خىتتاينىڭ كۆڭۈل خۇشى بولۇشىنى خاھلىمىدىم، شۇڭا بىرسىنى تالالاپ شۇنىڭ بىلەن تويى قىلدىم.



– قانداق توي قىلدىڭ؟ – دېدىم ھەيرانلىق ئىچىدە.

– خەقلەر قانداق توي قىلغان بولسا، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە مېنى نىكاھىغا ئالدى شۇ.

ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ داۋام قىلدى:

– مۇشۇنداق ئاجايىپ ئاددىي، ئەمما ئېچىنىشلىق... ئۇنىڭ ماڭا قىزىقىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، شەرتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىنىڭ بىر كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى، نۇرى ئۆچكەن چىراقتەكلا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۆزۈمنى ۋە ئۇنى ئالداۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلىمەن. لېكىن، ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار... تەييارلىقسىز ئىدىم، چىلبۆرىلەر ھەرتەرەپتىن خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى. شۇنداق بىر چاغدا، مېنى ئەمرىگە ئالدى ۋە

ساقىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوغدىدى، ھازىرغىچە ياخشى كۆردۇ.

– ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمەيدىغان بىرىنىڭ قويىندا قانداق ياشىيالىدىڭ؟ – دېدىم ئەجەپلەنگەن ھالدا.

مەسخىرىلىك ھالدا مۈرىسىنى قىقىپ قويدى:

– خۇددى ۋەتىنىم تۈركىستاننىڭ ئىشغالچىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ياشاۋاتقىنىدەكلا. خۇددى سېنىڭ خىتتاي ۋە رۇسلار ئىشغال قىلىۋالغان ئۆرۈمچىدە ياشاۋاتقىنىڭدەكلا... روھسىز بەدەندەك.

«روھسىز...» دەپ پىچىرلاپ قويدى ۋە داۋام قىلدى:

– توغرا، قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەتنى يوقاتتۇق. شۇڭا، يەپ - ئىچىش، ئويناپ - كۈلۈشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى روھسىز... ئىچىمىزگە روھ پۈۋلىنىشىنى ساقلاۋاتقان مۇم ھەيكەللەردەك مېڭىپ يۈرۈيمىز. ياغاچ ياكى تۆنىكىدىن ياسالغان، ئاۋاز چىقىرالايدىغان چىرايلىق ياپون قونچاقلىرىغا ئوخشاش. ھەقىقىي ھايات دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. كۈلكىمىز، يىغىمىز، ھېسلىرىمىز خۇددى تىياتىر ئارتىسلىرىنىڭكىدەك... چۈشەندىڭمۇ مۇستافا؟

ئۇ زەرب بىلەن چاۋاك چالغاندى، غوجىدار دەرھال يېتىپ كەلدى. چولپان مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ:

– بۇ قوغدىغۇچى خادىم، ئىسمى... تۇرسۇن. ئۇنى پوزۇر كىيىملەر بىلەن، باۋدىك بېگىمنىڭ سارىيىغا لايىق كىيىندۈرۈڭلار.

ئەمدى ئىسمىم تۇرسۇن بولدى. باۋدىكنىڭ سارىيىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. مەس - ئەلەستەك ھەرىكەتلىرىم قولاشمايتتى. سارايىنىڭ خانىمى – تۈركىستانلىق نازىنىن – مېنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇمدىن

خاتىرجەمـدەك كۆرۈنەتتى.

خىزمەتچىلەر ھۇجرىســدا يىللاردىن بىرى ئۇخلىيالمىغان خاتىرجەم ئۇيقۇنـى ئۇخلىۋالـدىم. دۈمبـەم تېخىچـە ئاغرىۋاتقان بولسـىمۇ، تۇرك ھاممامـى ئاغرىقلىرىمنـى خېلـىلا يېنىكلەتكـەن ئـىدى. سـاقال ـ بۇرۇتۇمنـى چۈشـۈرۈۋېتىپ، ئەينەككە قـاراپ تۇرۇپ قالدىم: ياشـلىقىم قايتىـپ كەلگـەن ئـىدى. تاغـلار بىلـەن ۋىدالاشـقىنىمغا قارىمـاي، كۆزلىرىمـدە تاغچىلارغـا خـاس ئىسـيان چاقنايتتى.

چۆلپاننى خىيال قىلىشـقا باشـلىدىم. ئۇنىڭغا بولغان تۇيغۇم خۇددى ئايالـى باشـقىلار تەرىپىدىـن دەپسـەندە قىلىنغـان ئەرنىـڭ تۇيغۇسـى ئـىدى. چولپـان دۈشـمەن تەرىپىدىـن ئىشـغال قىلىنغـان شـەھەرگە ئوخشـاپ قالغان ئىدى. ئىشـق ـ مۇھەببەتتىن سـۆز ئېچىپ ۋەتەننىڭ بۇلغىنىشـىغا كەتتىـم. ھـا... ھـا... ئۆزۈمنىـڭ تەپەككۇرىنىـڭ تېخـى نورمالغـا قايتالمىغانلىقىغـا كۈلگـۈم كېلەتتى.

149

ئەتىسـى چولپـان ئۆزىنىـڭ ياسـىداق پەيتۇنىغا بىللە چىقىشـىمنى تەلـەپ قىلدى. ئىشـغالچىلارغا خـاس بولغان، قويـۇق دەل ـ دەرەخ، گـۈل ـ گىياھـلار بىلـەن قاپلانغـان بىر يەردە چۈشـتۇق. ھەممىسـى چولپاننـى تونۇيتتى. دەرھال كېلىپ قارشـى ئېلىپ، يوللارنى بوشـىتىپ پايپېتـەك بولۇپ كېتىشـتى. پەيتۇندىن چۈشـۈپ، باراقسـان ئۆسـكەن دەرەخلـەر، ھۇپپـىدە ئېچىلـىپ كەتكـەن گۈللەرنىـڭ ئارىسـىدىكى بىر چىغىـر يولـدا مېڭىشـقا باشـلىدۇق. مـەن ئۇنىـڭ كەينـدە جىمجىـت مېڭىۋاتاتتىم.

– مېنـى غۇرۇرىنـى ۋە ئىپپىتىنـى يوقاتتـى دېيىشـىدۇ، – دېدى بىر تـال شـاخنى سـۇندۇرۇۋېلىپ ئوينىغـاچ، سـولغۇن يۈزىنـى پېتىۋاتقـان

ساخاۋەت
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوياشقا قارىتىپ تۇرۇپ. يەنە پىچىرلاپ داۋام قىلدى:

– قومۇللۇقلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسەك سۆزلەر بەك ئاسان تارقىلىدىكەن. نېمىشقا مېنىڭ ھېكايەمگە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىپ قىزىقىپ كېتىشىدىغاندۇ؟ بەگ قەسىرىدىكى ئاددىي بىر خىزمەتچى ئىدىمغۇ؟!

يېقىنلىشىپ قولۇمنى تۇتتى:

– ساڭا توي قىلايلى دېسەم، ئۇنىمىغانتىڭغۇ!...

– ئۇ چاغدا سەپەر ۋاقتى ئىدى، ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق.

ئاچچىق كۈلۈپ قويدى:

– ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىدا ئەمەس بىز. سەن ئىشغالچى ھۆكۈمەتنىڭ قانچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ يۈزمىڭدىن ئارتۇق...

ھەيران قېلىپ سورىدىم:

– سەن ھېلىمۇ قوزغىلاڭنى ۋە شەھىدلەرنى ئويلامسەن؟

– ئويلىسام بولمامدىكەن؟ – دېدى زەردە بىلەن.

– ساڭا ئوخشاشلارنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئويلىغۇدەك چولىسى بولماس...

– ساڭا ئوخشاشلا تۈركىستانلىق مۇسۇلمانغۇ مەنمۇ؟

يەنە سۈكۈت ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى، قوياش ئولتۇراي دەپ قالغان بولۇپ، ئاخىرقى نۇرلىرى

زېمىننى ئاجايىپ بىر غېرىبلىققا چۆمكەن ئىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسجىد مۇنارلىرى ھەيۋىتىنى ساقلاپ تىك تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قەدىمىي كوچىغا تەككەش قىلىۋاتقاندەك مۈكلىنىپ قالغان ئىدى. مەسجىد گۇمبەزلىرى خۇددى مەن بىر كۆنى ھايۋانات باغچىسىدا كۆرۈپ قالغان تاشپاقىغا ئوخشاش ئۇخلاۋاتقاندەك ئىدى. زامانىۋى بىنالار بىز تېرىقچىلىق قىلىدىغان تاغ باغرىلىرىغا ئوخشاش قاتار - قاتار تىزىلىشىپ تۇراتتى. ئەمما، شۇنچە مەنىسىز.

– ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان ئىدىم، – دېدى چولپان بىر تال قىزىل گۈلنى ئۈزۈۋالغاچ.

– كىمنى؟

– باۋدىگنى، ئېرىم باۋدىگنى.

– نېمىشقا؟

– شۇنداق قىلىشنى مېنىڭ ۋەزىپەمدەك بىلگىنىم ئۈچۈن. لېكىن، سەندىن سوراپ باقاي، مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگىنىم ياخشىمۇ ياكى تەربىيەلەپ كۆندۈرگىنىممۇ؟

– كۆندۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟! ھەممە يەر قۇشخانىغا ئايلانغان تۇرسا، – دېدىم مۆرەمنى قىقىپ قويۇپ.

– ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى ئەمسە؟ سەندىن مېنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى سوراۋاتىمەن؟

– ئىنتىقام!

– لېكىن، مەن ئۇنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشتىم.

www.uyghurkitap.com

– خانىم! دۈشمەننىڭ نە ئېيتقان گەپلىرىگە، نە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ھەممىسى يالغان، ساختا، – دېدىم سوغۇققىنا.

– سەن ئاشۇنداق ئويلامسەن؟ – دېدى ماڭا دەھشەت بىلەن بىرنى قارىۋېتىپ، – سېنىڭچە، مەن قىين - قىستاقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق سەپسەتىلەر بىلەن ئالداپ يۈرۈپتىمەن - دە؟ ھايات قېلىش ئۈچۈن...

بېشىمنى لىڭشىتتىم:

– قۇمۇللۇقلارنىڭ سەندىن نەپرەتلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ.

كۆزلىرىدىن ياشلار يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ كەتتى... يېنىمغا كېلىپ، مېنى يېنىك سىلكىپ تۇرۇپ:

– ئۇ ئەخمەقلەر بىلمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بەگنىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىنىشى كېرەكتۇ، بەدەل. ھەممىمىزگە جان تاتلىق، ئۆلۈشنى خاھلىمايمىز، – دېدى.

ياشلىرى قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى:

– سەنچۇ؟ مۇستافا! سەن قانداق ئويلايسەن؟

– تۇرسۇن، ئىسمىم تۇرسۇن. بۇرۇنقى ئىسمىمنى ئۇنتۇپ كېتەيلى.

– سەن قانداق قارايسەن؟

– ئوچۇقىنى ئېيتسام، تاغدىكى ئەزىمەتلەر بىلەن بۆلۈشۈپ يېگەن بىر بۇردا قاتتىق نان سېنىڭ بۇ سارىيىڭدا ھەركۈنى بوغۇزلىنىدىغان

يــۈز قوچقاردىن ياخشــى مىنىڭ ئۈچۈن.

يامغۇر تامچىلاشــقا باشــلىدى، هــاۋا بايامقىدىن ســوۋۇپ كەتكەن ئىــدى. ســىم - ســىم يامغۇرنىــڭ يېنىــك تىۋىشــلىرىنى ئــاڭلاپ بىردەم تــۇردۇق. ئايىغىــم پۈتۈمنى قىســتاۋاتقاندەك، پوزۇر يېشــىل پەلتويۇمنىڭ ياقىســى گېلىمنى بوغۇۋاتقاندەك هېــس قىلىۋاتاتتىم. بۇ كىيىملەر گەرچە مېنــى ئىسســىق تۇتۇۋاتقان بولســىمۇ، ســىقىلىپ ئۆلــۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتــى. بۇنــداق تۇيغــۇدا بولمىغىلى ئۇزۇن بولغــان ئىدى.

– مۇستافا!...

– خىزمەتچىگىز تۇرسۇن.

– نەگە؟



– ئەزىمەتلــەر بىلــەن بىــر بــۇردا ناننــى بۆلۈشــۈپ يېگــەن تــاغ باغرىغــا...

– بۇنداقــلا كەتســەڭ بولمايــدۇ، ئىشــلارنى ئاقىلانــە بىــر تەرەپ قىلىشــىمىز لازىم...

باۋدىــڭ ســەپەردىن قايتىپ ســارايغا كەلگــەن چاغدا، يوشــۇرۇنۇپ تــۇردۇم. لېكىــن، ئۇنىڭ ســارايغا كىــرەر - كىرمەس ئاچكۆزلــۈك بىلەن، قورۇق باســقان قىســىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ چولپاننى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كــۆردۈم. ئۇنــى كۆرۈپــلا قۇچاقــلاپ، سۆيۈشــكە باشــلىدى. ئەتراپــدا پەرۋانــدەك چۆرگىلەيتتــى. چولپــان باۋدىڭغا كۈلۈمســىرەپ تۇرســىمۇ، كۆزلىرىنــى ئۇيــاق - بۇياققــا يۈگۈرتــۈپ، مېنىــڭ كــۆرۈپ قېلىشــىمدىن ئەنســىرەۋاتقاندەك قاراۋاتاتتى.

– كەلگىنىمدىن خۇش بولدۇڭمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىيە

ئۇنىڭغا قارىماستىن جاۋاب بەردى:

– بەك خۇش بولدۇم. لېكىن ئىستىخباراتنىڭكىلەر يۈزلەپ - يۈزلەپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.

– بۇ دېگەن باشقا ئىش. نېمىشقا ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈيسەن؟ بۇ ئىشلار بىلەن مېنىڭ ئالاقەم يوق.

– باۋدىك، سېنىڭ نېمىشقا مەيدانىڭ يوق؟

– مېنىڭ مەيدانىم ئېنىق.

– مەيدانىڭ نېمە ئەمسە؟

– سەن ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسەن. مېنىڭ مەيدانىم خىزمىتىمنى قىلىش .

– خىزمىتىڭنى قىلىش بىلەن، مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلىشنىڭ پەرقى چوڭ.

– خىزمىتىم دەل مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم.

– مەن سېنىڭ بىر ئىنسان بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

– كونا تالاش - تارتىشىمىزنى يەنە باشلىمدۇق؟!

– ھەقىقىي بىر ئىنسان ئازابلانغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇملارنىڭ قايغۇسىنى ھېس قىلالىشى كېرەك!

– بىلىشىڭ لازىم! – دېدى كۈچلۈك تەلەپپۇزدا، – سەن مەزلۇم دېگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەگەر ئارغامچىسى ئۇزۇنراق قويۇپ بېرىلگەن بولسا مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ جېنىمىزنى ئالغان بولاتتى.

– بۇ مۇھىم ئەمەس، – دېدى غەلىتە بىر تەمكىنلىك بىلەن، –

مۇھىم بولغىنى، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش.

— مەن كىم ئىدىم! — ۋارقىراپ كەتتى، — مەن پەقەت بۇ چوڭ قوشۇندىكى بىر ئەسكەر خالاس. چوڭ بىر ماشىنىدىكى كىچىككىنە چىشلىق چاق. سەپەردىن قايتقان ئىرىگىنى مۇشۇنداق قارشى ئالامسەن؟! كەل سۆيۈملۈكۈم...

خاس ھۇجرىغا كىرىپ كېتىشتى...

*«بۇ مەلئۇن خوتۇن مىنىمۇ، ئۇنىمۇ تەڭ ئويناتقىلى تۇرۇپتۇ - دە! ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسام پۈتۈن ئۆي - پىكرىمنى زەھەرلەپ بولغۇدەك. پاكلىق يەنىلا مۇرىلىرىگە قورال ئاسقان، ھۆر ئەزىمەتلەر ياشايدىغان تاغ باغرىلىرىدا ئىكەن. مۇمكىن بولسا تېزراق كېتىۋالسام بولغۇدەك»*



دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا باۋدىك ماڭا باشتىن ئاياغ بىر قارىۋېتىپ:

— يېڭى خىزمەتچى مۇشۇ شۇمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە. ناھايىتى ئىشچان، ئىشقا سادىق بىرى.

— سەن نەلىك؟

— ئىسمىم تۇرسۇن، ئالتايلىق.

داستىخان ئەڭ ئېسىل تائاملار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. سىرتتىكى بىچارە خەلقىمىز بولسا دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن جان ساقلاۋاتاتتى. ئاچلىقتىن، سۇيۇرۇندى نان بۇردىلىرىنى تېرىشەتتى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن باللار ئىشغالچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ياكى

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈك ماشىنىلىرىغا توشۇلۇۋاتقان ئاشلىق، بايلىقلارغا ئاپقۇردەك ئېچىلغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىشىپ قالاتتى.

غەزەپتىن بېشىم پىرقىراپ كەتتى... ئۈستەلدە تۇرغان پىچاقلارغا كۆزۈم چۈشتى. دەل شۇ چاغدا:

– تۇرسۇن، سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، – دېدى باۋدىڭ سىلىققىنە.

ئاشخانىغا يېنىپ چىقتىم، لېكىن غەزىپىم ئۆچمەكتە يوق تېخىمۇ تەلۋىلەشكەن ئىدىم. خۇددى گۈلخانىنىڭ قۇرۇق ئوتۇننى كۆيدۈرگىنىدەك، نەپرەت ئوتى يۈرىكىمنى يالماپ يۇتۇۋاتاتتى. بۇلارنىڭ دىن ۋە ئەقىدىلىرىمىزگە قىلغان رەزىللىكلىرى مېنى ھەرقانداق تەلۋىلىكتىن يانمايدىغان قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ شەخسىي ئۆچمەنلىك ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىنتىقامى ئىدى...

❀❀❀❀❀

# 10

دۈشمەنلىرىمدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتاتتىم. ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىملا ئەمەس، يەنە كونا مەشۇقۇمنى تارتىۋالغان رەقىبىم ئىدى. بۇ يەردە بىرەر يىل تۇرۇپ قالىدىغان بولسام روھسىز قونچاققا، چولپانغا ئوخشاش دۈشمەنىنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ كېتىشىم مۇمكىن. تىنچ ھاياتقا — ئېسىل يېمەكلىكلەر، پوزۇر كىيىم - كېچەكلەر، توققۇزى تەل بولىداق خاتىرجەم گۈزەل ھاياتقا بېقىنىپ قېلىش ئىنساندىكى ئىسيانكار روھنى، كۈرەش — جىھاد روھىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.



يەنە بىر مەسىلە، چولپاننىڭ كۆزىدە غەلىتە، كەسكىن ئىنتىلىشلەر چاقنايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ بېقىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدىغان بولدۇم. تۈنلەرنى بولسا ئۇنى خىيال قىلىش ۋە كۈنلەش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. بۇ ئۆي ئازدۇرغۇچى، گۇناھكار، لەنىتى شەيتانلارنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. تۈنۈگۈن بۇ ئۆيدە تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. چولپان ئەلۋەتتە كېچىلىكنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزى ئىدى، ھەممەيلەن كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيتتى. خىتتاي، رۇس ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناش ئارزۇسىدا ئىدى. ئېرى غەرق مەست بولغۇچە ئىچتى، ئەمما سەھەرگە يېقىن ئۇنى جىددىي بىر ئىش بىلەن چاقىرىشتى. قېلىن پەلتوسىنى كىيىپ، ئەلەك - سەلەك مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ئىشلار ئادەتتىكى،

ساكىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نورمال يوسۇندا ئىدى. ھۇجرامدا ئولتۇراتتىم، چولپان كىرىپ كەلدى. كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقتىن چېھرى تېخىمۇ سولغۇن ئىدى. كىرىپلا مېنى قۇچاقلىۋالدى، لەۋلىرىنى ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— خانىم، ناشتىلىق تەييارلىمىسام بولمايدۇ، — دېدىم.

— بىر نەرسە يېگۈم يوق ھەم مەن سېنىڭ خانىمىڭ ئەمەس.

— سارايىنىڭ ھەممە يېرىدە كۆز - قۇلاقلار بار...

— مەن چىدىيالمىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— چۈشەنمىدىڭمۇ؟

— مەن خىيانەتكە بەك ئۆچ.



— مەندەك بىر خائىنىڭ يەنە بىر قېتىم «خىيانەت قىلىشى» قانچىلىك ئىشتى.

— مەن دېگەن ئاللاھنى تونۇيدىغان مۇسۇلمان ئادەم...

«ئېرىدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ شەپقىتىنى ئىزھار قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى بولمىسا، كونا مۇھەببەت قايتىدىن يالقۇنجىغانمىدۇ؟...» دەقىقە ئىچىدە كاللامدا نۇرغۇن سوئاللار پەيدا بولدى. يالغۇزغاندەك قولۇمنى تۇتۇۋالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ۋە تۇتۇشلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ تۇراتتىم.

— تاغ باغرىدىكى ئەرلەر ئازاب - ئوقۇبەت، ئاچلىق ئىچىدە ئىڭراۋاتقاندۇ، — دېدى ھاياجانلىنىپ.

– ئۇلار دېگەن ھەقىقىي ئەركەكلەر. ئۇلار مۇ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ياشاۋاتىدۇ.

– ئاللاھ رۇخسەت قىلغان دائىرىدە.

ئىچىرقىغان چىلبۆرىدەك، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ تەھدىت ئارىلاش مۇنداق دېدى:

– سەندىن ئىنتىقام ئالالايدىغانلىقىمنى بىلىسەن!

– مۇشۇمۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭ؟

– ھەئە.

– سەنمۇ مېنىڭ ئىنتىقامدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىمنى بىلىسەن.

– بۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق، قاپقاراڭغۇ زىندانلىرىغا تاشلانغىنىڭدا، ئۇستىبىشىڭدا قامچىلار ئويناشقا باشلىغاندا، مېنىڭ يېنىمدىكى مىنۇتلىرىڭنىڭ قەدرىگە يېتىشكە باشلايسەن.



– مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە ئاتاپ بولغان، – دېدىم چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن.

– سەن ئوت بىلەن ئويناشقاتىسەن. سەن مېنىڭ ھەقىقىي ئېرىم.

– لېكىن، سەن ئىمان كەلتۈرگەن بىرىنىڭ نىكاھىدا، گەرچە كۆرۈنۈشتىلا ئىمان ئېيتىپ قويغان بىرى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سېنىڭ «ھالال ئېرىڭ».

– ئەمسە بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

بۇ سوئال بەك تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى. توغرا، نېمە دەپ

كەلدىم؟ مەن پۈتۈن ھاياتىم بويىچە بۇ تاجاۋۇزچى ئەبلەخلەردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپ ياشاپ كەلگەن ئىدىم، لېكىن قېنى ئىنتىقام؟ يۈرۈكۈم دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر ئىش بار ئىدى – چولپاننى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ سارايغا كېلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشىممۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. مېنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى، ئۇ كۈن كەچكىچە ئۇنى كۆرمىدىم.

ئىشلار نېمىشقا بۇنچە يامانلىشىپ كەتتى؟ ۋەتىنىمىزگە نېمىشقا ياتلار ھاكىم بولۇۋالدى؟ بۇرۇن كاشغەردىكى بىر مەسجىدنىڭ خاتىبى ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى:

*«ئوغلۇم! ئىسلام ئىززەتتۇر. ئۇنى چىڭ تۇتقان ئەزىز بولۇر، تاشلاپ قويغان خار بولۇر. ۋەتىنىمىز غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. راھەتپەرەسلىك، ھورۇنلۇق، بىغەملىك، تەرتىپسىزلىك ئەۋج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دىنىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىشقا باشلىدى، بايلار ھەددىدىن ئاشتى، نامراتلار ئۇلارغا بويسۇنۇپ ئېگىلدى؛ ھېكمەت - پاراسەت كۆتۈرۈلدى، گۇناھ - مەئسىيەت يېيىلدى... ئوغلۇم! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.*

*مەشرىقتىمۇ دۈشمەن، مەغرىبتىمۇ دۈشمەن. ئۇلار قورال - ياراق ۋە ئادەم كۈچىگە تايىنىپ كۈچىيىۋاتىدۇ. بىز بولساق، ئۆتمۈشتىكى شانۇشەۋكەتلىرىمىزگە يۆلىنىپ غەپلەتتە قالدۇق. شانلىق تارىخىمىز بىزنىڭ پەخرىمىز، لېكىن بىردىنبىر يۆلەنچۈكىمىز بولۇپ قالسا بولمايدۇ. قارا ئوغلۇم! مۇسۇلمانلار ئېزىلىۋاتىدۇ. تۈركىيەنى ئۇرۇش ۋە زۇلمەت ھالسىزلاندۇردى، ئەرەبلەر دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ ناللىرى*

*ئاستىدا يانجىلىۋاتىدۇ. كاپىرلار بىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشتى، مۇسۇلمانلار بولسا پارچىلىنىپ كەتتۇق. مۇشۇنىڭدىن بىز نېمىنىڭ زەپەرگە، نېمىنىڭ زاۋاللىققا يول ئاچىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز».*

بۇ سۆزلەر ئېسىمدىن چىقمايدۇ. خوجا نىياز ھاجى ۋە شەرىپخان تۆرە دائىم تەكرارلايدىغان باشقا سۆزلەرمۇ بار. ئۇلار بىزنى رىغبەتلەندۇرۇپ تۇراتتى. ئەجەل يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار باشلىرىنى تىك تۇتۇپ، مەردانىلەرچە يۈزلەنگەن ئىدى.

مېنىڭ بۇ سارايغا كېلىشىم شەيتاننىڭ ئويۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. كېتىشىم كېرەك، دەرھال كېتىشىم كېرەك. لېكىن، ئاۋۋال بىرەر ئىش قىلاي. بۇ يەردە زايە قىلىۋەتكەن ۋاقتىمنىڭ ھەققى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلاي، ئۇنىڭدىن كېيىن تاغدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ يېنىغا كېتەي.



ئاڭلىسام، قەيسەر ئوغلانلىرىمىزدىن ئوسمان باتۇر ئەزىمەتلەرنى يىغىپ، قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋېتىپتۇ. مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيمەن؟ ئېرى يوق ۋاقىتدا چولپان مېڭەمگە ۋە يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكەن ئوي - خىياللىرىمنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، مەن قارشىلىق كۆرسەتتىم. لېكىن، چولپاننىڭ جەزبدارلىقى كىشىنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇراتتى، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. باۋدىكنى ئالقىنىدا خاھلىغىنىچە ئويناتقىنىدىنلا، ئۇنىڭ قانچىلىك يامان ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

باۋدىكنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن ھارغىن، قاپاقلىرىدىن مۈز ياغدۇرغان ھالدا قايتىپ كەلدى. چولپانغا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم:

– بىز خەتەر ئىچىدە قالدۇق.

– قانداق خەتەر؟

– ئوسمان ۋە قوزغىلاڭچىلار يەنە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوزغىدى.

– سەن نېمىدىن قورقىسەن؟ ئۇلار بىزنى يېڭەلەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟

– سانائەت مەركەزلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. ئاشكارا جەڭ بولغان بولسا ئۇلارنى يېڭەلەيتتۇق، لېكىن...

چولپاننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇپ قالدى. باۋدىڭ تاماق ۋاقتىدىمۇ، ئىچىشىپ ئولتۇرغاندىمۇ بۇ غەمدىن قۇتۇلالمىدى. خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. كەچقۇرۇن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىللە باغچىغا سەيلىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇلارنىڭ سىرتتا بولغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. تەڭ كېچىدە ئېتىلغان نەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن كېيىنلا چولپان نالە - پەرياد ئىچىدە قايتىپ كەلدى، ھەممەيلەن ئۆرە - تۆرە بولۇپ كەتتى. سارايىنىڭ ئىچى خىتتاي ئوفىتسېرلار، رۇس مۇتەخەسسىسلەر، ئىستىخبارات غالچىلىرى بىلەن قايناپ كەتتى. نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟ ئۇ كېچە باۋدىڭغا ئوق تەگكەن بولۇپ، سارايغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرىشكەن ئىدى. چولپان ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرىنى يۇلۇپ پەرياد كۆتۈرۈۋاتاتتى:

– مەن قاتىلنى كۆردۇم. ئوق چىقىرىپ بولۇپلا ئېتىغا مىنىپ قاچتى، دەريا تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇن مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە

بولسىمۇ ئۈنى تونۇيالايمەن.

توختىماي ھازا ئېچىپ يىغلايتتى. خىتتايلار ۋە رۇسلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ چاقنايتتى. كۆز ياشلىرىغا بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان تۇل خانىمدىن ھەرخىل سوئاللارنى سوراۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ئۈنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. چولپان ئۇلارنى ئىنتىقام ئېلىشقا كۈشكۈرتۈۋاتاتتى. «ئېرىمنىڭ قاتىلىنى تېپىپ بېرىڭلار!» دەپ پەرياد ئۇراتتى. ئۇرۇمچىدىكى گۇمانلىقلارنىڭ ھەممىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى.

ئىستىخبارات باشلىقى:

– بۇ بۈگۈن يۈز بەرگەن ئۈچىنچى ۋەقە. ئوسماننىڭ ئادەملىرى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى. قاتتىق قوللۇق، تېخىمۇ بەك قاتتىق قوللۇقتىن باشقا ئۈنۈملۈك چارە يوق. «ھەرىكەتلىرىدە شۈبھە كۆرۈنگەن ھەممە تۈركىستانلىقنى ئۆلتۈرەيلى»، دېسەم ئۈناشمىدى، «بۇنداق دېسەڭ، تۈركىستانلىقنىڭ ھەممىسى گۇمانلىق، ھەممىنى ئۆلتۈرەمدۇق؟» دەپ. مەن خائىنلارنى پەرقلەندۈرۈشنى ياخشى بىلمەن. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن. دەرھال ئۇرۇمچىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلايلى!



چولپان ماتەم ئىچىدە، ھارغىن، پەرىشان ھالدا ھازا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. قىزىقارلىق يېرى، باۋدىڭنىڭ ئاغىنىلىرى چولپانغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كىلىپ - كېتىپ تۇراتتى - يۇ، كۆزلىرىدە بىر ئۈمىد، بىر شادلىق پارلاپ تۇراتتى. كۆپىنچىسى، باۋدىڭنىڭ قېنى تېخى قۇرۇماي تۇرۇپ، چولپانغا تەمەدە بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى بىر ھەپتىگىچە خانىسىدىن چىقماي، ھېچكىمنىمۇ كىرگۈزمەي قارىلىق تۇتۇشنى قارار قىلدى.



ئۈرۈمچى كوچىلىرى



ئۈرۈمچىدە سىز - چېچەكلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەممە ياقنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. چەتئەللىك ئوفىتسېرلار قورقۇشقا باشلىدى. شىردەك، يولۋاستەك ھۆركىرىگەنلەر ئەمدى توشقاندەك تۈگۈلۈشكە باشلىدى. بۇ سارايدىن كېتىشكە تەييار بولۇپ تۇرغاندا، بۇنداق ئىش چىقىپ سەپىرىم كېچىكىپ كەتتى. ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىر كۈنى كەچتە چولپان كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

– خانىم... – دېدىم كېكەچلەپ.

– قاتىلىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ – دېدى كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

– كىم ئىكەن؟

– مەن.

– سەنمۇ؟

– ھەئە، – دېدى كۈلۈپ كېتىپ، – نېمىشقىلىقىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟

غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، گەپلىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قۇلاق سالدىم. بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن سۆز قىستۇرماي، جىم تۇرۇپ ئاڭلىدىم.

– مۇجاھىدلاردىن ئون كىشىنى تۇزاققا چۈشۈرگەن بىر ھەرىكەتكە باشچىلىق قىپتۇ، بىر نەچچە رۇس بىلەن بىللە. بۇنى ئۆزى ئېتىراپ قىلدى. بۇيرۇققا قارشى چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭا تەمىنات يەتكۈزۈش خىزمىتىدىنمۇ ئىستىپا بېرىشكە ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئۇ كېچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. تېخى مەن بىلەن بىللە بولماقچى بولدى. ھېچقانداق ئالاھىدە ھېسسىيات يوق، پۇشايمان دېگەنمۇ ئەسلا. ھېچ ئىش قىلمىغاندەك كۈلۈپ يۈرۈشلىرىچۇ تېخى. كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم، مۇستافا، ئۇ ئون مۇجاھىدنىڭ ئىچىدە سەن بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق بولۇپ كېتەتتى؟ ئۇنىڭغا «باۋدىڭ، بۇ غەلىبەڭنى تازا بىر ئىچىپ تەبرىكلەيلى» دېدىم. بەك خۇشال بولدى، غەلىبىلىك تاماملىغان ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى قانداق تەييارلىق قىلىشقانلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئوسمان باتۇر ئۇلارغا خېلى ئوبدان ۋەھىمە پەيدا قىلغان ئىدى.

ئاندىن باغچىغا چىقتۇق. سېپىلنىڭ ئىچىدە تامنى بويلاپ مېڭىۋاتاتتۇق. ئۇنىڭ تاپانچىسىنى ئالدىم. كەينىدىن ئاتمىدىم، يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ تەگلىدىم تاپانچىنى:

ساپىيە تەشىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

– ھازىر ساڭا ھۆكۈم ئېلان قىلىمەن، باۋدىك! سەن بىر خائىن! خىيانەتتىنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر!

قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مېنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىرىدىم:

– قىمىرلىما! ئەڭ چوڭ گۇناھىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىڭ! مۇسۇلمان بولدۇم، دەپ يالغان ئېيتتىڭ، بىر رەكئەتمۇ ناماز ئوقۇمىدىڭ! ئۇرۇشتىن نەپرەتلىنىمەن، دەپ يالغان ئېيتتىڭ، ئەمەلىيەتتە سەن ھايۋاندىن بەتتەر نىمىسەن! مېنى خۇددى ئىشلىتىپ كۆنۈپ قېلىپ تاشلىۋېتىشكە كۆزۈڭ قىيمىغان بىر پىيالىنىڭ ئورنىدا كۆردۈڭ.

– توختا! قىمىرلىما!

ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىدە ياشلار لىغىرلاشقا باشلىدى. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقە، باۋدىكنىڭ يىغلىغىنىنى... ئۇنىڭ يىغىسىدىن شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندىمكى...



– سېنى ۋەتىنىمىزگە كېلىشكە قىزىقتۇرغان نېمە؟ جاۋاب بەر!

كۆزلىرىنى يۇمۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

– مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، چولپان. ھېچكىمنى سېنى سۆيگەندەك سۆيۈپ باقمىدىم. شەرىپىم بىلەن قەسەم قىلاي، ئەمدى ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. مېنى ئارمىيەدىن قوغلايمىز دېسەڭمۇ قىلمايمەن. سەن مېنىڭ بارلىقىم.

– مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن، – دېدىم قاقاھلاپ كۈلۈپ، تەپكىنى بېسىپ تۇرۇپ،

– سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم نۇرغۇن مەينەتچىلىك ۋە گۇناھلاردىن

خالاس بولسـەن. ئالـە، ئال، ئـال! بەش شـەھىدىمىز ئۈچۈن بەش پـاي ئوق!

چولپاننىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇشقا باشلىدى:

– بۇ ئىشلارنى ئاڭلىسا، قومۇللۇقلار ھەققىمدە نېمە دەر؟...

سىرتقا چىقىپ كېتىپ، قولىدا قەدەھ كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى.

– ئەيىپكـە بۇيرۇمـا، ئـۇ مەلئـۇن مېنـى ئىچىشـكە ئۈگىتىۋېتىپتۇ. بىـز توي قىلايلـى، قەدىرلىكـىم... لېكىن، بـۇ توينى قانـداق قىلىمىز؟

قولىدىكـى قەدەھنـى چۆرۈۋېتـىپ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە سـۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– باۋدىڭنىـڭ يېقىـن دوسـتلىرىدىن بىـرى ماڭا توي قىلىشـنى ئىما قىلىۋاتـىدۇ. بۇ ئوفىتسـېرلارنىڭ يۈرەكلىرى تاشـمىكىنا؟...

قورقۇنچلـۇق كۈنلەر يەنە باشـلاندى. ئۈرۈمچىدىكى ئىسـتىخبارات باشـلىقى بىگۇناھ كىشـىلەرنى تۇتۇشقا باشـلىدى. كۈندە بىر - ئىككى كىشـى قاتىـل، دېگـەن گۇمـان بىلـەن دارغـا ئېسـىلاتتى. گاھـىدا چولپاننىـڭ ئالدىغـا بـەزى قوزغىلاڭچىلارنـى ياكـى گۇماندارلارنـى ئەكىلىشـەتتى، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ قاتىـل ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. تۇتـۇپ قاماشـلار كۆپەيـدى. ھەربىي ھالـەت ئۈرۈمچىدىـلا ئەمەس، چوڭراق شـەھەرلەرنىڭ ھەممىسـىدە يۈرگۈزۈلـدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىمـۇ كۈچىيىۋاتاتتى.

بىر ئاخشىمى چولپاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

– قارىلىـق تۇتـۇش مۇددىتىـڭ توشـتى... بىـر تانىسـا كېچىلىكـى ئويۇشـتۇرۇپ، چـوڭ ئەمەلدارلارنـىڭ ھەممىنـى چاقىرغـىن. شـۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ پەردىسى يېپىلىپ، باۋدىك ۋەقەسى ئايانغلاشقان بولىدۇ. سېنى ئالماقچى بولغان ئۇ خىتتاي بىلەن چاي ئىچكىنىڭلارنى ئېلان قىلساڭمىكىن دەيمەن، — دېدىم.

— مەن سېنى دەپ ئۆلتۈردۈم باۋدىگنى! — دېدى ئاچچىقلىنىپ.

— مېنى چىن قەلبىڭدىن ياخشى كۆرسەڭ، بۇ تانسا كېچىلىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ كېرەك.

— نېمىشقا؟

بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاتتىق تارتتىم، ئۇنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ:

— مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك، قەدىرلىكىم.

— قانداق قىلىپ؟

— مەندە خېلى كۆپ پارتلاتقۇچ بار، قوزغىلاڭچىلار ئەۋەتىپ بەردى. تانسا كېچىلىكى تۈگەر چاغدا بۇ سارايىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيمىز.

بېشىنى لىڭشىتتى:

— بىزچۇ؟

— ئۇلارنى غەرق مەست ھالەتتە، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يېرىدە تاشلاپ چىقىپ كېتىمىز، بىز يىراقلاشقاندىن كېيىن پارتلايدۇ.

— نەگە بارىمىز؟

— تاغقا! ئوسمان باتۇر ۋە باشقا ئەزىمەتلەر بار يەرگە.

ئۇنىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى. ھاياجانلىنىپ يۈز - كۆزۈمگە سۆيۈشكە باشلىدى...

– قىرى ئاشپەزنى ھادىسىدىن بۇرۇن يىراق يەرگە يوللىۋېتىشىمىز كېرەك، – دېدىم مەن پىچىرلاپ، – موڭغۇل ھارۋىكەشكىمۇ بىرەر باھانە تېپىشىمىز لازىم. ھېلىقى ئىككى كىچىك بالا خىزمەتكارنى باغدىكى سەن باۋدىك بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرگەن خاس ھۇجرىغا ئاپىرىۋەتسەك بولىدۇ.

تۆرت كۆز بىلەن كۈتكەن كېچە كەلدى. ئەتراپ قاراڭغۇلۇقنىڭ دۇم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئىككىمىز بىر ئارغىماققا مىنىپ، قاتتىق سوغۇق ھاۋانى يېرىپ، شامالدەك ئىلگىرىلەپ كەتتۇق. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، كەينىمىزدىن «بوم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇزاقتىن سارايىنىڭ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ھالىتىنى كۆردۇق. تەرەپ - تەرەپتىن داد - پەرياد، چىرقىراشلار ئاڭلىناتتى. بىرەر سائەت شۇنداق تېز سۈرئەتتە ماڭغاندىن كېيىن، تاغ ئېتىكىگە كېلىپ قالغان ئىدۇق.

– تاغلار ھەرزامان ھۆر ئىنسانلارنىڭ، ئەزىمەتلەرنىڭ ماكانى بولۇپ كەلدى، – دېدىم ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرگەچ.

چولپان سوغۇقتىن تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ:

– مېنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى بىر بىلسەڭ... – دېدى.

– ساڭا قىلىنىراق كىيىم تاپمىساق بولمىدى، – دېدىم كۆلۈپ كېتىپ .

چولپان تۇيۇقسىز:

– بۇ جەسۇر ئىشنى نېمىدەپ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قىلماقچى

بولىدۇك؟ – دەپ سوراپ قالدى.

مەن ئاتنى بىخەتەررەك تەرەپكە يېتىلىگەچ جاۋاب بەردىم:

– بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئىشىم ئەمەس. ئۈرۈمچىدە تۈرۈش جەريانىدا بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر نەچچە ئىشنى قىلدىم. ئوسمان باتۇرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلغان ئىدىم.

ھەيران قېلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن زوڭزايغاچ مۇنداق دەپ داۋام قىلدىم:

– ئەگەر باۋدىنىڭ مەسلىسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ھەل قىلمىغان بولساڭ، بۈگۈنكى ھادىسىدە ئاقىۋىتىڭ ئاشۇ كۆيۈپ كۇلى كۆككە سورۇلغانلار بىلەن ئوخشاش بولاتتى.

– نېمە؟ مېنى ئۆلتۈرەمتىڭ؟! – دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

چېن لى بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ ۋەقەسى ئېسىمگە كېلىپ:

– مەن ئۇنىڭ دادىسى، – دېدىم.

چولپان نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى ئۇقالمىدى. ئاندىن تاغ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوماندانى ئوسمان باتۇرنى ئىزدەپ چىققان سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق.

❀❀❀❀❀

# 11

تاغ يوللىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، چارچىغان ئەسەبلىرىم خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. تاغ - دالىلاردا كېزىپ يۈرۈپ ئاسمان گۈمبىزىگە تېخىمۇ يېقىن بولغان ئىدىم؛ زېھنىم سۈزۈلۈپ روشەنلەشكەن ئىدى؛ ئادەمنى سەگىتىدىغان سالقىن تاغ ھاۋاسىنى سۈمۈرگەنچە سىقىلغان يۈرىكىم ئازادىلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ئۆزۈمنى قۇشتەك يەڭگىل ھېس قىلىشقا باشلىدىم. چۆلپان بىلەن بىر ئاتنى نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ياكى مەن ئالدىدا ئۇ ئارقامدا مىنگەشكەن ھالەتتە سەپىرىمىز داۋام قىلىۋاتاتتى. كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزلىرىنى كۆيدۈرگەن بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلىشىپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى بەگ قەسرىدىكى ئەسلى ھالىتىگە قايتقان ئىدى. خۇشال، بەختلىك كۆرۈنەتتى. لېكىن، باشتىكى كۈنلەردە بىر ئاز قىينالدى. چۈنكى، كۆنۈپ قالغان ئىسسىق ئوسمانلى ھاممامى يوق ئىدى بۇ يەردە؛ ئۈپا - ئەڭلىكلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن ئانچە - مۇنچە قاقشاپمۇ قوياتتى. بەلكى ئۇنى ئەڭ پەرىشان قىلغىنى، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەس ئىلتىپاتلىرىنىڭ يوقلۇقى ئىدى. تاغدىكى ئىنسانلار تەبىئىي فىترەتلىرىدە ياشايتتى. ئاياللارمۇ نۆۋەتى كەلگەندە، ئەرلەر بىلەن تەڭ ھەممە ئىشنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ھەقىقەتەن بەكلا ئۆزگەرگەن، يېڭىچە بىر دۇنياغا كېلىپ قالغان ئىدى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شۇنچە قىيىنچىلىقلارغا قارشى،

ئۇ يىغلىقلارغا ئۆزىنى كۆندۈرۈشكە تىرىشاتتى، خۇشاللىقىنىمۇ يوشۇرمايتتى. تۈرۈپ - تۈرۈپ ھېلىقى ھېكايىسىنى، باۋدىڭنى قانداق ئۇچۇقتۇرغانلىقىنى، باۋدىڭنىڭ يالۋۇرۇپ، يىلىنىشلىرىنى... سۆزلەپ ھارمايتتى. ئىشقىلىپ قىلغان ئىشىدىن پەخىرلەنگەنلىكى ئېنىق ئىدى.



ئۆزۈنغا سوزۇلغان مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئالتاي تېغىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر خىتتايلار ۋە رۇسلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتكەن ۋە رۇسلارنى دوراپ كوممۇنىستلاشقان بەزى خائىنلار بىلەن تۇتۇشۇۋاتقان ئوسمان باتۇرنىڭ قارارگاھى ئىدى. ئوسمان باتۇر بېقىشلىرى كەسكىن، شاپ بۇرۇت، قويۇق ساقاللىق، بۇرنى بىر ئاز چوڭ، بەستلىك ۋە ئېغىر - بېسىق كىشى بولۇپ، كۆپ ئويلىنىپ ئاز گەپ قىلاتتى. ئۇ ۋە ئەتراپىدىكى قوللىغۇچىلىرى بىلەن تونۇشتۇم. ھەممىسىلا تاغنىڭ سۆڭەككە ئۆتىدىغان سوغۇقىدىن قوغدىنىش

ئۈچۈن قىلىن كىيىملەرنى كىيۋېلىشقان ئىدى. بۇ ئەركەكلەر يىللاردىن بېرى بوران چاپقۇنلارغا، دۈشمەننىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىگە مىسلىسىز جاسارەت بىلەن كۆكرەك كەرگەن باتۇر ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» سادالىرى تاغلارنى لەرزىگە سالاتتى. تاغ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بىر نەچچە مەركىزى بار بولۇپ، مەن بۇ مەركەزلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ خەلق ئارىسىدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمنى، دۈشمەننىڭ خەلقىمىزنى يوقىتىشتا قوللىنىۋاتقان ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى قوزغىلاڭچىلارغا يەتكۈزەتتىم. بەزىدە جىددىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشاتتىم، رازۋېدكا ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتىم. ئاخىرقى نىشانىم ئوسمان باتۇرغا يېقىن بولۇش ئىدى. چۈنكى، ئەسلىدە مەن تەۋە بولغان ۋە بىللە جەڭ قىلغان سەپداشلىرىممۇ شۇ يەردە بولۇپ، ئۇ يەردە خىزمەتتە بولسام مەنسۇر دورغا بىلەنمۇ ئۇچرىشالايتتىم.

173

ئاخىرى ئېتىمىزمۇ ئۆلۈپ قالدى. تاغدىكى كىچىك، ئاھالىسى شالاڭ بىر قىشلاقتا كېلىپ چۈشكۈن قىلدۇق. ھاۋامۇ خېلى يۇمشاپ، ئىللىپ قالغان ئىدى. بۇ يېزىدا بىرنەچچە كېچە تۇرۇپ قالدۇق.

– بۇ سەپەر قاچانغىچە؟ – دەپ سورىدى چولپان.

– دائىم سەپەر ئۈستىدە بولىمىز. ئالدىمىزمۇ، كەينىمىزمۇ سەپەر.

– بەك چارچاتتى مېنى...

– ئۇرۇش دېگەن مۇشۇنداق، چارچىساڭمۇ ئامال يوق.

– مەن ئۇنى دېمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



– نېمىنى دېدىڭ ئەمىسە؟

– نىكاھىمىزنى قىلىشنىڭ پەيتى تېخى كەلمىدىمۇ؟! سەن دائىم پۇرسەتلەرنى چەك تۇتمايسەن. بەگ قەسىردىكى ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز ئېسىڭدىدۇ؟ شۇ چاغدا ئۇنىغان بولساڭ كاشكى...

ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلىققىنا تۇتتۇم. ئالقىنىمنى يۈزىگە يېقىپ تۇردى. مۇشۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق تۇردۇق. لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:

– قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرىمىز؟ – دېدى يۇمشاققىنا.

– مۇسۇلمان بار يەر بولغاندىكەن، موللام باردۇر ھەقچان، – دېدىم.

– مەن چىقىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.

– توختا چولپان! ماڭا قوي ئۇ ئىشنى.

– چەكسىز بەخت ئىچىدە ھېس قىلىۋاتىمەن ئۆزۈمنى.

– بىز بەك تەۋەككۈل قىلىۋاتىمىز.

– نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ مۇستافا!

– ئۆزىمىزنىڭ بالىلىق بولۇپ، ئۇلارنى چوڭ قىلىپ بەختلىك قىلغۇدەك ئۇزۇن ياشىيالىشىمىزغا كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟

– ئۇ تەرىپىنى ئاللاھقا قوي!...

تويىمىز ناھايىتى ئاددىي - ساددا بولدى. قىشلاق ئەھلى قاتناشتى، كىچىك قىزلىرى ئۇسسۇل ئويناپ، قويچىلار ئۆلەڭ ئېيتىپ، دومبىرا چېرتىپ دېگەندەك قىزىتىپ بەردى. يېدۇق - ئىچتۇق. ئون

كۆنگىچە ۋاقىتنى ئۇنۇتقان هالدا هاياتنىڭ پەيزىنى سۈردۇق. ئاندىن چولپان يېنىدا قالغان پۈتۈن زىبۇ - زىننەتلىرىنى ساتتى، ئۇنىڭ پۇلىغا ئىككى ئات ئېلىپ يولىمىزغا داۋام قىلدۇق.





– جېنىم، ئۆيىمىزنى ئاشۇ يەرگە – ئەزىمەتلەرنىڭ يېنىغا بارغاندا تۇتارمىز. ئۇلار بالىلىرى، ئاياللىرى ۋە ئەرلىرى بار بىر پۈتۈن جەمئىيەت. ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەشغۇلىيىتى جىهاد. جىهاد – ھۆرلۈك دېمەكتۇر، ئەركىنلىك دېمەكتۇر. بۇ جەڭ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن پەرز. ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ خوجىسىغا ئايلانغان چېغىمىزدا تېخىمۇ گۈزەل ۋە كۆركەم هاياتقا ئۇلىشىمىز.

چولپان بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ئۇپۇققا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

– سېنىڭچە هازىرقى مىنۇتلىرىمىزدىنمۇ گۈزەل هايات بارمۇ؟ -

ساغىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى.

– بار جېنىم! بار! تىنچلىق يېتىپ كەلگەن، ئىسلام دىيارى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا قايتقان، دۈشمەن ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچقاندا. ئەنە شۇ چاغدا بىز ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيمىز. ھەقىقىي بەختنىڭ تەمىنى تېتىيالايمىز. بىز يۈكسەك غايىلەر ئۈچۈن ياشىشىمىز لازىم، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەتتىنمۇ ئۇلۇغۋار ۋە يۈكسەك بولغان مەنالار ئۈچۈن. شۇ چاغدا، پۈتۈن تۈركىستاندا ئەبەدىي سۆيگۈنىڭ كۆيلىرى ياڭرايدۇ؛ سەن، مەن ۋە سەيداشلىرىمىز شۇ مۇقەددەس كۆينىڭ گۈزەللىكىنىڭ ۋە ئەبەدىيلىكىنىڭ سىرى بولۇپ قالىمىز. مانا شۇ چاغدا يەر يۈزىدە تۇرۇپ جەننەتتە ياشىغاندەك بولىمىز.

❀❀❀❀❀

# 12

بۇ ئەسنادا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى. بىر تەرەپتە ناتسىست گېرمانلار، يەنە بىر تەرەپتە سوۋېتلەر، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئىتتىپاقداشلار ئارمىيەسى. گىتلېرنىڭ گېرمان ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ ھەرتەرەپتە غەلىبە قىلىشى پۈتۈن دۇنيانى ساراسىمىگە سالغان؛ دۇنيا نىزامى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقان بىر پەيت ئىدى. بىز تاغدا گېرمانلارنىڭ رۇسىيەنىڭ غەربىي زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ قىستاپ كەلگەنلىكى، رۇسلارنىڭ تېز سۈرئەتتە چېكىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
سائىبە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى





بىر قېتىملىق چوڭ يىغىلىشتا ئوسمان باتۇر مۇنداق سۆزلىدى: «بۇ كۈنلەر بىز ئۈچۈن ناھايىتى ھالقىلىق، ھايات - ماماتلىق مۇھىم كۈنلەر. ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى، بىرنەچچە ئەۋلادتىن كېيىن قانداق ھالدا بولۇشى بىزنىڭ بۈگۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىزغا باغلىق. بىزلەرنىڭ بۇ تۆپىلىرى كۆرەشلىرىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن. ئەھلىسەلىپ خىرىستىئانلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن چاررۇسىيەنىڭ زېمىنىمىزغا كۆز تىكىشى، خىتتايلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە – بۇ قەھرىمانلار دىيارى، ئىسلام تۇپرىقى بولۇپ كەلگەن ئەزىز دىيارىمىزغا ئىشتەي ساقلاپ تىمىسقىلاشلىرى باشلانغان يىللاردىمۇ، شۇنداقلا شۆھرەتپەرەس ھاكىم، بەگلەرنىڭ غاپىل ۋە ئىتتىپاقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ گۈزەل يۇرتىمىزغا دۈشمەنلەر مەينەت ئاياغلىرىنى بېسىپ، پارچە - پارچە بۆلۈپ، تالاپ ئىشغال قىلىشقان نەچچە ئون يىلنىڭ ياقىمۇ بىزنىڭ كۆرەشلىرىمىز توختاۋسىز داۋام قىلىۋاتىدۇ.

قېرىنداشلىرىم! تاغ لاچىنلىرى! مېنىڭ ئۆتمۈشتىن جىق گەپ ئاچقۇم يوق. مەن پەقەت شۇنى تەكىتلىمەكچى: ۋەتەن تۇپراقلىرىنىڭ ئەركىنى ھېچكىم بىزگە ئېلىپ بەرمەيدۇ؛ مۇستەقىللىق قورغىنى پەقەت ۋە پەقەت بىزنىڭ، يالغۇز ئۆزىمىزنىڭ مۈرىلىرىمىز ئۈستىدە يۈكسىلىدۇ. رۇسلار بىزگە «ياردەم قىلىمىز»، دەپ يالغان ئېيتتى؛ خىتتايلارمۇ ئاپتونومىيە، ئەركىنلىك شوئارلىرى بىلەن خەلقىمىزنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ئالدىدى. ستالىن ۋە ئۆتمۈشتىكى چارلارنىڭ بارى يالغانچى. مانا كۆرۈۋاتىسىلەر! خەلقىمىزنى قىلىچ ۋە مىلتىقلار بىلەن باش ئەگدۈرۈۋاتىدۇ. ئونمىڭ، يۈزمىڭلاپ دار مەيدانىغا، تۈرمىلەرگە سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. پۈتۈن تۈركىستان ئائىلىلىرى قامغاقتەك توزۇپ كەتتى. بىزنىڭ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بولمىش قوماندانلىرىمىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە قىلىنىشى كېرەك بولغان ئەقەللىي مۇئامىلىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەننى ئاز دەپ، خەلقنىڭ نەزىرىدىكى شان - شەرىپىنى، نام - ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرى ئىدى. ئۇلار ئەمدى شەھەر - يېزىلاردىكى يېڭى نەسلىنى بۇلغاپ، ئازغۇن بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ قىلمىشلىرىنى ئاقارتىش، تەرەققىيات دېگەندەك شوئارلار بىلەن پەردازلىماقتا. ئورۇسلارنىڭ ‹پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى› ئۈچۈن گىتلېر گېرمانىيەسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى نىمدېگەن كۈلكىلىك - ھە! ھالبۇكى، خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى يۇلۇپ ئېلىۋاتقىنى دەل ئۆزى تۇرسا! خىتتايلارمۇ ياپونىيەگە قارشى دەل شۇنداق شوئار ئاستىدا ئۇرۇشماقتا. بىر - بىرلىرى بىلەن ئۈسۈشكەن بۇقىدەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىركىشىۋاتىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى كاۋكاز ۋە باشقا غەربىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان چەۋەندازلاردىن تەشكىللەنگەن بىر چوڭ قوشۇن رۇسلارنىڭ گېرمانلارغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇۋاتىدۇ.

قەھرىمان قېرىنداشلىرىم! بىز ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز! دۈشمەنگە قارشى غەزەپ - نەپرىتىمىز ئېشىق! مەيلى ئۇ دۈشمەن قانداق سۈرەتتە ئالدىمىزغا چىقسۇن، مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامنى، پارلاق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز! ھازىر ئورۇسلارنىڭ ئابرۇيى بىر تىيىن بولۇۋاتىدۇ، شەرق تەرەپتىكى فرونتتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا، گېرمانلار موسكۋاغا كىرەي دەپ قالدى. خىتايلارنىڭ ياپونىيەگە قارشى ھالىتىمۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر.



بىز ھازىر مېڭىۋاتقان بۇ يول ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن جىھاد قىلىش يولىدۇر! بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشىمىز لازىم! ھۆرىيىتىمىز ئۆز قولىمىزغا ئۆتكەندە ئاندىن ھەممەيلەن بىلەن دوستانە مۇئامىلىدە بولساقمۇ كېچىكمەيمىز. ۋەتەن تۇپراقلىرىغا ياتلارنىڭ ئايىغىنى باسقۇزمايمىز، بىزنىڭمۇ باشقىلارنىڭ يەر - زېمىنىدا كۆزىمىز يوق. مول بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ مۇنبەت زېمىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ بولۇشى كېرەك. ئاللاھ بىزنىمۇ ئۆز ئەركىمىز بىلەن ياراتتىغۇ؟ مۇستەقىل ۋەتىنى بولۇش بىزگە ياراشماسمۇ، ئەجەبا؟!

ئورۇسلار بىزنىڭ پارتىزانلارچە زەربىلىرىمىزدىن ھالسىرىغاندى، شۇڭا غالجىرلىشىپ بىگۇناھ خەلقتىن ئېخىمۇ قاتتىق ئىنتىقام

ئىبلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭ جەڭگە ئاتلانماقتىن باشقا تاللاش يوق!»

جەڭچىلەرنىڭ تەكبىر سادالىرىدىن تاغلار لەرزىگە كەلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن توپ - توپ بولۇپ يولغا چىقتۇق. رۇسلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ چېكىنىشكە باشلىدى، بىزنىڭ ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىشىمىزگە بىر قانچە كىلومېتىرلا قالغان ئىدى. بۇ چاغدا سوۋېتلەر ئاساسى كۈچىنى ستالىنگرادتىكى گېرمان قوشۇنىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كەتكەن بولۇپ، خەلقىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى قالدۇق رۇس كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربىلەر ياغدۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇلار مۇ غەربىي تۈركىستانغا قەدەر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. رۇسلارنىڭ چېكىنىشى نۇرغۇن سىرلارنى يورۇقلۇققا چىقاردى.

181

رۇسلار تاشلاپ كەتكەن ئارخىپلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يىلتىزىدىن قۇرۇپ يوقالغان ئائىلىلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق بولۇپ، رۇس ئۆلۈم لاگېرلىرىغا قامالغانلارنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. رۇسلار تارمار بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆلۈم لاگېرلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلار ئۆزلىرى ئۇچرىغان ۋەھشىي قىيىن - قىستاقلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇلار سۆرەتلەپ بەرگەن مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. شەھىد بولغانلارنىڭ ئائىلىلىرى ئۇلارنىڭ مېيىتلىرىغا ئېرىشەلمەپتۇ. چۈنكى، رۇسلار ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن بۇ جەسەتلەرنى يوق قىلىشىدىكەن. زەھەرلىك گازغا تولۇپ كەتكەن بىر ئازگالدا، تاسادىپەن ئىككى جەسەت ئۇچراپ قالدى. كېيىن بۇ جەسەتلەرنىڭ «شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى خوجا نىياز ھاجى ۋە قوماندانلاردىن قازاق گېنېرال شەرىپخان تۆرىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

رۇسلارنىڭ ئادەم قىيناش مەركىزى بولغان ئىستىخبارات ئىدارىسى يەنى «ج خ ئورگىنى»نىڭ بىناسى بىر قېتىملىق قاتتىق يامغۇردا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، بىنانىڭ خارابىسى ئاستىدىن ئۈچ مىڭ كىشىنىڭ جەسەت - ئىسكىلىتلىرى تېپىلدى. ئەسلى بۇ بىنانىڭ ئاستى ۋەتەن يىگىتلىرىنى قامايدىغان تۈرمە ئىكەن. بۇ بەك مەخپىي تۈرمە بولغاچقا، بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، شۇ يەردە قاپسىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشكەن ئىكەن. تۈركىستان خەلقى ھەرتەرەپتىن كېلىپ بۇ مىسلىسىز دەھشەتكە شاھىت بولدى.



چولپاننىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار توختىمايتتى:

– ئۇلار قانداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن - ھە! مۇستافا! مەن ئويلاشتىنمۇ قورقۇۋاتىمەن. بۇ بەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت ئەمەسمۇ؟ ئاھ، قاپقاراڭغۇ زىندان... ھېچكىمدىن جاۋاب كەلمىگەن يالۋۇرۇشلار... ئاچلىق، سۇسىزلىق... بەدەنلىرىنى تىلىپ تۇرغان قامچىلار... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خوتۇن - بالىلىرىنى خىيال قىلىۋاتقانلار، سۆيگەن قىزىنى ئەسلەۋاتقانلار بار بولغىيتتى! دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئېغىر زۇلۇم بولامدۇ؟ ئورۇسلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن! ئۇلار بىزنى نېمە قىلسۇن دەيدۇ؟ ئەگەر ستالىن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلغىنىدەك، «ھەقىقىي جەننەتتىن خۇش خەۋەر بەرگۈچى» بولسا، مۇشۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنى قىلارمىدى؟ بۇنداق ئىنسان

قىلىپىدىن چىققان كىشىلەردىن قانداقمۇ ياخشىلىق كۈتكىلى بولىدۇ؟ قارا! قۇچاقلىشىپ قىتىپ قالغان جەسەتلەرگە، بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا جان ئۈزۈپتۇ. تۆگۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالغانلارغا قارا! قاتتىق تولغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋاللاردىمۇ ئاللاھقا يېلىنىپ، مەدەت تىلىگەنلىكىگە ئىشەنمەن. بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىدا ئەركىن قىيغىتىپ يۈرگەن ۋەتەن ئەۋلادلىرى ئەمەسمىدى؟ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ پەسكەشلەرگە ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!

مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

– ئىنسان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېچنەرسىنى تۇيمايدۇ. ئۆزۈڭنى بۇنداق ئازابلىما، – دېدىم ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن.

– بىز ئازابلانماي كىم ئازابلانسۇن؟! ئازابلىنىشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندا قەلبىمىزدە پۈتۈن زالىملارغا قارشى ئۆچمەس نەپرەت شەكىللىنىدۇ.

– قەدىرلىكىم! بىز ھەممە يەردە قوغلاپ يوقىتىۋاتىمىز ئۇ ئەبلەخلەرنى.

چولپان يىپشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

– مۇستافا! مەن سىلەر بىلەن سەپەرنى داۋام قىلالمايدىغان بولدۇم، – دېدى.

– نېمىشقا؟

– بويۇمدا قالغاندەك قىلىدۇ.

يامغۇر ۋە ئاپتاپنىڭ دەستىدىن پارە - پارە بولۇپ كەتكەن ئىسكىلىتلاردىن بۇرۇلۇپ، چولپاننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىدىم - دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

– ئەمىسە، ئەگەر ئاللاھ بىزگە بىر ئوغۇل ئاتا قىلىپ قالسا، ئىسمىنى خوجا نىياز قويايلى، – دېدىم. چولپان مەيۈسكىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنى بىز تۇرۇۋاتقان ئۆيگە ئاپىرىپ قويدۇم.

– مەن كېلەر ھەپتە يولغا چىقىمەن. سەپىرىمىز ئىلى ۋە ئالتاي تەرەپكە. ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى مول بولغان بۇ ئىككى يۇرتنى رۇسلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

قانلىق جەڭ داۋام قىلىۋاتاتتى. رۇسلار ھەرتەرەپكە پىتىراشقا باشلىدى. بىر قېتىم خېلى كۆپ كوماندىرلار يىغىلغان بىر ئۇچرىشىشتا ئوسمان باتۇر بىزدىن:

– شېڭ شىسەينىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ – دەپ سورىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، نېمە دەيدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشتۇق. ئوسمان باتۇر تەمكىنلىك بىلەن:

– ئورۇسلارنى تۇتقىلى تۇرۇپتۇ، – دېدى.

– قانداقسىگە؟ – ھەممىمىزنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزىمىز ئېچىلىپلا قالدى.

– سىياسىي مەنپەئەت ئويۇنى.

– لېكىن، ئۇلار دوست ئىدىغۇ؟ شېڭ شىسەينى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇسلار يۆلەپ تۇرغۇزغان ئەمەسمىدى؟

– شۇنداق. ئورۇسلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭ قولى بىلەن

ۋەتىنىمىزنى ئالقانلىرىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى يۈلەپ قورچاق رەئىس قىلىپ تىكلىگەن ئىدى. شىڭ شىسەي ئەمدى گومىنداڭنىڭ كاتتىۋېشى جياڭ جيېشى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

شىڭ شىسەينىڭ رۇسلاردىن بىزار بولغىنى سىر بولمىسىمۇ، كۆپىنچە رۇس مۇتەخەسسىس ۋە مەسلىھەتچىلەر گېرمانلار بىلەن بولغان جەڭ سەۋەبلىك تۈركىستاندىن كەتكەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن تولۇق قۇتۇلغان ئىدى. قىلىپ قالغانلىرىمۇ ئوسمان باتۇرنىڭ ئەزىمەتلىرى باشلىغان پارتىزانلارچە جەڭدىن قېچىپ يوقالغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان رۇس مىللىتىدىن بولغان ھەركىمنى تۇتۇشقا باشلاپ، جياڭ جيېشىدىن بىزگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى. شىڭ شىسەي مەيدانى يوق بىرى ئىدى، كىمدە پايدا بولسا شۇنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرەتتى. رۇسلارنى مەغلۇپ قىلدۇق دەپ تۇرساق، ئەمدى خىتتايدىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچى قوشۇنغا قارشى جەڭگە تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم بولۇۋاتاتتى. قوماندانلىرىمىز ئاممىغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ قورال تۇتالىغۇدەك ھەممە كىشىنىڭ «خىتتاي ئوغرى چاشقانلىرى»نى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاش جېڭىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئاندىن ئوسمان باتۇر شىڭ شىسەيگە ئۇلتىماتۇم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كېتىشكە مۆھلەت بەلگىلەپ بەردى ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە چىقىپ كەتمىسە ئاقىۋەتنىڭ ھالاكەت بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شىڭ شىسەي پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر جايدا تۇرالمايلا قالغان ئىدى. قوشۇنىمىز ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۆز

قېرىندىشى (شىېك شىچى) نى باش قىلىپ، جىياڭ جېيشىغا ئەۋەتكەن ئۆمەكتىن تېخىچە خەۋەر كەلمىگەن ئىدى. تۈركىستان خەلقى ئۆز شان - شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئار - نومۇسىنى قوغدايدىغان بۇ جەڭگە جېنىنى تىكىپ ئاتلانغان بولۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» سادالىرى ئۇپۇقلارنى لەرزىگە سالاتتى.

– مانا ئۇچىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ قالدۇق، مۇستافا ھەزرەت!

بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئالدىمدا ئاخىرەتلىك دوستۇم مەنسۇر دورغا تۇراتتى.

– ئاھ! قەدىرلىك دوستۇم مەنسۇر... ئەجەب ئۆزگىرىپ كېتىپسەن. چاچلىرىڭغا قىراۋ چۈشۈپتۇ. يۈزلىرىڭگە قورۇقلار ئىز تاشلاپتۇ.

ئۇنىڭ سول بىلىكىنىڭ مىدىرلىمىغانلىقىنى، ملتىقىنى ئوڭ قولى بىلەن كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردۈم. سېغىنىش بىلەن چىڭ قۇچاقلىدىم. ئاندىن ئازراق داجىپ، ئۇنىڭغا قايتىدىن سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئىككى مەڭزى خېلىلا يادىغان، چاچلىرى چۈشۈپ شالاڭلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاق ئارىلاشقان ساقاللىرى كاجلارچە ئۆسۈپ تۇرغان ئىدى. كۆزلىرىدە لىققىدە مەيۈسلۈك.

– قانداقراق تۇردۇڭ؟ مەنسۇر!

– ئورۇسلارنى يەڭدۇق.

كۈلۈپ كەتتىم. بۇ ھەممىمىزگە ئايان بىر ھەقىقەت ئىدى. دېمەك، ئوچۇق گەپ قىلمايۋاتاتتى.

– تاغلىق ئايالىم شەھىد كەتتى. ئورۇسلار بىر زىياپەتتە ئۇنى خۇددى بىر قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى. خۇددى گۆشخور

ھايۋانلاردەك ئارىلىرىدا بۆلۈشۈۋېلىشتى ئۇنى. ئاياللىم ئىچىنىشلىق نالە - پەرياد قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇلقۇناتتى. يىرتقۇچ ھايۋانلار جىنىدا بىلىدۇ مەرھەمەت قىلىشنى، لېكىن ئورۇسلار بىلمەيدىكەن. ياق... ياق...

مېنىڭ تۇرمىدىن قاچقىنىم ھەرتەرەپكە يېيىلدى. كاشكى قاچمىغان بولسام، ئىستىخبارات بىناسى ئاستىدىن چىققان ئاشۇ شەھىدلەردىن بىرى بولۇپ قالغان بولسام! ئىسىت. نېمىشقا دەمسەن؟ مېنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ تۇتالمىغاندىن كېيىن، ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي پۈتۈن ئائىلەمنى قولغا ئالدى. ھازىر نەدە دەمسەن؟ مىڭ ئەپسۇسكى، ئۇلار كەتتى، كېتىپ قالدى، – كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ داۋام قىلدى، – ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان زاتنىڭ يېنىغا كەتتى.



يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ يەنە:

– مېنى ھازىر ئۇ كېتىپ قالغانلاردىن بەختلىك دەپ ئويلامسەن؟

– دېدى.

ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم ۋە:

– ماشايلى! دوستۇم. چولپان سېنى ساقلاۋاتقان! – دېدىم.

ئۇنتۇپ قېلىشقا باشلىغان كونا ھېكايىنى ئەسلىگەندەك بولۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

– چولپان دېدىڭما؟

– ھەئە! ئاياللىم.

– ئاياللىڭ؟ مۇمكىن ئەمەس! سەن بىلەلەمسەن؟...

ساقىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈلۈپ كەتتىم ۋە:

– مەن بىلەن بىللە بىر نەچچە پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى، – دېدىم.

يېنىمىزدا ياردار بىر مۇخبىر ئولتۇرغان ئىكەن. ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ:

– سىز مۇستافا مۇراد ھەزرەت بولامسىز؟ – دەپ سورىدى.

– ھەئە.

مۇخبىر خۇشال كۈلۈپ كېتىپ:

– سىلەر ئىككىڭلار ھەققىدە ئۈرۈمچى، ئالتاي، كاشغەر، قۇمۇل ھەممە يەردە ۋاراقچىلار تارقىلىپ يۈرۈيدۇ.



– نېمە مەزمۇندا؟

– سىز ۋە چولپاننى تىرىك ياكى ئۆلۈك تۇتقانلارغا كۆپ مىقداردا ئالتۇن بېرىمىز دېگەن ئۇقتۇرۇشلارچۇ. دېمەك، مۇستافا ھەزرەت سىزكەنسىز - دە؟! سىزنىڭ ھېكايىڭىز جەزمەن بەك ياخشى گېزىت خەۋىرى بولىدۇ .

قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، مۇخبىرغا مۇرەمنى ئىشارەت قىلدىم.

– بىرىنچى دەرىجىلىك شەرەپ ئوردېنى...

– شۇنداق بۇرادەر، ئوسمان باتۇردىن.

– ئۇ ئالتۇنلار شىبىڭ شىسەيدىن. ئاجايىپ جاھان - دە، بۇ!

تولۇن ئاي سۈتتەك نۇرىنى ئەتراپقا سېخىيلارچە سېپىپ تۇرغان ئايدىڭ كېچە. مەنسۇر دورغا بىلەن ئولتۇراتتۇق، ئۇ پەس ئاۋازدا

سۆزلەشكە باشلىدى:

– بەگ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلتۈرۈلدى، دەپ ئويلايمەن. تۆرىلەر، بەگلەر ھەممىسى يوق قىلىندى ياكى ئەك پەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. ئائىلىسى، خوتۇن - بالىلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. دۇنيا ئايىغى ئۈزۈلمەس ۋەقەلەر بىلەن داۋالغۇپ تۇرىدىكەن. بىزنىڭ پېشانىمىزگە ئۆمۈر بويى جەڭچى بولۇش پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ.

– مەنسۇر، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىشتىنمۇ شەرەپلىك ئىش بارمۇ دەيسەن ئاداش؟!



– بىلىمەن، لېكىن بەزىدە نەپسىم غالىب كېلىپ قالىدۇ. گۈزەل كۆنلەرنى، غۇبارسىز بالىلىقىمنى، ئائىلەمنى، ياپېشىل يايلاقلارنى، قۇياش پارلاپ چىققان سەھەرلەرنى، بەختكە تولغان دۇنيانى... ئەسلەپ قالىمەن. نېمىشقا بۇلارنىڭ ھەممىسى يوق بولدى؟ سائادەت دەرياسىغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن، چوقۇم مۇشەققەت چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈش كېرەكمۇ؟ مانا بىزمۇ زەپەر قازىنىۋاتىمىز، لېكىن بەخت - سائادەت نەدە؟ بەزىدە قەلبىمنى مۇشۇنداق ئويلار قاپلىۋالىدۇ. مەزۇر كۆرگەن، لېكىن ئادەم بالىسى بولغاندىكىن مۇشۇنداق ھېس قىلىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن. ئايالىم نېمىشقا ئۆلدى؟ ياشانغان دادامنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟ ئانامنىڭ، سىڭلىمنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇرۇپ كەتتىمۇ؟... كۆرگەنلەرنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشلىرىچە، ئائىلەمدىكىلەر بىر نەچچە ئايەتنى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئوقۇيالاپتۇ، دادام بولسا جاراڭلىق قىلىپ «ئايەتۇلكۇرسىي»نى ئوقۇغان ئىكەن، ئۇ جاللاتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ساپىيە

كۆلۈپ كېتىشىپتۇ. نېمىگە كۈلۈشىدۇ ئۇلار مۇستافا؟! چولپان بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر سوراپ باقاي! بۇ ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن قانداق ياشاپتۇ؟ قانداق بىللە ئولتۇرۇپ قوپۇپ، يەپ - ئىچىپ يۈرۈپتۇ؟ ئۇلار ئىنسانمىكەن؟

مەنسۇر دورغىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر يۈزىسىدىن بەكلا تۈگىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پات - پات ئېسىگە كېلىپ قالىدىغان قايغۇلۇق دەملىرى ئۇنى ماتەمدار ھالىتىگە قايتۇرۇپ قوياتتى - دە، ئەقلىدىن ئاداشقاندەك بولۇپ قالاتتى.

مۇرىسىنى دوستلارچە تۇتۇپ تۇرۇپ:

– ئاللاھقا ئىشىنەمسەن؟ – دېدىم.

– ئەلۋەتتە! – دېدى ۋە كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

– **﴿ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ﴾**(بەقەرە: 156)

❀❀❀❀❀

# 13

– تۇگەشتۈرۈدىغان بولدى مېنى بۇ ئۈمىدسىزلىك!

مۇشتىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزلەۋاتقان شېيخ شىششەي غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن يا رۇسلارغا، يا مىنگوغا تايىنىشقا مەجبۇر قالدىم. ئۆزۈم يالغۇز غەلىبە قازىنالمىدىم. بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۆمۈر بويى سوۋېتقا ياكى مىنگوغا بېقىنىپ ئۆتىمەن، دېگەن گەپ. شۇڭا، كۆڭلۈم زادى خاتىرجەم ئەمەس، خۇشال بولۇشۇم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

قوماندانلىرىدىن بىرى:

– نېمىشقا تۈركىستان خەلقىگە دوستلارچە مۇئامىلە قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرمەيمىز؟

– بۇ مۇمكىن ئەمەس، – دېدى زەردە بىلەن، – غالىبلار بىلەن مەغلۇپلار دوست بولالمايدۇ. ھەرقېتىم قوزغىلاڭ بولغاندا قانلىق باستۇردۇم، باشقا يول يوق ئىدى. ئىش ئۇقماسلىقىمدىن ئەمەس، مەن بۇنىڭدىن باشقا ئۇنۇملۇك ئۇسۇل كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە شۇنداق قىلدىم. قارىغىنا! ئورۇسلارنىڭ ياردىمى ئۈزۈلۈپلا ئەتراپىمىزدىكى تاغلاردىن ئۇستىمىزگە ئوقلار يېغىۋاتىدۇ. ئەگەر جىياڭ جېيشى ۋەدە قىلغان ياردىمىنى ئەۋەتمىسە، ئۆرۈمچى قولدىن

كېتىدۇ. بىز ھەممىمىز مۇشۇ يەردە – ئۆزىمىز قۇرۇپ چىققان تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئادەم قۇشخانىسىدا بوغۇزلىنىمىز.

شىبىڭ شىسەي ھۇجرىسىغا ئارام ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. ئاچچىقى تېخى بېسىقمىغان ئىدى. ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا پېتىپ كەتتى. قانچىلىك ئولتۇرغىنىنىمۇ بىلمىدى. بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئالدىدا بىر شىپشە بىلەن ئىككى قەدەھنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان قىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:





– سەن قاچاندىن بېرى تۇرۇۋاتىسەن، بۇ يەردە؟!

– يېرىم سائەتچە بولدى، – دېدى.

– ۋاي تـوۋا، نېمىشقا تىۋىش چىقارمىدىڭ؟ بۇتتەك قاراپ تۇرۇشۇڭدىن بىزار بولدۇم.

بۇ قىز شىبىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا مەجبۇر قالغانلارنىڭ بىرى

ئىدى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالايتتى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن تۇنجى قىز ئەمەس، لېكىن بۇ قىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان بولسىمۇ، شىبڭ تېخى ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قوغلىمىغان ئىدى. قىز بەك كەم سۆز بولۇپ، سورالغان سوئالغا جاۋاب بەرگەندىن باشقا ھېچقانداق گەپ قىلمايتتى. ئايال كىشىلەر كۆپىنچە كوت - كوت كېلىدۇ، لېكىن بۇ قىز سوئاللارغا ئەڭ ئاز كەلىملەر بىلەن جاۋاب بەرگەندىن باشقا ۋاقىتتا ئاغزىنى پىچاق ئاچمايتتى.

– بۇ يەردىن كېتىدىغان بولۇپ قالساق، مەن بىلەن كېتەمسەن ياكى قېلىپ قالامسەن؟ – دەپ سورىدى شىبڭ.

– مەن سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن غوجام.

193

بىچارە قىز شىبڭنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى.

– يەنى، ئەگەر تۈركىستانلىقلار بىزنى مەغلۇپ قىلسا...

گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ، ساددىلارچە جاۋاب بەردى:

– ئۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزىسىز غوجام، مەندەك بىر ئايال بىلەن نېمە كارىڭىز.

– نېمىشقا؟

– يولىڭىزدا تېخى نۇرغۇن ئاياللار ئۇچرايدىغۇ سىزگە، مەن كىم ئىدىم؟

– مۇشۇ يەردە قالىدىكەنسەن - دە؟ – دېدى بېشىنى چايقاپ قويۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

– شۇنداق، – دېدى قىز تەمكىنلىك بىلەن، – ئائىلەم كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتكۈچە مۇشۇ يەردە قالىمەن.

شېڭ قىزنىڭ قولىدىكى شىشە بىلەن قەدەھنى بىر ئۇرۇپلا پارە - پارە قىلىۋەتتى.

– ھەممىڭ مېنىڭ يېنىمدا قەلبسىز ياشىشىسەن! – دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

– گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم غوجام. مېنىڭ ۋەزىپەمدە بىرەر قۇسۇر بولدىمۇ؟...

– ۋەزىپەڭنىڭ گېپىنى قىلمىدىم، ئەخمەق!

– نېمىنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز ئەمىسە؟

– سۆيگۈنىڭ، مۇھەببەتنىڭ...



قىز ئىنكاسسىز قاراپ تۇردى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. شېڭ يەنە خىيالغا چۆكۈشكە باشلىدى: «بۇ ھاياتنىڭ ھەممە تەرىپى قورقۇنچ بىلەن قورشالغاندەك. كىشىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى قورقىنىدىن ياكى بىرەر مەنپەئەت ئۈچۈنلا بولۇۋاتقاندەك. جەڭ مەيدانىدىكى خىتتاي ئەسكەرلەرمۇ ھاياتى خەتەر ئاستىدا قالغاندا، دەرھال تىز چۆكۈپ يىغلاپ يالۋۇرۇشۇپ، تۈركىستانلىقلاردىن شەپقەت تىلىشىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دۈشمىنى تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا كىرىشكىمۇ رازى بولۇشىدۇ. رۇسلارمۇ ياردەمچى قوشۇننى پايدا - مەنپەئەتنى شەرت قىلىپ ئەۋەتىدۇ. يا ھاكىمىيەتكە قول تىقىدۇ، يا بولمىسا خام ئەشياغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ ۋەيا بولمىسا كوممۇنىست

يولداشلارنى يېتىشتۈرمەكچى بولىدۇ. ستالىن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، ئۆزۈمنى سادىق كوممۇنىست قىلىپ كۆرسەتمىگەن بولسام، ماڭا ھەرگىزمۇ ياردەم قىلمايتتى».

ئۇ قىزغا يەنە قارىدى ۋە:

— يوقال، جەھەننەمگە بار! — دەپ ۋارقىرىدى.

— قەيسەردىن چىقىپ كېتەمدىم؟

— جەھەننەمنى بىلمەمسەن؟

— جەھەننەم؟... جەھەننەم... ئېنىق ئورنىنى بىلمەيمەن، لېكىن سوراپ تاپسام بولىدۇ.

مازاق قىلىپ قاقاھلاپ كۈلدى ۋە:

— چىقە! ھۇ ئەخمەق! — دەپ ۋارقىرىدى.

قىز چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىپ بولۇپ، يەنە شېڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ:

— ئېسىمگە كەلدى غوجام. جەھەننەم بۇ يەردە ئەمەس، ئاخىرەتتە. ئەسكى كىشىلەر، كاپىرلار ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بارار جايى.

شېڭ ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغاچ، قىزغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ:

— شۇ يەرگە بار، — دېدى.

— لېكىن، مەن تېخى ئۆلمىگەن تۇرسام.

شېڭ شىسەي جىمىپ كەتتى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغان

ساغىنىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. پۈشۈلداشلىرىدىن ئۇنىڭ ئىككى كېچە ئۇخلىمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قىز مىدىرلىماي ئۆرە تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن شېيىڭ چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېنىدا تىكىلىپ تۇرغان قىزغا قاراپ:

– سەن نەلىك ئىدىڭ؟ – دەپ سورىدى.

– ئەڭ شىمال تەرەپتىن كەلدىم. سىبىرىيەگە يېقىن يەردىن. ئېسىڭىزدە يوقمۇ جانابلىرى، بىر قېتىم زىيارەتكە بارغان ۋاقتىڭىزدا سىزگە قەدەھ ۋە مېۋە سۇنغان ئىدىم، مېنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىز. ھېكايىنىڭ داۋامىنى بىلىسىز. سىز بۇ يەردىن كېتىپ قالسىڭىز، مەن ئاشۇ يۇرتۇمغا قايتىپ ئاتا - ئانامنى ئىزدەيمەن.


قىز جىلۋىگەر، ساددا بىر قىز ئىدى. شېيىڭ ئۇنى تارتىپ، قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ سېيىلەك چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىنچىكە بۇرنىنى، تولغان لەۋلىرىنى، چوڭ - چوڭ كۆز چاناقلىرىنى سىلاپ قويدى. ئاندىن شېرىن چۈشتەك قىزنى سۆيۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن:

– دۈبەن ھازىر ھېچ ئىشقا يارىماس بولدى. ھوقۇق ۋە نوپۇزۇم قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياشلىق ۋە ھاۋايى - ھەۋەسمۇ كەتتى. ئىسمىڭنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. پەقەت يېڭى كەلگەن چاغدىكى ياش ئارىلاش كۈلۈمسىرىشىڭ خىرە - شىرە يادىمدا. ئۇرۇش، ئۇرۇش، ئايىغى چىقمىغان ئۇرۇش، – دېدى.

ئىشىك چېكىلدى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. قوماندانلاردىن بىرى كىرىپ كەلدى.

– دۈبەن جاناپلىرى، ياردەم كەلمىدى. تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار

ئۈرۈمچىنى قورشاۋغا ئالدى. شەھەر سىرتىدا قانلىق جەڭ داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش يوق.





شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى سوۋېتلەشكەن قوشۇنى

– تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئەۋەتىڭلار!

– چېكىنىشنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

– چېكىنىش دەمسەن؟ نان قېپى! چېكىنسەك نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن - يوق؟!

– نېمە ئىش بولار؟

– مۇسۇلمانلار بىزنى ھەرتەرەپتىن قوغلاپ تۇتىدۇ، ئۈستىمىزگە ھەرتەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدۇ. ئۇرۇشتا تامامەن مەغلۇپ بولىمىز. ھەممىمىز ئۆلىمىز. ئۈرۈمچى بىزنىڭ ئاخىرقى قورغىنىمىز. مۇھاسىرىگە خېلى ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلەيمىز. ئۆلگۈچە ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سابىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

يـاردەم كەلگۈچـە بەرداشـلىق بەرمەكتىن باشـقا يولىمىز يـوق. چىق! بـۇ گەپلىرىمنـى قوماندانلارغـا يەتكۈز!

قوماندان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غۇدۇڭشىدى:

– ئوسـمان باتـۇر ئەۋەتكـەن ئۇلتىماتۇمدا، كېتىشـنى خاھلىسـاق جېنىمىزنـىڭ ئامـان قالىدىغانلىقىنـى دەپتىكەنغۇ؟...

– مـەن جەڭچىنىـڭ ۋەدىسـىگە ئىشـەنمەيمەن، – دېـدى شـېڭ شىسـەي كۈلـۈپ كېتىپ.

– ئۇلار يالغان سۆزلىمەيدىغۇ...

شېڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

– بىز ئۇلارنى مىڭ قېتىم ئەخمەق قىلدۇق.

– لېكىن، ئۇلار...

شېڭ گېپىنى بۆلۈپلا:

– يوقـال! ئاخىرىغىچـە چـىداڭلار! چېكىنىشـكىمۇ، تەسـلىم بولۇشـقىمۇ بولمايـدۇ!

قومانـدان چىقىـپ كېتىپ، شـېڭ شىسـەي يەنە ئىچى سـىقىلغان، ۋەسۋەسـە قاپلىغان ھالدا يالغۇز قالـدى. «بىر قوماندانىنىڭ مەغلۇبىيىتى يېقىنلاشـقان بولسا، تەسلىم بولماسـتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى كېرەك، بۇنىـڭ ئـەڭ توغـرا ئۇسـۇلى ئۆزىنـى جەڭنىـڭ ئوتتۇرىسـىغا ئېتىشـتۇر. مەنمـۇ شـۇنى ئويلاۋاتىمەن. ئىنىمنـى پايتەخت چۇگچەكـكە ئەۋەتتىم. قـۇرۇق قـول كەلمـەس ھەرھالـدا. خىتتاي بىلـەن ياپون ئوتتۇرىسـىدا شـىددەتلىك جـەڭ بولۇۋاتقىنـى، ياپونلارنىڭ خىتتايلارنى تـازا تار يەردە

قىستاۋاتقىنى راست. لېكىن، جىياڭ ۋېييۈەنجاڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ. چۈنكى، بۇ دېگەنلىك بۇ يەرلەرگە ئورۇسلار ئىگە بولۇۋالىدۇ، دېگەن گەپ. يارىدەم چوقۇم كېلىدۇ...»

شېڭ خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرغىنىدا، كەم سۆز قىز يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا تاماق ۋە بىر شىشە هاراق كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. تاماقنى شېڭنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن:

— ئەپەندىم... مەن كېتەيمىكىن دەيمەن...

— نېمىشقا؟! — دېدى شېڭ قىزغا قەھرى بىلەن قاراپ.

— بۇ يەردە بەك قورقۇپ كېتىپ بارىمەن. ئۇرۇش يېقىنلاپ قالدى...



— ئۆلۈمدىن قورقامسەن؟ — دېدى قاقاهلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

— هەئە...

— ئۆلۈشۈڭ ياكى هايات قېلىشىڭنىڭ نېمە قىممىتى بار سېنىڭ؟

— ئۆلگۈم يوق.

— مېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇڭ يېتەرلىك ئەمەسمۇ ساڭا؟

— جانابلىرى دېگەن دۇبەن، مەن بولسام ئادەتتىكى بىر خىزمەتكار خالاس.

شېڭ قىزغا غەزەپ بىلەن قارىدى. ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى، ساددا ۋە مەسۇم چىرايى ئۇنىڭغا هوزۇر بېرەتتى. نۇرغۇن ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇپ باقتى، هەممىسىدىن

سائىبە تەشفقات مەركىزى

زېرىككەن ئىدى. ئۇقۇغان بىلىملىك ئايالالارنى، ئارتىسلارنى سىناپ باقتى؛ كوممۇنىست يولداشلاردىن سىناپ باقتى، لېكىن كۆپىنچىسى ستالىننىڭ جاسۇسى چىقتى؛ خىتتايدىن ئېقىپ كېلىپ، بۇ يېڭى زېمىنغا يەرلەشكەن خىتتاي قىزلارنى سىناپ باقتى، ئۇلاردىنمۇ قاتتىق زېرىكتى. بۇ كالۋا قىزنى نېمىشقا بۇنچە ياقتۇرۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. يۈرەك دېگەننىڭ ئۇ بىلمەيدىغان بىرەر قانۇنى بولسا كېرەك.

شېڭ غەزىپىنى ئاران بېسىۋېلىپ، قىزغا يەنە قارىدى:

– ھاياتتىن نېمە تىلىكىڭ بار؟

– يايلاقتىكى ئائىلەمنىڭ يېنىغا قايتسام، ئاندىن...

– مەن بىلەن قېلىشنى خالىمامسەن؟ – دېدى گېپىنى بۆلۈپلا، – سېنى ئالتۇن - كۈمۈش، نازۇ - نېمەتكە كۆمۈۋېتىمەن. سېنى ھىمايە قىلالايمەن.



قىز ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. شېڭ ئۇنىڭغا قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

– قامچا بىلەن بەدىنىڭنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىمەن!

– بۇ يەرگە كەلگەندىلا بىلەتتىم ئۇنى، – دېدى كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ.

– پۈتۈن ئائىلەڭنى تۈرمىگە تاشلايمەن. شۇ يەردە چىرىپ ئۆلىدۇ!

قىز تىزلىنىپ يۈكۈنۈپ قالدى، كۆز ياشلىرى سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى:


– رەھىم قىلىڭ دۇبەن جاناپلىرى، رەھىم قىلىڭ. مەن توۋا قىلدىم، ئائىلەمگە رەھىم قىلىڭ... – دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

– يوقال!

بىچارە قىز شۈرغاندا ئۇششۇك تەگكەن كىچىككىنە قۇشقاچ كەبى دىر - دىر تىترىگىنىچە چىقىپ كەتتى.

❁❁❁❁❁

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 14

جىياڭ جىيېشى ئاخىرى ياردەم ئەۋەتتى. ئەڭ يېڭى قوراللار بىلەن جابدۇنغان ئالتە دىۋىزىيە ئەسكەر كېلىۋاتاتتى. بۇلارنى ياپونلار بىلەن بولۇۋاتقان قانلىق ئۇرۇشنىڭ ئىچىدىن ئاجرىتىپ ئاتايىن ئەۋەتكەن ئىدى.



شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ قوشۇنى ۋە شىڭ شىسەينىڭ ئوتتۇرىغا ئالتە بۇرجەكلىك يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن سېرىق رەڭلىك بايرىقى



بۇ ۋاقىتتا جىياڭ جىيېشى ئىنگلىزلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىغا چاپلىشىپ، ئۇلاردىن ياپونىيەگە قارشى بىرمادا ئۇرۇش مەيدانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
سائىبە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ھازىرلىشىنى تىلەپ يالۋۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلغاندا ئۇزلۇكسىز غەلىبە قىلىپ، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتقان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ چەمبى ئاستىدا مجىلىپ كېتىپ بارغان يۈزنى قۇتقۇزالايتتى.

بۇ ئالتە دىۋىزىيە ئەسكەر تۈركىستاننىڭ چېگرالىرىغا يېقىن كەلگەندە، تۈركىستانلىق چېگرا قوغدىغۇچى قىسىملار تەرىپىدىن توسۇپ قېلىندى. ئۇلار ئۆزلىرىچە تۈركىستانلىق چېگرا قوماندانىنى كولدۇرلاتماقچى بولۇشتى. ئارىلىرىدىن بىر قوماندان چىقىپ تۈركىستانلىق قوماندانغا:

– بىز پەقەتلا ئۇ ئورۇسلارنىڭ يالقىنى يالاپ كوممۇنىستلىشىپ كەتكەن شىرىك شىسەيىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدۇق. ۋەتىنىڭلارنى كوممۇنىستلاردىن ئېرىغداپ بېرىشتىن باشقا غەرىزىمىز يوق، – دېدى.

– ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنىڭ ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇڭلار كوممۇنىستلاردىن! – دېدى تۈركىستانلىق قوماندان مەنسىتمەسلىك بىلەن.

– ئىككىسى بىر ئىش. بىز دېگەن سىلەرنىڭ دوستۇڭلار.

– ئوبدان بىلىۋال قوماندان، بىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىمىزنى كوممۇنىستلار-دىنمۇ، سىلەردەك خائىن دۈشمەنلەردىنمۇ ئېرىغداشقا قۇربىمىز يېتىدۇ، ياردەمگە ئېھتىياجىمىز يوق. بىز شىڭنى ناھايىتى ياخشى بىلىمىز. بىز دېگەن ئىسلامغا چىڭ ئېسىلغان خەلق، بۇنىڭ ئۆزى كوممۇنىزم سەپسەتىسى ۋە باشقا ھەرقانداق باتىل ئىدىيەلەرگە قارشى ناھايىتى ياخشى قالقان.

– سىلەرنىڭ ياردەمنى قوبۇل قىلماي كاجلىق قىلىشىڭلار

دۈشمەنگە ئوبدان پۇرسەت بولۇپ بېرىدىغان بولدى، – دېدى خىتتاي قوماندان.

– سىلەرمۇ ئوخشاشلا دۈشمەن.

– شىېك شىسسەي سىلەرنى سىۈر - توقاي قىلىۋېتەرمىكىن.

– ئۇ ئەبلەخ ھازىر قاچىدىغان تۆشۈك تاپالماي، ئۈرۈمچىدە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى.

– بوپتۇ، ئەمسە. كەلگەن يېرىمىزگە كېتەيلى. بۇ خەتەرلىك دۈشمەننى يوقىتىش ئىشىنى يالغۇز ئۆزۈڭلارغا قويدۇق.

بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا دۈشمەننىڭ ھىيلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتتاي يارەمچى قوشۇنى چېگرا قوغدىغۇچى بىرلىكلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ سانى خىتتاي ئەسكەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئاز بولۇپ، جەسۇرلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ بۇ كۈچ سېلىشتۇرمىسى غايەت زور بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى ۋە خىتتايلار چېگرىنى بۆسۈپ كىردى. خىتتايلار خەلق بىلەنمۇ تۇتۇشتى، نۇرغۇن ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالدى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچى ئوسمان باتۇرنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنىپ، شىېك شىسسەي ئۈچۈن قاچقىلى بولمايدىغان تورمىگە ئايلانغان ئىدى. يارەمچى كۈچلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان شىېك شىسسەي رۇسلاردىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، جىياڭ جېيشىغا بويسۇنغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئېلاندىن كېيىن، يېڭى كەلگەن خىتتايلار قۇرۇت - قوڭغۇزدەك ھەممە تەرەپتىن يامراپ، ئوسمان باتۇرنىڭ قوشۇنغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

– ئەزىمەتلەر، مەن تېخى ئۈمىدنى ئۈزمىدىم، – دېدى ئوسمان باتۇر.

– ۋابادەك يامراپ كېلىۋاتقان بۇنچە كۆپ خىتتاينىڭ ئارىسىدىن بىز نەگىمۇ چىقىپ كېتەلەيتتۇق، گېنېرال؟

– تاغلارنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك قوينىغا.

– قانداقىسىگە؟

– ئۇ يەردە قايتىدىن باشلايمىز، مۇستافا.

– گېنېرال...

– نىمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇرۇمچىنىڭ ئەتراپىدىكى جەڭنى داۋام قىلىشنى، شەھىد بولۇپ كەتكۈچە بەرداشلىق بېرىشنى ئۈمىد قىلىسەن. بۇ ناھايىتى ئۇلۇغۋار ئىش. لېكىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغۋار بولغىنى ھايات قېلىپ، پۇرسەت تېپىپ ئىسلام دىيارىنى كاپىرلاردىن تازىلاش. مۇجاھىدلارغا ئۇقتۇرۇش قىل، تاغقا قاراپ يولغا چىقىمىز.

206

ياردىدارلىرىمىزنى، شەھىدلىرىمىزنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە قايغۇمىزنى كۆتۈرۈپ تاغقا قاراپ يولغا چىقتۇق. چۈشكۈنلەشمىگەن ئىدۇق، ئەكسىچە خۇشال ئىدۇق. چۈنكى، دۈشمەننى يېڭەلمىگەن بولساقمۇ خېلى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتۇق. نۇرغۇن ئادىمىنى يوقاتتۇق، خېلى كۆپ چىقىمدار قىلدۇق، بىزنىڭ شەۋكىتىمىز بولسا سۇنغىنى يوق، غەيرىتىمىزمۇ سۇسلاپ قالغىنى يوق. تاغلار سەۋرلىك ۋە سۇباتلىق ئەزىمەتلەرنىڭ يۈزلىرىدىن بالقىغان نۇر بىلەن يېڭى تاڭنى كۈتۈۋالدى. قورام تاشلار ئۈستىدە ناماز سەپلىرى

تۈزۈلـدى، تەكبىـر سـادالىرى جىلغىلارنـى قاپلىـدى. مانىۋـرلار يېڭـى باشتىن باشـلاندى.

كۆلكىلىـك بىـر خـەۋەر يېتىـپ كەلـدى. جيـاڭ جيېشـى ئـۆزى يـاردەم قىلىپ قۇتقۇزغان شـىڭ شىسـەينى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشـلاپ، شـەرقىي تۈركىسـتاندىكى «رەئىس»لىككـە ۋۇ جوڭشـىن ئىسـىملىك باشـقا بىـر خىتتاينـى تەيىنلەپتۇمىش. بـۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوسـمان باتـۇر كۈلۈمسـىرەپ تۇرۇپ:

– سـاھىب بولمىغـان نەرسـىنى لايىـق بولمىغـان بىرىلىرىگـە تارتـۇق - ئارماغان قىلىشـىپ كەتكىنىنى، ۋەتىنىمىز خـۇددى ئۇلارنىڭ دادىسـىدىن قالغـان ئېتىزلىقتـەك، – دېدى.

يېڭـى كەلگـەن بـۇ ۋۇ فامىلىلىـك قاتتىـق قـول، رەھىمسـىز بىرى ئـىدى. يېڭـى ئولتۇرغـان بۇ مەنسـەپ تەختىنـى مۇسـتەھكەملەش ئۈچـۈن قولىدىـن كەلگـەن ھەرقانـداق ۋەھشـىيلىكنى قىلىـش بىلـەن ئىشـنى باشـلىدى. بـۇ قاتتىـق قـول سياسـەتلىرىنىڭ تۈنجى قەدىمىـى تۈركىسـتاندىكى ئوقۇمۇشـلۇق كىشـىلەرنى يوقىتىش بىلەن باشـلىدى. يازغۇچـى، شـائىر، ئۆلىمـا... ھەتتـا بـۇرۇن قولىغـا قـورال ئېلىـپ باقمىغانلارمـۇ ئامـان قالمىـدى. دەھشـەتلىك دار مەيدانلىـرى ھازىرلانـدى. بـۇ ھەقتىكـى قورقۇنچلـۇق خەۋەرلـەر ۋەتىنىمىزنىـڭ ھەرتەرىپىگـە يېيىلـدى.

تاغنىڭ ھاۋاسىنمۇ پەرىشانلىق قاپلاپ كەتتى.

مەنسۇر دورغا:

– خەلقنىڭ روھىنى ئۆلتۈرمەكچى بۇ زالىملار، – دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ساپىيە تەتقىقات مەركىزى

– كاللىسى ئوچۇق كىشىلەرنى خۇددى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاۋاتىدۇ، – دېدىم مەيۈسلەنگەن هالدا.

– توغرا دەيسەن. دىن ۋە ئېسىل پىكىر مىللەتنىڭ ۋىجدانىدۇر. بۇ ئەبلەخلەر مۇشۇنداق قىلىپ، دەرەخنى يىلتىزىدىن قۇرۇتماقچى.

مەنسۇر دورغا كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي يەنە:

– مەن تونۇيدىغان بىر شائىر بار ئىدى، ئىنقىلاب هەققىدە، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار قاراش هەققىدە شېئىر يازغان... – دېدى.

– مەنمۇ بىر ئالىمنى تونۇيتتۇم. تۇمان ئىچىدە يولىنى تاپالماي قالغان ياشلارغا ئىسلامنى ئۆزگىچە، تەسىرلىك ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈپ ئەقىل كۆزلىرىنى ئاچقان ئىدى...



– مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان كىچىك باللارنىمۇ نامايىشلاردا زەپەر مارشلىرىنى توۋلىغانلىقى ئۈچۈن، دار مەيدانىغا سۆرەپ ئاپىرىشتى...

قۇچىقىدىكى بوۋىقىنىڭ يىغىسىنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن توختىتىشقا تىرىشىۋاتقان چولپان كىرىپ كەلدى ۋە:

– ئۇ زىيالىيلارنىڭ ئۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟ قولىغا قورال ئېلىپ، تاغلارغا چىقىپ مۇستەقىللىق جېڭىگە ئۆزىنى ئاتىيالمىغان زىيالىينىڭ ئوقۇغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ هەقىقىي زىيالىي ئەمەس ئۇلار، – دېدى.

مەن ئەپسۇسلانغان هالدا:

– ئۇ زىيالىيلار، ئۆلىمالار ئۆزرەلىك هېسابلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىهەتلىرىگە ۋە ئىلمىگە ئېهتىياجى بار.

ئۇلار تاغۇ - تاشلار ئارىسىدا قورال كۆتۈرۈپ جەڭ قىلغانلار بىلەن ئوخشاش ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانى تېخىمۇ خەتەرلىك. كۆرمىدىڭمۇ ئەزىزىم، شۇڭلاشقا خىتتاي دۈشمەنلەر ئەڭ ئاۋۋال شۇلارنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. چۈنكى، ئۇلار بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، — دېدىم.



پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى يەنە باشلاندى. خىتتايلارمۇ جەڭنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ھەرپۇرسەتتە تاغدىكى ئەزىمەتلەر شەھەرلەرگە كىرىپ، ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، سېلىنىۋالغان بىنالىرىنى پارتىلىتىپ، ئۇلارغا زىيان سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە «مۇقىملىقنى ساقلىدۇق» دەپ خام چوت سوقۇپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭقىرىشقا مەجبۇر بولدى. خىتتايلارنىڭ ۋاقىتلىق زەپىرى ئازاب - ئوقۇبەت، بەدەل تۆلەش ۋە ئەلەمگە ئايلىنىۋاتاتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىلى تەرەپتىكى خەلقمۇ ئىنقىلاسمەن بىر


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سابىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىسلام ئالىمى بولغان ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدا ئىنقىلاب قوزغاپ، خىتايلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىشلار نەتىجىسىدە ئىلى رايونىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. 1944 - يىلى نويابىردا، ئەلىخان تۆرە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. گېنېرال ئوسمان باتۇر ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئوسمان باتۇردەك مۇھىم قوماندانىنىڭ تەجرىبىلىرى نەتىجىسىدە ئالتاي ۋە چۆچەك ئىستىلادىن قۇتۇلدۇرۇلدى، خىتاي دۈشمەنلەر ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىلدى. رەئىس ئەلىخان تۆرە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئوسمان باتۇرنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.






شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىرىنچى دۆلەت ھەربىي زايومى (1945)

ئەلىخان تۆرە بۇ زەپەرگە ئۆزى يالغۇز ئېرىشمىگەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاردىن تازىلاش شەرتى بىلەن رۇسلاردىن كۆپ

مىقداردا قورال - ياراق ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇ خىتتايلارنى تازىلاش ئۈنچە ئاسانغا توختىمىدى. تەسلىم بولۇشماي جاھىللارچە تىركىشىشتى. تۈركىستان ئىسلام قوشۇنىغا جەڭچىلەر توختىماي قېتىلىپ تۇردى. خەلق جەبىر - جاپا ۋە پەرىشانلىقنىڭ كەينىدىن روھلىنىپ، قايتىدىن ئۈمىدكە تولدى.

لېكىن، مەنسۇر دورغا:

– زەپەر قازىنىۋاتىمىز، لېكىن مەن يەنىلا ئەنسىرەۋاتىمەن، – دېدى.

– ئەنسىرەشكە ھاجەت يوق. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بەلەكلىرىمىزنىڭ كۈچىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق، – دېدىم جاۋابەن.

مەنسۇر مەسخىرىلىك قىلىپ:

– قورال بولمىسا بەلەكلىرىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچى بولسۇن، – دېدى.





شەرقىي تۈركىستان دۆلەت ئارمىيەسى قوماندانلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىبە تەتقىقات مەركىزى

مەنسۇرنىڭ رۇسلار ئەلىخان تۆرىگە تەمىنلەپ بەرگەن قورال - ياراقلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ رۇسلارنىڭ نىيىتىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى. بولۇپمۇ رۇسلار گېرمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان مۇشۇنداق پەيتتە، بىزنىڭ كىچىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كۈچلۈكلەر تېپىشىپ ئوينايدىغان پۇتبول توپىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

– دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، مەنسۇر! دۇنيا ئۇرۇشلىرى ئىنسانلارغا ئۇنتۇلغۇسىز ساۋاقلارنى ئاتا قىلدى.

– غالىبلارنى تېخىمۇ غادايتىپ، كىبىر ئاتا قىلغاندۇ تايىنلىق، – دېدى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

– مۇستەملىكىچىلىك باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ.



– نېمە دېمەكچى سەن؟ مۇستافا!

– مۇستەملىكىنىڭ ئورنىنى دوستلۇق ئىگىلەيدۇ. بىزگە ياردەم بەرگەنلەر بىلەن دوست بولۇشنىڭ نېمە يامىنى بار؟

مەنسۇر كىچىك بالامغا قاراپ مۇنداق دېدى:

– بىلەمسەن؟ مەن مۇشۇ بالاڭغا قارىسام، يۈرىكىم ئۆرتىنىدۇ.

– نېمىشقا؟

– سەن خەتەر ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى بىزنىڭلا تارتىپ تۈگىتىپ بولالايدىغانلىقىمىزنى ئويلامسەن؟ ئوغلۇڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئەھۋال چوقۇم تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

چولپان بالىسىنى مېھىر بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ، سۆيۈپ تۇرۇپ:

– بالام توغرىسىدا ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، – دېدى.

كۈلۈپ كەتتىم، مەنسۇرمۇ كۈلۈپ كېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– مەغلۇپ بولۇۋاتقان خىتتايلار سۈلھى تەلەپ قىلىشتى.

– بىز رەت قىلدۇق.

– ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ – دېدى مەنسۇر مەن تەرەپكە سەل يېقىنلىشىپ:

– رۇسىيە رەئىس جۇمھۇرنى بۇ سۈلھىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاۋېتىپتۇ.

– قانداق سۈلھىكەن ئۇ؟ – دېدىم مەن زەردە بىلەن.

مەنسۇر بىلمىدىم دېگەندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى ۋە:

– بىزنىڭ يېرىم مۇستەقىللىقىمىز، يەنى مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە). خىتتايلارنىڭ چېكىنىشى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ ئالمىشىشىمىز، – دېدى.



– ئۇنداق بولسا بولىدىكەنغۇ؟

– لېكىن، مەن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تامامەن مۇستەقىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما، ئورۇسلارنىڭ غەرىزى خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى بېسىپ چۈشۈۋاتىدۇ. بىز خىتتاينىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بىراق، رۇسلارنىڭ غەرىزى باشقا. سەن بىلسەن نېمە ئىكەنلىكىنى.

بالىنى بەزلەپ ئولتۇرغان چولپان گەپ قوشتى:

– بىز زار بولغان تىنچلىق يېتىپ كەلدى. شەھەرلىرىمىزگە، ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ كەلدۇق ۋە بىر ئاز راھەت تاپتۇق. مېنىڭچە

ساغىنە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

مەنسۇر باش بارمىقىنى چىقىرىپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ:

– ئاياللار دائىم ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايسىلەر، – دېدى.

ئاندىن قۇلىقىمغا يېقىن كېلىپ، مۇنداق دەپ پىچىرلىدى:

– ئوسمان باتۇر رۇسلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋاتىدۇ... لېكىن، مۇستەقىللىقىمىز رەسمىيەت ئۈچۈنلا بولغان «يېرىم مۇستەقىللىق» بولۇپ قالىدىغان چىراي.

– خىتتايلار چىقىپ كەتسىلا بولدى، باشقىسى مۇھىم ئەمەس، – دېدىم مەن.

مەنسۇر يەنە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى ۋە:

– كىم بىلىدۇ؟... – دېدى.

❀❀❀❀❀

# 15

سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، كېلەچەكتىكى يۆنىلىش ھەققىدە قارار بېرىلىدىغان مۇھىم پەيتلەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا شەھەر - شەھەرلەردە پاراكەندىچىلىكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. سىياسىيونلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئارىسىدا نىگىزلىك بۆلۈنۈشلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن، رۇس تەرەپدارلىرى ئۇتتۇشقا مايىل بولۇپ، ئىچكى جەھەتتىن بەلگىلىك يۆنىلىشلەرگە، تىلغا ئېلىنغان سۆھبەت - سۆلھىلەرگە قارىتىپ يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ كىشىلەر ھە دەپ رۇسلارنى ماختايتتى، شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان قورال - ياراق ياردىمىنى كۆپتۈرۈپ مەدھىيەلىشەتتى.

ئەسلىدە خەلقنىڭ قەلبى بىرلا نەرسىگە – يەنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقىغا ۋە ئىسلامنىڭ قورغىنى ھالىتىگە قايتىشى ئۈستىدە بىرلەشكەن ئىدى. لېكىن، سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە بېرىلگەن قارار مۇنداق بولدى: خىتاينىڭ غەربىي شىمال رايونى قوماندانى جاڭ جىجۇڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇنىڭغا ئۈچ ياردەمچى تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئەھمەدجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى (مۇئاۋىن رەئىس)، لىيۇ مېڭچۈن (باش كاتىپ) ئىدى. بۇ تۆرتەيلەننىڭ ۋەزىپىسى كېلىشىمدە ماقۇللانغىنى بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىش ئىدى. كىشىلەر بۇ ياردەمچىلىككە سايلانغان ئۈچ كىشىنىڭ رۇسلارنىڭ خالىس ياردەمچىلىرى ئىكەنلىكى، ۋىجدانلىرىنى

شەيتانغا ساتقان قىزىل پاچاق كوممۇنىستلار ئىكەنلىكى ھەققىدە كۇسۇلدىشاتتى. لېكىن، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقاتلار ئۇلارنى بۇ شۈبھىلەردىن يىراق قىلىشقا تىرىشاتتى، ئۇلارنى ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان «مىللىي قەھرىمانلار» قىلىپ كۆرسىتەتتى.



ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى
ئارقا ئوڭدا گومىنداڭ بايرىقى، سولدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بايرىقى ئالدى رەت ئوڭدىن 4 ـ كىشى ئەھمەدجان قاسىمى، 5 ـ جاڭ جىجوڭ، 6 ـ ھاكىم جاپپار

خەلق ئىنقىلابىنىڭ گۈزەل بىر شەكىلدە غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولغان سوۋېت قورال - ياراغلىرىغا ئىگە بولۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقلىرىنى تەكىتلەشنى ئۇنتۇمايتتى. شۇنداق بولىسمۇ، ۋەتەن خەلقى سايلامغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، خەلقنىڭ قارارى يەنىلا بەك مۇھىم ئىدى. نەچچە يىللاردىن بىرى دۈشمەنگە ئۆزىنى قالقان قىلغان، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن

تىنىم تاپماي كۈرەش قىلغان ئەزىمەتلەرنى ئەخمەق قىلمەن، دېيىش ئاسان ئىش ئەمەس - دە! دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، رۇسلارنىڭ ئىلى، ئالتاي، چۆچەكتىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. رەئىس ئەلىخان تۆرە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى:

– ۋەتىنىمىزنىڭ بىر ئوچۇم تۇپرىقىنىمۇ بەرمەيمىز. ئۈچ ۋىلايەتكە مۇداخىلە قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز. ئورۇسلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولۇڭلار، چېكىنمەي قالسا ھۇجۇمغا ئۆتىمىز.

– ۋەتىنىمىز ئورۇسلارنىڭ ھىيلە - مىكىر ۋە پىتنىلىرىگە توشۇپ كەتتى، – دېدى ئوسمان باتۇر، – رۇسلارنىڭ تويماس نەپسى ھەددىنى بىلسە بولاتتى.





1945 - يىلى 4 - فېۋرالدىن 11 - فېۋرالغىچە ئېچىلغان يالتا يىغىنىدا «شەرقىي تۈركىستان»نى خىتتاي ھاكىمىيىتىگە تاشلاپ بەرگەن ئۈچ جاللات

ئوڭدىن سولغا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى يوسىپ ستالىن (1878 – 1953)، ئا ق ش پرېزىدېنتى فرانكلىن روزۋېلت (1882 – 1945)، برىتانىيە باش ۋەزىرى ۋىنستون چېرچىل (1874 – 1965)

– پۈتۈن دۇنيا ئۇرۇشتىن قالغان يارىلىرىنى ئەملەش بىلەن ئالدىراش... ستالىن دېگەن تاش يۈرەك بولسا رەھىم قىلىش دېگەننى بىلمەيدۇ، – دېدى ئەلىخان تۆرە جاۋابەن.

– ئۇرۇش تۈگىدىمىكىن دېسەك، تېخى تۈگىمەپتۇ.

ئەلىخان تۆرە ئوسمان باتۇرغا يېقىن كېلىپ :

– باتۇرۇم! ئادەملىرىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىپ تەييار بولۇڭ، – دېدى.

سىياسىي ساھەدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن كۆڭلۈم بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تۇيىدى ۋە ئايالىمغا:

– چولپان، كېتىدىغان ۋاقىت بولدى. ئۇرۇمچىگە... – دېيىشىمگە:

– ئۇ يەرگە بارغۇم يوق! – دەپ ۋارقىراپ كەتتى:

– ئەسلىملىرىم مېنى ئازابلايدۇ.

– قۇمۇل؟...

– قۇمۇلمۇ ئوخشاش، سېنى ۋە مېنى پەرىشان قىلىدىغان سۆز - چۆچەكلەر تارقالغان ئۇ يەردە.

– كاشغەرگە بېرىشقا نېمە دەيسەن، ئەمىسە؟

– بولىدۇ.

– ئۇ يەردە ئوغلىمىز بىلەن بىللە ياشايسەن، مەن تاغلارغا ئاتلىنىمەن.

– ئاچچىق كۈنلەر قايتىپ كەلدى. ئورۇسلار چوقۇم بەدەل تۆلىتىدۇ.

ئەلخان تۆرە ئائىلىسى بىلەن بىللە رەئىسلىك قەسىرىدە ئولتۇراتتى. بىر كۈنى كېچىدە، ئەتراپ تىپتىنچ، كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتىشىپ كەلگۈسى سايلام ھەققىدە مۇنازىرىگە چۈشكەن بولۇپ، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. تۇيۇقسىز بىر نەچچە قوراللىق ياش كوممۇنىستلار قوللىرىدا قورال كۆتۈرگەن ھالدا ھويلىغا بېسىپ كىردى. كۆزلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئۇلارنىڭ خىيانىتىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

– كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ – دېدى ئەلخان تۆرە.

– تۆرەم، بىز بىلەن ماڭسىلا!

– سىلەر مېنىڭ رەئىس جۇمھۇر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟

– بىلىمىز. لېكىن،چىرايلىقچە بىز بىلەن ماڭسىلا، بولمىسا ئوق چىقىرىشقا مەجبۇرمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئەلخان تۆرە يوقاپ كەتتى. كىشىلەر ئۆزئارا كۇسۇلدىششقا باشلىدى. «نېمىشقا جۇمە خۇتبىسىگە چىقمىدى؟ نېمىشقا ۋەدە قىلىشقىنى بويىچە ئۆزى بۇرۇن يولىيورۇق بەرگەن قوراللىق قىسىملار بىلەن ئۇچرىشىپ، خىتتايلارغا قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۆتمىدى؟...» ئەلخان تۆرىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى ھەققىدە ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەر تارقىدى. لېكىن، ھۆكۈمەتتىن چىقىرىلغان رەسمىي باياناتتا ئۇنىڭ داۋالىنىش ئۈچۈن ئارشاڭغا كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتى.

يېڭى بىر دەھشەت خەۋەر ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. ستالىن ئۆز قولغا كىرگۈزۈشنى تەمە قىلىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائىبە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

كوچا - كوي، ئېتىز - ئېرىق، زاۋۇت - فابرىكىلار ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتاتتى. بۇ يەرلەردە رۇسىيەنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىنى خالىمىغانلارنى بىر - بىرلەپ يوق قىلىۋېتىپ باراتتى. ئۈچ ۋىلايەتكە (ئىلى، ئالتاي، چۆچەك) تۈركىستانلىق مەشھۇر ئەھمەدجان قاسىمى رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەنلىك قارارى ئېلان قىلىندى.



ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى
بىرىنچى رەت ئوڭدىن 1 - كىشى لىيۇ مېڭچۈن، ئىككىنچى رەت ئوڭدىن
3 - جاڭ جىجوڭ، 4 - كىشى ئەھمەدجان قاسىمى



رۇسلار ئالتاينى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئوسمان باتۇر ئادەملىرى بىلەن ئۇلارنى توسۇپ جەڭ قىلدى. ئۇرۇش باشلاندى.

رۇسلار ئادەم كۈچى جەھەتتىن خېلىلا ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى، شۇڭا ئوسمان باتۇر غۇلجىنىڭ تەبىئىي ئىستىھكامىدەك مۇستەھكەم

تاغلىرىنىڭ كەينىدە مۇداپىئەلەندى.

بىر قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، مەنسۇر دورغا ئاقساپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمدىن ياشلار ئېقىپ كەتتى ۋە نېمە بولغانلىقىنى سورىدىم. مەنسۇر ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ:

– ھەرقېتىمدا ياخشى كۆرگەن بىرەر نەرسەمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمەن. ئالدىنقى قېتىم بىلىكىمدىن ئايرىلدىم، ئاندىن ياخشى كۆرگەن ئايالىمدىن... ئارىلىقتىكى قىسقىغىنە تىنچلىق مەزگىلىدە ئالتايدا بىر تۇل ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن ئىدىم، قارىمامسەن ئۇنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈنگە؟ ئوڭ پاچىقىمغا رۇسلارنىڭ ئوقى تەگدى. كۈلكىلىك يېرى، ماۋۇ قولۇمدىكى مۇ ئۇلار ئالدىنقى قېتىم بىزگە «ياردەم قىلىپ بەرگەن» مىلتىقنىڭ ئۆزى شۇ. «كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ، – دېدى.

ھاسىراپ ھۆمۈدىگىنىچە يېنىمغا تاشلىنىپ ئولتۇرۇپ، غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. بىر ھەپتە سۇسىز قالغاندەك چاڭقاپ كەتكەن ئىدى. ئاندىن پاچىقىدىكى تېڭىقنى يېشىپ، لاي - توپىلارنى تازىلىۋېتىپ قايتىدىن مەھكەم تېڭىۋالدى.

ئۇ پېتىۋاتقان قۇياشتىن ھاسىل بولغان قان رەڭلىك ئۇپۇققا قاراپ:

– ھەرقېتىم كۈننىڭ پېتىشىغا قارىسام، يەنە بىر ئاخىرلىششىنى، ھەممە نەرسىنىڭ نىهايەتتە يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالىمەن، – دېدى.

– مەنسۇر! نېمىشقا بۇنچىۋالا قايغۇرىسەن؟

– بۇنىڭدىن كېيىن مىنى مەغلۇبىيەتچى دەپ چاقىرساڭ بولىدۇ، – دېدى ۋە بىر تۈركىستان خەلق ناخشىسىغا غىڭشىشقا باشلىدى:

سىماۋەرىم بولسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چاينى ئىچكىچە،
يارىم ئوينپ تۇرسىدى.

ساماۋەرىنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.



مەن مەنسۇرغا چېقىشىپ:

– سېنىڭ ئۇ قىرىقتىن ئاشقان يارىڭ ئاللىبۇرۇن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندۇر بۇ چاغدا! – دېدىم.

ئۇ مەيۈسلەنگەن هالدا:

– ساڭا دېمىگەنمىدىم؟ ئورۇسلار قىلۇرنى قىلدى مانا. بۇ ئۈچ ۋىلايەتنى بۆلۈۋالدى. ئەمدى باشقا ۋىلايەتلەرگە يامراۋاتىدۇ. كاشغەر ۋە ئۈرۈمچىدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. سوۋېت كونسۇلخانىسى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقتا. هە دەپ ئادەم سېتىۋالماقتا. ئۇلار يىغىۋېلىۋېرىپ ئالتۇن - كۈمۈشمۇ قالمىدى. شۇڭا، مال باهاسى نەچچە هەسسە ئۆرلەپ كەتتى. كۆرۈۋاتقانسەن؟ ئۇلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيە-

لىك بۇزغۇنچىلىقلىرى يەتمىگەندەك ئاددىي خەلقىمۇ شۇم قولىنى سوزۇۋاتىدۇ.

بىز ئىستىھكام قۇرغان جاي بەئەينى تەبىئىي قورغان بولۇپ، رۇسلار بۇ داۋانلاردىن ئېشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلالمايتتى. بىزگە ھۇجۇمغا ئەۋەتىلگەن بىر نەچچە ئەترەت رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلدۇق. زامانىۋى ئۇرۇش تاكتىكىلىرى بىلەن پارتىزانلىق تەجرىبىلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇراتتۇق. رۇس دائىرىلىرى ئارقىمىزدىن يالغان - ياۋىداق خەۋەرلەرگە تولغان بىلدۈرگۈ ۋە كىتابلار تارقىتىشقا باشلىدى. ھۇجۇملىرىمىزغا پىسەنت قىلمىغاندەك ۋە زىيانغا ئۇچرىمىغاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى.



لېكىن، ئوسمان باتۇر ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۈيۈك ۋە قورقۇنۇچلۇق بىر ھۇجۇم پىلانلىدى. قوراللانغان مىڭلىغان كىشى ئالتايغا قاراپ ئاتلاندۇق. رۇس چېۋىنلىرى ۋە گۇماشتىلىرى بىزدىن قورقۇپ قېچىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان باتۇر ئىككىنچى قېتىم شەھەرنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزگەن بولدى.

ئۇ كۈنى مەنسۇر دورغا:

– تۇل قالغان ئاياللىمىنىڭ تەلىيى، تاس قالدى يەنە بىر قېتىم تۇل قالغىلى، – دېدى.

شەھەرگە كىرگىنىمىزدە رومال - لېچەك سالغان ئاياللار ئوسمان باتۇر ۋە بىزلەرنى غەلىبە ئۆلەڭلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەرلەر بار ئاۋازىدا شوئار توۋلىشاتتى. باللارمۇ نازۇك ئاۋازلىرى بىلەن قەھرىمانلىق مارشلىرى ئوقۇيتتى. قاچانكى زەپەر قازانساق، ۋەتىنىمىز

شۇ ھامان بۇرۇنقىدەك شادلىققا چۆمەتتى. مۇنارلار قايتا جانلىنىپ، تەكبىر ۋە ئەزان سادالىرى تۆرت ئەتراپنى بىر ئالاتتى.

يەنە بەجايىكى فارابىي، بىرۇنىي، ئىمام بۇخارىي ۋە ئىبنى سىنالار تون - سەرپاي كىيىپ، سەللە يۆگەپ بىر ياقىدا جىھادىمىزنى ئالقىشلاۋاتقاندەك، قۇتلاۋاتقاندەك قىلاتتى...

شۇنداق ۋاقىتلاردا ھەردائىم مۇشۇ تۇيغۇغا چۆمەتتىم.

يېڭىدىن تىرىلگىنىمىزنى كۆرۈپ قەلبىمدە بىر راھەتلىك، بىر مەغرۇرلۇق ھېس قىلاتتىم ۋە روھىم پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن جۇش ئۇراتتى.



❁❁❁❁❁

# 16

مەنسۇر دورغا مەيۈس ئاھاڭدا سۆزلەۋاتاتتى:

– بىز سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كىشىگە ئوخشاپ قاپتۇق. ئۇنداق ئادەم پۈتۈن كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىدۇ، شۇنچە كۈچىسىمۇ دولقۇنلارنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چۆكۈپ كېتىشكە باشلايدۇ. ئاخىرى زۇلمەتلىك دېڭىز ئاستىدا ھاياتى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئاھ! مۇستافا، بىز دەل شۇ ھالغا قالدۇق. سېنىڭچە بىز ئۆلۈپ كەتسەك، بىزنى ئەسلەيدىغانلار چىقارمۇ؟

مەنسۇر دورغا يېنىمدا ئولتۇرۇپ، سۇغا چۆكۈپ كېتىپ بارغان ئادەمنى دوراۋاتاتتى. ھاياجان بىلەن سۇ ئۈزگەننى تەقلىد قىلىپ، ئاخىرقى سوئالنى سورايدىغان چاغقا كەلگۈچە خۇددى راستلا دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك ھاسىراپ ھۆمۈدەپ كەتكەن ئىدى.

– بىزنى بىر كىملەرنىڭ ئەسلىشىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن، – دېدىم جاۋابەن. جاۋابىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم.

ئۇ جىددىي قىياپەتتە:

– ناھايىتى بۈيۈك قىممىتى بار، – دېدى.

– قانداق؟

– ئەگەر كىشىلەر بىزنى ئۇنتۇپ كەتسە، دېمەك بىز بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان شەرەپلىك دەۋايىمىز ئۇنتۇلۇپ كەتتى، دېگەن گەپ.

– ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا دەۋامۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش يوق.

مەنسۇر مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– دەۋا قىلىدىغان ئادەم بولمىسا، دەۋامۇ بولمايدۇ. خوجا نىياز ھاجى ئۆلۈپ كەتتى، شەرىپخان تۈرمىدە، بەگمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بىز بەگ ياكى قوماندان بولمىساقمۇ... دەۋا ئۆلمىدى. توختا! گېپىمنى بۆلمەي تۇر. مېنىڭ تۇنجى ئايالىم ئۆلۈپ كەتتى، باشقا بىر چوكان بىلەن ئۆيلەندىم، دەۋا يەنىلا ئۆلمىدى. لېكىن، ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز ئېغىر دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، جان تالىشىۋاتىمىز. سېنىڭچە بىخەتەر قىرغاققا ئۇلىشالارمىزمۇ ياكى قۇتقۇزۇش كېمىسى كېلەرمۇ؟ ياكى بولمىسا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىشارمىزمۇ؟

ئالتاي بىزنىڭ قولىمىزدا ئىدى. ئوسمان باتۇرنىڭ يېنىغا كېلىدىغان قوزغىلاڭچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، قوشۇن كۈچلىنىۋاتاتتى. ۋەتىنىمىزنىڭ دۈشمەن ئىشغالى ئاستىدىكى ۋە ياكى كوممۇنىست خائىنلارنىڭ قولىدىكى يەرلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ بىزگە قېتىلدى. ۋەيران بولغان سودىگەرلەر؛ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بايلار؛ يول ئېچىش، تۆمۈر يول ياساش دېگەندەك ئېغىر ئىشلارغا مەجبۇرىي سېلىنىپ بىر ۋاخ ناچار تاماقتىن باشقا ھېچقانداق ھەق بېرىلمىگەن يېقىر كىشىلەر؛ ھەرتۈرلۈك قىيناش، خورلاشلارغا دۇچار بولغان ئالىم - ئۆلىما، زىيالىيلار...

226

بىر كۈنى رۇسلار قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلدى.

ئوسمان باتۇر ئۆلارنىڭ بۇنداق كېلىشىگە ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇلار بەك چوڭ قوشۇن بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئالتاي رايونىنىڭ ھەرتەرىپىنى كەلكۈندەك قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆز زامانىدىكى، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قورال - ياراقلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق ۋە قانلىق جەڭ بولدى. ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەمنى يوقاتتۇق، بىزمۇ بەك كۆپ قۇربانلىق بەردۇق. لېكىن، ئۇلار ئالتاينى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى، بىزمۇ تاغقا قايتىپ چىقتۇق. ئۇ يەردىن باركۆلنى بازا قىلىپ شەرققە چېكىندۇق. ئوسمان باتۇر بىزگە:

— ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگىگۈچە كۈرەش قىلىمىز! — دېدى.

بېشىمدىكى قان ئېقىۋاتقان يارىنى تازىلاپ، تېڭىپ قويۇۋاتقان مەنسۇر كۈلۈپ:

— بىز ئەجەبمۇ ئاستا ئۆلۈۋاتىمىز - ھە! — دېدى.

— قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەمسەن؟

— قايتا تىرىلىشكە ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، — دېدى مەنسۇر كۆزلىرىنى يىراقتىكى تىنچ ۋە مۆڭلۈك ئۇپۇققا تىكىپ تۇرۇپ:

— لېكىن، بىز ئاخىرەتتە قەلبىمىز پاك - پاكىز ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىمىز. بىز بىلەن ئۆچمەنلىكلىرىمىز تەڭ تىرىلمەيدۇ. مەن خىتتايلار ۋە رۇسلاردىن شۇنچىلىك نەپرەتلىنىمەنكى، بۇ نەپرەتتىن خالاس بولۇپ كەتسەم، چوڭ بىر لەززەتتىن قۇرۇق قالغان بولىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سابىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

شۇڭا، مەن رەببىمنىڭ مېنى ئاخىرەتتىمۇ مۇشۇ نەپرىتىم بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىمەن. بۇ ئادىمىي شەيتاندىن بولغان مەلئۇنلار ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتكۈسىز ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. ئاھ! مۇستافا... بىزنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان سەپداشلىرىمىز بار ئىدى، بىلىسەنغۇ؟ ئۇلارنى تانكىلارنىڭ زەنجىر تاپانلىرىغا باغلاپ يانجىتقان ۋەھشىيلىكلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرىنى قارغا ئېلىپ ئېتىشىپ بەسلەشكەنلىرى ئېسىڭدىمۇ؟ جەڭچىلىرىمىزنى بىر - بىرىنىڭ ئۇچەيلىرى بىلەن بوغۇپ ئويۇن چىقىرىشقانلىقلىرى، ئۆلىمالىرىمىزدىن بىرىنى بىر شەھىد قوماندانىنىڭ ئۈچەيى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېسىڭدىمۇ؟ بۇلارنى ئىنسان دېيىشكە كىمنىڭمۇ تىلى بارسۇن؟



مەغلۇپ بولۇش بىزگە بەك ھار كەلگەن ئىدى. رۇسلار يېڭى كەلگەن خىتتاي رەئىس بىلەن بىزنىڭ غۇرۇرىمىزنى يەرگە ئۇرۇشتا ئىتتىپاقلاشتى، چۈنكى ئۇمۇ رۇسلارغا ئوخشاش كوممۇنىست ئىدى. ئوڭ - سولىمىزغا قارىدۇق. بىزنىڭ نە دوستىمىز، نە ئىتتىپاقدىشىمىز يوق ئىدى. ئوسمان باتۇر كۆك يۈزىگە قاراپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن يۇقىرىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

– ئۇ زات بىز بىلەن بىللە، – دېدى.

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن؛ قانلار ئىچىدە، ئاغرىقتىن ئىڭراۋاتقان جەڭچىلەر كۈچلىرىنى يىغىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» سادالىرىنى ياڭراتتى.

مەنسۇر دورغا ماڭا:

– تاغلارغا قاراپ كېتىپ بارىمىز، شەھەرگە قايتا كېلىپ - كېلەلمەسلىكىمىز نامەلۇم. شەھەرگە بىر كىرىپ - چىقساق، قانداق

دەيسەن؟ ئايالىمدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. ئايالىڭ ۋە بالاڭنى كۆرگۈڭ كەلگەندۇ سېنىڭمۇ؟ – دېدى.

راستىنى ئېيتقاندا، چولپان ۋە چوپچوڭلا بولۇپ قالغان ئوغلۇمنى تولىمۇ سېغىنغان ئىدىم. لېكىن، بىز ئىنقىلابچىلار ھەققىدە تۇتۇش بۇيرۇقى بار ئىدى، ئەگەر دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالساق گەپ يوق ئۆلۈپ كېتەتتۇق. تەشۋىش ئىچىدە مۇنداق دېدىم:

– شەھەر بىز ئۈچۈن ئۆلۈم مەيدانى دېگەنلىك ئەمەسمۇ!...

– ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالارمىدۇق، مۇستافا؟ يۈر! يولغا چىقايلى. يوشۇرۇن بېرىپ رۇس ئىشغالچىلىرى پەيدا قىلغان دۇنيانى كۆرۈپ باقمامدۇق. شەھەردە تايىنلىق قىزىل بايراقلارنى، كومپارتىيە شوئارلىرىنى كۆرىمىز. بەلكى شەھەرنىڭ مەرسىيە ۋە ۋىدا قەسىدىسى ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرىمىز. شەھەرلەرمۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، قايغۇرىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ، شېئىر ئوقۇپ مۇڭلىنىدۇ، مەگزىلىرى قىزىرىدۇ... شەھەرلەرنىڭ روھى بار، ئىنسانغا ئوخشايدۇ... ماڭا ئىشەن.



بىز كىملىكىمىزنى يوشۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بەزىدە پادىچىلاردەك كىيىنەتتۇق، بەزىدە بىر بۇردا نان تىلەپ يۈرۈۋاتقان تىلەمچى سىياقىدا، بەزىدە ھامماللار ياكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىدەك ياسىناتتۇق، بەزىدە كوممۇنىستلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ «شەرەپلىك» شوئارلىرىنى توۋلىشىپ، بىرەر «مۇتەئەسسىپ» قوزغىلاڭچىنى تەنقىدلەشكە قاتنىشاتتۇق، ئەلۋەتتە باشقىلارغا ئوخشاش بېشىغا تاش ئاتمىدۇق. ئەكسىچە، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ رۇس بولامدۇ ياكى تۈركىستانلىق كوممۇنىست بولامدۇ بېشىغا تاش ئېتىۋالدۇق. ئەتراپ ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. قۇرئانلار، تەپسىر

كىتابلىرى، ھەدىس كىتابلىرى، بولۇپمۇ ئەجدادىمىز ئىمام بۇخارىينىڭ ھەدىس كىتابى ۋە باشقا فىقھ، تەۋھىد كىتابلىرى پۇرلىنىپ، يىرتىلىپ كوچىلارغا تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى يىغىپ ئوت يېقىپ، ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

نەچچە كېچىلىك مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن، مەنسۇرنىڭ ئايالى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. ناماز شامغا ئاز قالغان ۋاقىت ئىدى، مەنسۇر ئالدى بىلەن كىردى. ئاندىن ئۇنىڭ جاراڭلىق كۆلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

– كەل! كىرىۋەر مۇستافا! بۇ خوتۇن... ھايا، پەردىشەپنى يوقىتىپتۇ، – دېدى.



بىر ئايالنىڭ يىغا ئارىلاش:

– كەلدىڭمۇ؟ مەنسۇر! سېنى ئۆلۈپ كەتتىمكىن دەپتىمەن، – دېگەنلىكى ئاڭلاندى.

– كىيىۋالغىنىڭ نېمە بۇ؟

– قىزىل شەيتانلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن! ئۇلار كوچىدىلا رومىلىمنى ئېلىۋېلىپ يىرتىپ تاشلىۋەتتى، رومال ئارتقان ھەممەيلەننى شۇنداق قىلدى. چاپىنىمنىمۇ يىرتىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇزۇن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتەك، يەڭلىرىنىمۇ قايچا بىلەن كېسىپ قىسقارتىۋەتتى. بىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەدەنىيلەشتۈرگىنى ئىمىش.

چوكان قىسقا قارا كۆينەك كىيگەن بولۇپ، يەڭلىرىنىڭ

قىسـقىلىقىدىن قولتۇقى كۆرۈنۈپ قالايلا دېگەن، چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشـكەن ھالەتتە بولۇپ، قەلبىم مۇجۇلۇپ، ئۇنتۇلغۇسـىز بىر تەسـىر پەيـدا قىلغـان ئىدى. ھـەم كۈلكىلىك، ھـەم ئايانچلىق مەنزىـرە ئىدى.

مەنسۇر ئايالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

– قارا! مانا يېڭى تۈركىستان، – دېدى.

ئايـال ئىزادىـن يىغىسـىنى توختىتالمـاي ئۆكسـۈپ - ئۆكسـۈپ يىغلايتتـى. مەنسـۇر ئۇنـى مېھـىر بىلـەن قۇچاقـلاپ تـۇرۇپ:

– يىغلىما سـۆيۈملۈكۈم، بۇ يەردە ئـۇزاق تۇرمايمىز. خاھلىغىنىڭنى كىيەلەيدىغـان يەرلەرگـە كېتىمىز. تاغقـا چىقىپ كەتسـەك، ئۇ يەردە ھېچكىـم قۇرئـان كەرىمنى يىرتمايـدۇ ۋە «سـەھىھۇل بۇخارىي»نىمۇ چەيلىيەلمەيدۇ.

231

مەنسـۇر بىلەن ئەتىسـى كۆرۈشـىدىغان بولۇپ ئايرىلدىـم. چولپان ۋە ئومـاق بالامنـى بەكمۇ سـېغىنغان ئىدىم. ئوغلۇم ھازىـر يۈگۈرۈپ - تاقلىيالىغـۇدەك، «دادا» دەپ چاقىرالىغـۇدەك بولـۇپ قالدى. بۇ شـوخ بالامغـا ھەقىقەتەن ئىچىـم كۆيەتتى.

كېچىسـى شـەھەرنىڭ ئىچى ۋەھىمە ۋە خەتەرگە تولغان بولاتتى. تـاڭ ئاتقانغـا قـەدەر ھەربىـي ھالـەت يۈرگۈزۈلـۈپ، كوچىغـا چىقىش چەكلىنەتتـى. شـەھەرنىڭ ئىچـى نۇرغۇنلىغـان ناتونـۇش كىشـىلەرگە تولـۇپ كەتكەن ئىـدى. خىتتاي ۋە رۇسـلاردىن كۆپ مىقـداردا نوپۇس كۆچۈرۈلـۈپ كېلىۋاتقانلىقـى ھەققىـدە ئاڭلىغانلىرىمىـز راسـت ئىكـەن ھەمـدە تۈركىسـتانلىق ياشـلارنى ئون مىڭلاپ - يۈزمىڭلاپ تۇتۇپ سـىبىرىيە تەرەپكـە سـۈرگۈن قىلىـپ ئاپىرىـپ، ئېغىـر ئەمگەكلەرگـە

سېلىپ ئىشلىتەتتى. ئاققۇنلار ئۇچۇن ئۆيلەرنى، ھەرخىل پائالىيەت سورۇنلىرىنى، ھەتتا پاھىشىخانىلارنىمۇ سېلىپ بېرەتتى.

«ئەركىنلىك» شوئارلىرىنى تولۇلاشقان ياشلار كوچىلارغا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، مەكتەپلەردە، كۇلۇب ۋە كوچا دوقمۇشلىرىدا ھەرخىل كىچىك كىتابچە - ۋەرەقىلەرنى تارقىتىشاتتى. بۇ كىتابچە - ۋەرەقىلەردە «ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئىنقىلابى ھەققىدە»، «خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى» دېگەندەك مەزمۇنلار بار ئىدى ۋە بىز ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان قەھرىمانلارنى تونۇشتۇراتتى؛ ئوسمان باتۇر، خوجا نىياز ھاجى ۋە ئەلىخان تۆرىلەرنى بولسا باندىت، بۇلاڭچى قىلىپ كۆرسىتەتتى. بۇرھان شەھىدىنى مىللىي قەھرىمان، خەلقنىڭ ئەركىنلىك جەڭچىسى، تەرەققىيپەرۋەر رەھبەر قىلىپ تەسۋىرلەيتتى. ھالبۇكى، ھازىر مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىغا ئولتۇرغان بۇ ئادەم ۋەتىنىمىزگە سىرتتىن كۆچۈپ كىرگەن تاتار بولۇپ، كوممۇنىست سوۋېتنى ئۇلۇغلاپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ يۈرۈيدىغان بىرى ئىدى. بۇ مەن بىلىدىغان شەھەر ئەمەس ئىدى. ئادەملىرىمۇ ئۆزگەرگەن، كوچىدا ئاڭلىنىدىغان تىل ۋە گەپ سۆزلەرمۇ ناتونۇش ئىدى. بالىلىرىمۇ بۇ يەرنىڭ بالىلىرى ئەمەس، يىرىم - يالىڭاچ ئاياللارمۇ ئەسلا بۇ شەھەرنىڭ ئاياللىرى ئەمەس ئىدى.

ئاخىرى ئاپالىم تۇرۇۋاتقان ئۆي تەرەپكە يېتىپ كەلدىم. ئۆنى ۋە بالامنى كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلىغانسېرى ئەلەملىك قەلبىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەشكە باشلىدى. چولپاننىڭ چېھرىگە قارىسام ئىچىم ئاجايىپ راھەت بولۇپ قالىدۇ. ئىشىكنى يېنىك چەكتىم.

بىرسىنىڭ ئىغىر - ئىغىر ماڭغان قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىشىك ئېچىلغاندا، ھوشۇمدىن كېتىشكە تاس قالدىم.

– كىمسەن؟! – دەپ ۋارقىراپ تاشلىدىم.

ئىشىكنى كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، يۈزلىرى قىزىرىپ تارتىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان، چاچلىرىغا ئاق كىرىشكە باشلىغان بىرى ئاچقان بولۇپ، قويۇق بۇرۇتىغا يەۋاتقان تامىقىنىڭ قالدۇقلىرى چاپلىشىپ قالغان ئىدى. بېشىمدىن ئايىغىمغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :

– مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەمسەن؟ ھەممە ئادەم تونۇيدۇ مېنى... مەن يومېشچىك، كاپىتالىستلارنى تۇتىدىغان قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كاتتىۋېشى، – دېدى.



ئېلىپىنى تاياق دەيدىغان بىلىمسىز، نادان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. گەرچە يەرلىك تىلدا سۆزلەۋاتسىمۇ، چىرايىدىن چەتئەللىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يۈز قۇرۇلمىسى، بويى - بەستى بىزنىڭكىلەرگە ئوخشىمايتتى، كۆزىدىن چاچراپ تۇرغان نەپرەت تېخىمۇ شۇنداق.

– ئېزىپ قالغان ئوخشايسەن، يولداش، – دېدى ۋە ئىشىكنى قوپاللىق بىلەن يېپىپ غايىپ بولدى.

ئاھ... بۇ ئۆينىڭ تىلسىز بولۇپ قالغىنى، بولمىسا بىزگە نېمە خەۋەرلەرنى يەتكۈزەر ئىدى - ھە! دېمەك، بۇ ئۆيمۇ ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، بۇنى كىچىك شەكىلدىكى ئىشغال دېسەك، ھەرگىز ئېشىپ كەتمەس. ئىچىمگە بىر ئەندىشە چۈشتى، ئايالىم ۋە بالام

قەيەردە؟

ئۇنۇمنى چىقارماي، ياخشىلىقچە كېتىۋېلىشىم كېرەك. مېنى تونۇۋالسا چاتاقنىڭ چوڭى شۇ، تۇتۇلۇپ قالسام، هاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە زىنداندىن چىقالماسلىقىم ئېنىق. ئۇ چاغدا قولۇمدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ. روهىمنى قاپلىۋالغان ئەندىشىنى، قەلبىمدىكى ئوتلۇق ئىسيانىنى بېسىپ، ئۆز - ئۆزۈمنى سەۋر قىلىشقا ۋە تەمكىن بولۇشقا چاقىرىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدىم ۋە كوناشەهەر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

شەهەرنىڭ ۋەيران بولۇپ، يېرىمى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ رايوندا مېنى، ئايالىمنى ۋە بالامنى تونۇيدىغان كىشىلەر بار ئىدى. مەسجىدنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر يېقىنىم ۋە كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ساتىراشخانىسى بار يەنە بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇ ئوغلۇمنىڭ ئەقىقە چېچىنى چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. هەي ئىسىت! ئوغلۇمنىڭ شۇ مۇبارەك چاچلىرىدىن بىر تۇتام ساقلىۋالغان بولسامچۇ! ئاۋۋال مەسجىدكە باردىم، تاقاق ئىدى. ئۇ يەردىن هېچكىمنى تاپالمىدىم. ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا باردىم، ساتىراش بىر خېرىدارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋاتقان ئىكەن. ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قارىغاندى، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. بۇرۇنقىدەك قىزغىن سالام قىلىشقا تەمشىلىۋىدىم، ئۇ دەرهال كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ مېنى توختىتىۋالدى. ئاندىن مېنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئىشىنى داۋام قىلدى. مەن بىلەن گەپلەشكۈسى يوقتەك تۇراتتى.

ئىچىمدە «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلاندىم ۋە «نېمىلا بولمىسۇن بىر سورىۋالاي» دەپ ياندىكى كونا ياغاچ

ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. ساتىراشنىڭ قولى تېزلىشىپ كەتتى، ئاخىرى ئىشنى تۈگەتتى. خېرىدار پۇلنى بېرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شەرەت قىلىپ بايىقى ئادەم قوپۇپ كەتكەن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى...

– نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، ئابدۇلخالىق؟ – دېدىم مەن.

– بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ – دېدى چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرىمنى ياسىغان قىياپەتتە ھەرىكەت قىلغاچ، – ئوسمان باتۇرنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇۋالغان يەردە ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، شەھەرگە قانداق كىردىڭ؟ تېز كۆزدىن غايىپ بول! بولمىسا جېنىڭ كېتىدۇ.

ئىستېھزا بىلەن:

– يولداش، نېمە ئىش بولدى؟ – دېدىم.



– مەن يولداش ئەمەس، جېنىمنى ساقلاپ قېلىشنى خاھلايدىغان بىر ساتىراش خالاس.

– چولپان قەيەرگە كەتتى؟

– قېچىپ كەتتى...

ئالاقزادىلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

– بالىسىنى ئېلىپ، ھېچكىمگە سەزدۈرمەي كېتىپ قالدى... – دېدى.

يەر - زېمىن چۆرگىلەشكە باشلىدى... ساتىراشنىڭ قولىدىكى قايچىنىڭ ئاۋازى چارچاپ كەتكەن نېرۋىلىرىمنى تېخىمۇ چاراسلىتىۋەتتى. ئابدۇلخالىق مېنىڭ قايغۇ ۋە غەزەپتىن ئېلىشىپ قالاي دېگىنىمنى

ساكىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېس قىلدى بولغاي.

– ئەقلىڭنى ئىشلەت، مۇستافا! بىز ھازىر رەھىم - شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان، ئاللاھنى ئەسلا تونۇمايدىغان كاپىرلارنىڭ قولىدا ياشاۋاتىمىز.

ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىغان تەرزدە سورىدىم:

– ئايالىم قەيەرگە كەتكەندۇ؟

– قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىققان بولۇشى ئېھتىمال.

– نېمىشقا قۇمۇلغا كەتكەندۇ؟

– ئۇ يەرگىمۇ تېخى ساق - سالامەت بارالىغان بولسا... ھەممە يەردە تۇت - تۇت. ئادەملەرنى تۇتۇپ، مىجىپ، ئوڭغا - سولغا ئىتتىرىپ يۈرۈيدىغان گىگانت قولدىن بىرسى پەيدا بولۇپ قالغاندەك... قارا، نېمىلەرنى دەپ كەتتىم. قانداق ئىپادىلىشىمنىمۇ بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقلارنى. بۇ رايون پۈتۈنلەي رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، بۇ يەردىن تېزراق كېتىۋالغىنىڭ ياخشى.



– قەتئىي كەتمەيمەن!

ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزى تاتىرىپ كەتتى ۋە تىترەك ئاۋازدا:

– پەسرەك گەپ قىل مۇستافا. گىتلېردىن، گېرمانىيەدىن كۈچلۈك ئەمەس سەن. بىز دېگەن ھەرتەرەپتىن بالا يېغىپ تۇرغان، تۆرت تەرىپىدىن ياۋ ھۇۋلىشىپ كېلىۋاتقان ئاجىز بىر خەلق.

ساتىراشنىڭ ئورۇندۇقىدا بىردەم ئولتۇردۇم. دۇكاندىن چىقاي

دىيىشىمگە ئابدۇلخالىق مەيدەمگە بىر تال كوممۇنىست ئىزىنكىنى تاقاپ قويۇپ:

– بۇ ئىزنەك سىنى خېلى ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلايدۇ، – دېدى.

ئىزنەكنى مەيدەمدىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىيىملەر چاچلارغا قارىتىپ ئاتتىم ۋە كەلتۈرۈپ بىرنى تۈكۈرۈپ، يۇخادىن چىققۇچە دەسسەپ مىجىۋەتكەندىن كېيىن، دۇكاندىن چىقتىم.

نەگىمۇ بارارمەن؟ ئۆز ۋەتىنىمدە تۇرۇپ باش تىققۇدەك يېرىم يوق غېرىب مۇساپىرغا ئوخشاپ قالدىم. زېمىنىنىڭ ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس؛ دوست بىلگەنلىرىم مەندىن قېچىۋاتىدۇ؛ ئائىلەم بولسا بۇ ۋەقەلەرنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەندەك غايىپ بولۇپ كەتتى. مەنسۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەي...

237

مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چېغىمدا، ئائىلە بىلەن ئىككىسى داستىخاننىڭ ئىككى بۇلۇڭىدا تەتۈر قارىشىپ ئولتۇراتتى، داستىخاندىكى تاماقلار قول تەگمىگەن ئىدى.

تۇيۇقسىز كىرگەچكە ئىككىلىسى چۆچۈپ كەتتى. مەنسۇر نادامەت تۆكۈلۈپ تۇرغان سۇلغۇن كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى:

– ھېچكىمنى تاپالمىدىم، – دېدىم.

– بالىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ - دە؟ – دېدى مەنسۇر بېشىنى چايقاپ قويۇپ.

– ھەئە! قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

ساقىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

– شۇنداق بولغىنى ياخشى، – دېدى مەنسۇر. سۆزلەۋېتىپ غەزەپتىن مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ، بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.

نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئاڭقىرالماي، تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يۈرىكىنى ئەلەم پىچىقى تىلغۇەتكەندەك ھەسرەت بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– مېنىڭ بۇ ئايالىم قۇتۇلۇپتۇ ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن، لېكىن ئېغىر بەدەل تۆلەپتۇ.

– نېمە بەدەل؟

– رۇس بولشېۋىكلارنى مېھمان قىپتۇ... چۈشەندىڭمۇ؟ بايا كەلدى، ئۇلارنىڭ مەس - ئەلەس ھالدا ئۆيۈمگە كىرگىنىنى كۆردۈم، ئاڭلاۋاتامسەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، بىر بۇرجەكتە چاشقاندەك تۈگۈلۈپ يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم. بۇ... بۇ... مېنىڭ بۇ ئايالىم بولسا ئۇلار بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىشقا باشلىدى... مەن ئۇچۇنمىش. شۇنداق دەيدۇ، مەن ئۈچۈن قىپتۇمىش. گەپ قىلە، ھەي ئالىيجاناب بۇزۇق!

ئايال دىر - دىر تىترەپ، گەپلىرىمۇ قولاشماي قالغان ئىدى:

– ئۆلۈپلا قۇتۇلاي، دەپ ئويلىدىم. لېكىن، جۈرئەت قىلالمىدىم. باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، نەگە بېرىپ كىمدىن پاناھ تىلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئى رەببىم! ئامانىتىڭنى ئالساڭچۇ... ماڭا رەھىم قىل مەنسۇر!... ئۇلار بۇ دەپسەندىچىلىكنى ماڭىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغىمۇ قىلدى.

بۇ گەپلەرنى توقۇۋالغىنىم يوق، راست بولغان ئىشنى دەۋاتىمەن. لېكىن، ئۆزۈمگىمۇ خۇددى قارا بېسىپ قېلىپ، چۈشۈمدىن ئويغىنالمايۋاتقاندەك بىلىنىدۇ...


– ئوبدان، – دېدى مەنسۇر كۆز ياشلىرى ئېڭەكلىرىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان قىياپەتتە، ئاچچىق كىنايە ئارىلاش، – بىز بۇ كېچىنى سېنىڭ ئەزىز مېھمىنىڭ بولۇپ ئۆتكۈزەيلى، «ئالىيجاناب بۇزۇق!» ئەتە ئەتىگەن كېتىمىز. سېنى تالاق قىلدىم، تالاق!...

ئاھ! مەن نېمە دەپ سالدىم؟ ئەسلى گۇناھ كىمدە؟ دەردىمنى كىمدىن ئېلىۋاتىمەن؟ نېمە بولدى ماڭا...

ئەقلىدىن ئاداشقاندەك بىردەم ئاسمانغا، بىردەم يەرگە، يەنە بىردەم ماڭا قارايتتى. ئاخىرى تەلۋىلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى...

❀❀❀❀❀

www.uyghurkitap.com



# 17

مەنسۇر ئىككىمىز يانمۇيان كېتىپ باراتتۇق. مەنسۇر:

– ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدىم. لېكىن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قورقۇنچاق-لىق، توخۇ يۈرەكلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئەمما، ماڭا بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، مۇستافا!... ئۇرۇشتا يېڭىلدىم، ئۇنى ئاز دەپ نومۇسۇمنى، غۇرۇرۇمنى پايخان قىلىشتى، قوغدىيالمىدىم. ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يارىماس، كېرەكسىز ھېس قىلىۋاتىمەن... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىۋاستە مەن جاۋابكار. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم... – دەيتتى.



مەنسۇرنىڭ ھالى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ ئېغىر روھىي ئازاب ئىچىدە قالغان ئىدى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە تۈگىشىۋاتاتتى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى؛ قىممەتلىك كىشىلىرىمىز قۇربان بولدى؛ ئەزان مۇنارلىرى، مەسجىد قۇببىلىرى يىقىلدى؛ جېنىمىزدىن ئەزىز بىلىدىغان ئىسلامىي قەدىر - قىممەتلىرىمىز دەپسەندە قىلىندى؛ قىز - ئاياللىرىمىز بولسا مەجبۇرىي ھالدا دۈشمەننىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى.

قايغۇ - ھەسرىتىم ئۇنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن:

– سەن ئۆزۈڭگە كۈتۈلمىگەن يۈكنى ئارتىۋاپسەن. جاھاننىڭ

رەپتارى تەتۈر چۆرگىلەۋاتقان بۇ كۆنلەردىكى ئىشلارغا جاۋابكار بولغۇدەك ئۆزۈڭنى كىم دەپ قالدىڭ؟ غەربتىن كەلگەن ئورۇس باسقۇنچىلىرى، شەرقتىن كەلگەن خىتتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى يالغۇز جېنىڭ بىلەن توسۇپ قالالىغۇدەك كىم ئىدىڭ سەن؟ سەن پەقەت دېگەن ئاجىز بىر ئىنسان، زىممەڭگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭ، — دېدىم.

— ۋەزىپەم؟ — دېدى يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنى ئۇزۇن كەتكەن يولدىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — ئاھ... ۋەزىپىمىز تېخىچە گەدىنىمىزدە، ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بىر ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. ناۋادا بىر كۈننى بولسىمۇ كۆرەش قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆتكۈزسەك، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسەن.

ئايالىنىڭ ئاقۇۋەتىنىڭ ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم ۋە:

— ئايال كىشى دېگەن جىققۇ، ساڭا خوتۇن كەممىدى؟! — دېدىم.

تەلۋىلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈپ قويۇپ:

— ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرى بۇلغاندى. غۇرۇر، شەرەپ، نومۇس دەيدىغان نەرسە قالمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداقمۇ يەپ - ئىچىپ، ئۇخلاپ، باللىق بولۇپ ياشىيالارمىز دەيمەن؟ — دېدى.

بىر توپ كىشىلەرنىڭ قولىرىدا ئورغاق، پالتا دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ بىر ياققا قاراپ ئالدىراپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈق. قورالىق ساقچىلارمۇ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر كىشىدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى





سوردۇق.

–كوممۇنىستلار مەسجىدىمىزنى تارتىۋېلىپ خام ماتېرىيال ئامبىرى قىلماقچى ئىدى، ئىمام ئىشىكتە تۇرۇۋېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، – دېدى.

ئاڭغىچە بىزمۇ يېتىپ باردۇق. ئۇلار ئىمامنى تۇتۇۋېلىپ، مەسجىدنىڭ قارشىسىدىكى دەرەخكە چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتكەندى. فاشىست كوممۇنىستلار ئىمامنى مەسخىرە قىلىپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈشكە باشلىدى. دەرەختىن سۇندۇرۇۋالغان چىۋىق بىلەن ئۇدۇل كەلگەنچە ساۋايتتى. ئىمامنىڭ باش - كۆزىدىن قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى.

مېڭىشتىن توختاپ قالدۇق. مەنسۇر:

– نېمىشقا توختايمىز؟ – دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سابىيە تەتقىقات مەركىزى

– باشقا يولدىن ماڭساق بولغۇدەك، – دېدىم مەن.

مەنسۇر ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگۈدەك بىر كۈلۈۋەتتى - دە:

– يېنىمدا قورالىم بار. مېنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ! – دېدى.

مەنسۇر تاپانچىسى بىلەن بىر مۇنچە ئوقنى قىلىن پاختىلىق تونىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ توسۇۋالاي دەپ بولغۇچە، يۈگۈرگىنىچە يىراقلاپ كەتتى. مەسجىدنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، كۆرۈنمەي قالدى. يېتىشىۋالاي دەپ يۈگۈرگەن بولساممۇ، كۆزدىن يوقىتىپ قويدۇم. تۇيۇقسىز بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىلدى، ئىمامنى ئۇرۇپ، مازاق قىلىپ كۈلۈشىۋاتقان قىزىل قوغدىغۇچىلاردىن ئۈچى ئارقا - ئارقىدىن يەرگە يىقىلىپ، قان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتتى.



– ئاللاھۇ ئەكبەر! مانا ئاللاھنىڭ ئىنتىقامى! – دەپ ۋارقىرىدى ئىمام.

كىشىلەر ئوق ئاۋازى چىققان تەرەپكە، مەسجىدنىڭ ئۆگزىسىگە قاراشتى. مەنسۇر دورغا مەسجىد گۈمبىزى بىلەن ئەزان مۇنارىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، بېشى ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا مەنسۇر «ھەي لالما كۆچۈكلەر! بۇ دېگەن ئاللاھنىڭ ئۆيى! ھەرقايسىڭنىڭ دەپسەندە قىلىشىڭغا قاراپ تۇرمايمىز!» دەپ ۋارقىرىدى.

يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدۇم، بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. مەنسۇر ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىدا تۇراتتى. ئۆزىنى

ئوپئوچۇق هالاكەتكە ئاتقان ئىدى. نىمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. مەنسۇر توختىماي ئوق چىقىرىۋاتاتتى. يەنە بىر نەچچە كوممۇنىست يارىلاندى... ساقچىلار يېتىپ كەلدى ۋە مەنسۇرنى كۆرسىتىپ:

– خائىن!

– ساتقۇن!

– ئەكسىيەتچى!

– خۇراپاتچى! – دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

مەسجىد گۈمبىزى ۋە ئەزان مۇنارىغا قارىتىپ ئوقلار ياغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بىردەم جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلاردىن بىر قىسمى تارقىلىشقا باشلىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، مەنسۇر دورغىنىڭ بېشى يەنە قايتىدىن كۆرۈندى ۋە ۋارقىرىدى:

– جېنىم تېنىمدىلا بولسا مەسجىدكە كىرگۈزمەيمەن هەرقايسىڭنى! يامان بولساڭ جەسىتىمنى دەسسەپ ئاندىن كىرىش! بۇ دېگەن ئاللاهنىڭ ئۆيى، هۇ ئەبلەخلەر!

ئوق يامغۇرى يەنە داۋام قىلدى. تاجاۋۇزچىلاردىن يەنە بىرى يەر چىشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە قول بومبىسى بار بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئۈگزىسىگە ئاتتى ۋە پارتلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپنى ئىس - تۈتەك قاپلىدى. «مەنسۇر شەكسىز ئۆلدى»، دەپ ئويلىدىم. بىردەمگىچىلا ياردەمچى قوشۇن ياغدۇ ۋە بۇ يەر جەڭ مەيدانىغا قان كۆلىگە ئايلىندۇ. مەنسۇر نېمىشقىمۇ بۇنداق قىلغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سائىبە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

نەچچە ئون كوممۇنىست ئالىقاچان مەسجىدنى ئىگىلەپ بولغان ئىدى، مەنسۇرنىڭ بۇ يەردە قارشىلىق كۆرسىتىشى ئاچچىق ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدى. كوچىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى. ئۇلار گۈمبەزنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئۆيىنى قوغداۋاتقان ئەزىمەتتىن پەخىرلىنىۋاتاتتى. بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە مەسجىدنىڭ ئەتراپى يەنە ئادەمگە تولدى. كىشىلەر كوممۇنىستلارغا تاشلار، شىغىللار بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. كىچىك بىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى...

كوممۇنىستلار كىرەرگە تۆشۈك ئىزدەپ يۈرۈشەتتى. مەنسۇر ئەزان مۇنارىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈندى ۋە بار ئاۋازى بىلەن تووۋلىدى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر! نامازغا كېلىڭلار! نامازغا كېلىڭلار! جامائەت نامىزى!



ئەتراپتا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرغان مەزلۇم خەلقنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى قۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەسجىدنىڭ ئىمامى باغلاقتىن قۇتۇلۇپ، كىيىملىرىنى كىيدى - دە، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ماڭدى. مەنسۇر چاققانلىق بىلەن مۇناردىن گۈمبەزنىڭ يېنىغا چۈشتى ۋە تووۋلاپ تۇرۇپ:

— جامائەت! بۇ بەلكىم ۋىدالىشىش نامىزىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۆيىنى يالغۇز تاشلاپ قويمايلى! ھەربىر غىرىچىنى، ھەربىر كىسەك - تىشىنى قوغداڭلار! مەسجىد بىز ئۈچۈن بىر بىنادىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتى تولىمۇ يۈكسەك. بىز ئەسىرلەر بويى مۇشۇ ئىلاھىي قورغاننىڭ سايىسىدا ياشاپ كەلدۇق. كېلىڭلار ئىككى رەكئەت ناماز

ئوقۇيلى! – دېدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلگەن، يارىلانغان ياكى قاچقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ماشىمىز بىر مىلتىق بىلەن بىر نەچچە پاي ئوق نېسىپ بولدى. يىراقتىن رۇس ھەربىي ماشىنىلىرىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بىردەمدىن كېيىنلا مەسجىد ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئوت ئىچىدە قالدى. بىر مەيدان تەڭسىز جەڭ باشلانغان ئىدى.

ئۆز - ئۆزۈمگە «ئوسمان باتۇر بارىكۆلدە ساقلاۋاتىدۇ» دېدىم ۋە چېكىنىشكە قارار قىلدىم. مەنسۇرنى ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنىڭ مەسجىدنىڭ بوسۇغىسىدا قورالىنى چىڭ تۇتقان ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆردۈم. يەنە بىر قولى يانغا تاشلىنىپ قالغان بولۇپ، يىغلىپ قالغان قانغا مىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يېقىنراق بېرىپ قارىدىم، نەپسى توختاپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوق تېگىپ يىقىلغان نۇرغۇن كىشى بار ئىدى. شەھىدلەرنىڭ ئارىسىدا بايىقى ئىماممۇ بار بولۇپ، ئاپئاق ساقاللىرى قىپقىزىل قانلار بىلەن بويالغان ئىدى. تېزلىكتە كېتىپ قالدىم.

رەھمەتلىك مەنسۇر مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ ئۆلگۈچە گەدىنىدە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئاللاھنىڭ لۇتفى بىلەن مەسجىدنىڭ بوسۇغىسىدا شەھىد بولدى. كۈپكۈندۈزدە ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ بىر توپ خائىنغا ئوق چىقىرالىدى، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىمۇ قوزغاپ چىقتى. بەخت ئىچىدە جان ئۈزگەنلىكىدە شەك يوق.

قۇمۇلغا ماڭىدىغان يول خەتەرگە تولغان ئىدى. خالايىق مەسجىد ۋەقەسى ۋە رۇسلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. «سايلام

ئۆتكۈزدۇق» دەپ خەلقنىڭ كۆزىنى بويماقچى بولۇشقانلىرى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەتىجە خەلققە پايدىلىق چىقىپ قالغاندا، چىدىماسلىق قىلىشىپ سۈيىقەست قىلىشقانلىرى، بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن تۈرمىلەرنى توشقۇزغانلىقى خەلقنىڭ نەزىرىدىن قاچمىغان ئىدى. ئاۋام خەلققە ھەممە ئىش ئايان ئىدى، گېزىتلەرنى توشقۇزۇپ بېرىلىۋاتقان خەۋەرلەرنىڭ يالغان، ئويدۇرمىلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى خەلقىمىز. كوممۇنىستلارنىڭ ئاتالمىش «ئازادلىق»نى كۆيلەپ ئورۇنلاشتۇرغان تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى، ۋاقىتەككۈرلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەۋاتقان جۆيلىمىلىرى، تاملارنى بىر ئالغان شۇئارلارنىڭ ھەممىسى ئىشغالنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان نىقاب ئىكەنلىكى، بۇ ساختىپەزلىكلەردە رۇسلار بىلەن خىتتايلارنىڭ ھەمشېرىك ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە كۈندۈزدىكى قۇياشتەك ئاشكارا ئىدى.



ئىلى، ئالتاي ۋە چۆچەكتىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. قالغان يەتتە ۋىلايەت خائىن بۇرھان شەھىدىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ستالىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتتاي كوممۇنىستلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەردىن كېيىن ئاممىنى يەنە ئالاقزادىلىك قاپلىدى. ھەرئۆيدىن بىر مېيىت چىققاندەك، ئەتراپ مۇسىبەت تۈسىنى ئالدى. كېلىش ئالدىدا تۇرغان دەھشەتلىك ۋەھىمە، خەتەر ۋە ھىيلە - مىكىرلەرگە تولغان زۇلمەت قاراڭغۇلۇق كۈنلەرنىڭ ئالاقزادىلىكى ئىدى بۇ...

ئەمدى خىتتاي كوممۇنىست ئارمىيەسىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن





خەلق زۇلۇمنىڭ قايتا باشلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ھالبۇكى، ۋۇجۇدى ۋە روھىيىتىدىكى يارىلار تېخى ساقايمىغان، شەلۋەرەپ تۈرۈۋاتقان ئىدى. ئۇنى ئاز دەپ تاپ ئىستەپ چىققان بۇ چىلبۆرىلەر ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.

قوزغىلاڭچىلار ئوسمان باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدا قارشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش قارارى ئالدى. يەنە بىر گۇرۇپ كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت سابىق مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ باشچىلىقىدا چەتئەلگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلمىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ، ياردەم تەلەپ قىلىش ئىدى.

بۇ ھەيئەت 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يولغا چىقتى. ئۇلار كەشمىرنىڭ لاداخ شەھرىگە يېتىپ بارغان ۋاقىتتا

باشتا بىرگە يولغا چىققان سەپەرداشلىرىنىڭ تۆرتتىن بىرىلا قالغان ئىدى. قالغانلىرى يا چېگرادا خىتتاي ئەسكەرلىرى بىلەن قانلىق ئېتىشىشتا شەھىد بولغان، ياكى يول ئۈستىدىكى قاتتىق سوغۇق، ئاچلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ سوغۇق ۋە خەتەرلىك تاغ يوللىرىدىكى سەپىرى ئىككى ئاي داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، ھايات قالغانلارنىڭمۇ بەزىلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ قالغان ئىدى.

ئۇلار ماڭغان تاغ يوللىرى قار - مۇز بىلەن قاپلانغان بولۇپ، يول ئۈستىدە بەش دەريا بار ئىدى. تاغ يولى ۋە دەريا ئېقىنىنىڭ ئەگرى - بۈگرىلىكى سەۋەبىدىن بۇ دەريالاردىن ئىككى يۈز نەچچە قېتىم كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. تاغ چوققىلىرىدا ھاۋا شالاڭ، ئوكسىگېن كەمچىل بولغاچقا، ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ بۇرۇنلىرىدىن قان ئېقىپ توختىمايتتى. ئاخىرى ئۇلاردىن ئاز بىر قىسمى كەشمىر پايتەختى سىرىناگارغا يېتىپ بارالىدى. بۇ قېتىملىق سەپەر خەلقىمىزنىڭ ئۆز دىنى، ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدا تارتقان مىسلىسىز جاپا - مۇشەققەتلىرىنىڭ ئۇنتۇلماس بىر پارچىسى ئىدى.

مەن قۇمۇلغا بارغان بولسامmu، چولپاننى ياكى ئوغلۇمنى تاپالمىدىم. قۇمۇل شەھىرى ئازاب - ئوقۇبەت، قايغۇ - ئەلەم ۋە ياۋۇزنىڭ شۇملۇقى ھۇشقىيىپ تۇرغان تاشلاندۇق خارابىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. خەلق كوممۇنىستلارنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىدىن كېيىن، ئۈركۈپ كەتكەن پادىدەك ھەرتەرەپكە پىتىراپ كەتكەن، كۆپ قىسمى تاغقا، بەزىلىرى كوممۇنىستلارنىڭ قولى يەتمەيدىغان



يەر ئىزدەپ چەت - چېگرا يەرلىرىگە كېتىشكەن ئىدى.



ئوسمان باتۇر يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بارىگاھ قورۇپ تۇرۇۋاتقان بارىكۆلگە قاراپ يولغا چىقتىم. سەپەردىشىم مەنسۇرنى مەسجىدنىڭ بوسۇغىسىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىدا قالدۇرۇپ خوشلاشقانلىقىم ئۈچۈن، مۇشەققەتلىك تاغ يوللىرىدا ئۆزۈم يالغۇز مېڭىۋاتاتتىم. شۇ تاپتا مەنسۇر ئۆزىنىڭ پاك قېنى بىلەن ۋەتەن تۇپراقلىرىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ھەرتۈرلۈك ئىلغار ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى ۋە بۇزغۇنچى، چىرىك ئىدىيەلەر بىلەن قوراللانغان زالىمنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەش قىلىشتەك ئۇلۇغۋار بىر غايە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان ئىدى.

سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى ئايلىنىپ چىققان بۇ ئۇزۇن سەپىرىم جەريانىدا، تاغنىڭ كىشىنى سەگىتىدىغان سالقىن ھاۋاسى يۈزۈمگە ئۇرۇلغان چاغدىكىدەك راھەت ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلمىغان

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدىم. چۈنكى، تاغلارنىڭ قوينى كىشىگە جىمجىتلىق ۋە بىغەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى. بۇ يەردە پاكىز ھاۋانى كۆكسۈمگە تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ سۈمۈرەلەيتتىم، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ تەسبىھ ۋە دۇئالارنى ئوقۇيالايتتىم.

غەنىمەت ئالغان يېڭى تىپتىكى قوراللار بىلەن ھەربىي مەشىقنى داۋام قىلىۋاتاتتۇق. بۇ قوراللار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قوللىنىلىپ، دۇنيانىڭ نىزامىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشتەك ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغان قوراللار ئىدى. لېكىن، بۇلار دۈشمەننىڭ ئايروپىلان، تانكا، مىناميوتلاردىن تەركىب تاپقان قاتىللىق ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىدا يەنىلا ئاددىي قوراللار ھېسابلىناتتى.



چولپاننى كۆرەلىگەن بولسام نېمدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! چوپچوڭ بولۇپ كەتكەن ئوغلۇم يېنىمدا بولغان بولسىچۇ تېخى! ئۇنىڭ بىلەن سىرداشقان، ئۇنىڭغا جەڭ ماھارەتلىرىنى، جۇشقۇن مارشلارنى، قورال ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن بولاتتىم. «ئاھ قەلبىم! سېنى مۇنۇ قورام تاشلاردەك قېتىپ كەتتىمكىن، ئائىلە بويىچە جەم بولغان، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە تولغان خۇشال چاغلارنى ئەسلىگەندە تىترىمەسمىكىن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. لېكىن، سەنمۇ گۆش بىلەن قاندىن يارالغان يۇمشاق يۈرەك ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ گۇناھىم نېمە ئىدى؟ سېنىڭچۇ؟...» چەكسىز كەتكەن ئۇپۇققا قاراپ، ئېتىز - داللار، ئورمان - يايلاقلار، زاۋۇتلار ۋە ھەربىي گازارمىلاردىكى سانسىزلىغان كىشىلەرنى خىيال قىلاتتىم. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن يالغۇز ئوغلۇمنى ئىزدەپ، ھەممىنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقاتتىم، چوڭقۇر خىياللارغا چۆكەتتىم.

«ئوغلۇم سەن قەيەردە؟» كۆزلىرىمدىن ياشلار قۇيۇلدى. يۈرىكىم سېغىنىش ئىلكىدە پۇچۇلىناتتى. ئۇزۇن يىللارنىڭ يەلكەمگە يۈكلىگەن مۇشكۈلاتلىرى دەستىدىن تېنىم قاتتىق ماغدۇرسىزلانغان بولۇپ، يۈرىكىمنىڭ ھالسىزلىقىمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ھەرقېتىم بىرەر بالا ئۇچراپ قالسا، مېھىر بىلەن قۇچاقلاپ، سۆيۈپ كېتەتتىم، كۆز ئۇچۇمدىن يىراقلاشقۇچە قاراپ تۇراتتىم، ھەتتا بەزىدە كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ مېۋە - چېۋىلەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، خوجا نىياز مۇستافا ئىسىملىك بىر بالىنى ۋە ئاپىسىنى كۆرگەن كۆرمىگىنىنى سورايتتىم. «ئاھ، قەلبىم! مېنى نېمانچە قىينايدىغانسەن؟ ۋەھىملىرىڭ، ئەسلىمىلىرىڭ ۋە سېغىنچىڭنىڭ ماڭا تۇتاشتۇرغان ئوتىنى تاغنىڭ سوغۇقىمۇ ئۆچۈرەلمەيتتى، ۋاقىتمۇ سۇسلاشتۇرالمايتتى. قانلىق جەڭلەر ھەم بۇ تۇيغۇلارنى يوق قىلىۋېتەلمەيتتى».

ئوسمان باتۇر يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى توغرا تەھلىل قىلالمايدىغان، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرەلمەيدىغان ساددا، نادان بىرى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. تەجرىبىلىك، قەھرىمان قوماندان ئىدى. يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يۈز مىليونلىغان خىتتايغا تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدىغانلىقى، ئىلغار قوراللانغان رۇس قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىنقىلاب ۋە كۈرەش روھىنىڭ ئۆلمەسلىكى كېرەكلىكىدەك يۈكسەك غايىگە ئىشىنەتتى. شۇنداق بولغاندا، تۆمۈر رىشاتكىلار كەينىدىكى مەزلۇم خەلق كۈرەشنى قالغان يېرىدىن داۋام قىلالايتتى ۋە بۇمۇ يەنە باشقا بىر ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى بولۇپ داۋام قىلىپ ماڭاتتى. شۇندىلا تاجاۋۇزچىلارنى دائىم پاراكەندە قىلىپ تۇرغىلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زەنجىرسىمان داۋاملىشىپ تۇرغان جىهاد ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەزلۇملارغا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، تەسلىم بولۇش ئوسمان باتۇر ۋە ئەزىمەتلىرىنىڭ كاللىسىغا كېلىپمۇ قويمىغان ئىدى. ئۇ دائىم بىزگە: «بۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىز. بىزنىڭ پېشانىمىزگە هاياتلا بولساق قورالنى تاشلىماسلىق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. خىتتاي ياكى ئورۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇن ئەگكىنىمىزدىن شەهىد بولۇپ ئاللاھنىڭ يېنىغا كەتكىنىمىز مىڭ ياخشى. ئاللاهۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر!) لا هەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ! (ئاللاھدىن باشقا كۈچ قۇدرەت ساھىبى يوقتۇر!)» دەيتتى.

ئىشغالچى خىتتاي قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سېزىشكەن ئىدى. خىتتاي هۆكۈمىتى خائىن ئەهمەد تەيجى ۋە نەزەر ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بىر هەيئەتنى بارىكۆلگە ئەۋەتتى. ئۇلار خەلقنى خىتتاي هۆكۈمىتىگە قارشى هۇجۇم قىلىشتىن توختاش هەققىدە «تەرغىبات» قىلىش ۋە بىزنى پايتەختىمىز بولغان ئۈرۈمچىگە بېرىپ خىتتاي هۆكۈمىتى بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.



ئوسمان باتۇر بۇ چاقىرىققا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«قوماندانلارنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشى خەتەرلىك. بىز هەرگىز كوممۇنىستلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيمىز. قېرىنداشلىرىمىزدىن قانىنىاي ۋە شاهمەردان بېرىپ بىزنىڭ تەلىپىمىزنى يەتكۈزسۇن. بىزنىڭ بىردىنبىر تەلىپىمىز ئەركىنلىك. پىكىر ۋە ئىبادەت ئەركىنلىكى، تۇتقۇن قىلىشلارنىڭ ۋە شەخسىي مال - مۈلۈكلەرنىڭ مۇسادىرە

قىلىنىشىنىڭ توختىشى، خەلق ئۆز تەقدىرىنى دەخلىسىز ئۆزى بەلگىلىشى قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىمىز».

ئوسمان باتۇرغا دۈشمەنىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ئايدىڭ ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، كېچە - كۈندۈز جەڭگە ھازىر ۋەزىيەتتە ساقلاپ تۇراتتۇق. ئۇرۇمچىگە كەتكەن ھەيئەت نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى. بىر قېتىملىق تاغ يوللىرىنى كۆزىتىشتە مەن ئوسمان باتۇر بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇنىڭ مۇڭداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم:

– ئەندەلۇسقا سالام بولسۇن! ئۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئويلاپ قالىمەن: ئىنسانلار نېمىشقا تىنچلىق ئىچىدە ياشىمايدىغاندۇ؟ – مەيۈس كۈلۈمسىرەشتىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى:



– خىتايىنىڭ ئادەملىرى ئىنىڭ قۇرتىدەك مىغ - مىغ، زېمىن دېسە بىپايان. نېمە يەتمەي يەنە بىزنىڭ يېرىمىزگە ۋە بايلىقىمىزغا كۆز قىزارتىدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ ئىنگلىزلار ۋە ياپونلاردىن كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىمىكىنا؟ – بىردەم جىمجىتلىقتىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

– قۇرئان كەرىم ماڭا شۇنى ئۆگەتتىكى: ھۆرلۈك ئىچىدە ياشاش كېرەك، ئۇنى قىلالمىسا ئەقىدە ئۈچۈن كۈرەشكە جان پىدا قىلىش كېرەك.

ئوسمان باتۇر پۇتلىرىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋازدا:

– بۇ دۇنيا ھاياتى تولىمۇ قىسقا! مەڭگۈلۈك ھايات نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزنى

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ ئاياغلاشمايدىغان، ئەبەدىي قىلىشنى ئىرادە قىلغان. دۆلەتلەرنىڭ، شەخسلەرنىڭ خام ماتا چاغلىق بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيا ئۈچۈن ئۆزئارا پۈت تېپىشىپ، ئۇرۇش ئېچىشلىرىغا ھەيرانمەن. شۇڭا دەيمەنكى: «ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش ئەمەلىيەتتە مەڭگۈ ھايات قېلىشتۇر!» — دېدى.

ئۆسكىلەڭ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۆپچۆرىسىگە نەزەر تاشلىدى ۋە داۋام قىلدى:

— ئامەنتۇ بىللاھى (مەن ئاللاھقا ئىشىنىمەن)، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنسانلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشمايدۇ، بەلكى كىم كۈچلۈك بولسا، كىم باشقىلارنى قورقۇتالىسا، شۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ. مەيلى بېرلىندا مەغلۇپ بولغانلار بولسۇن؛ مەيلى لوندون، پارىژ ۋە ئامېرىكىدا غەلىبە قىلغانلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش!

256

❀❀❀❀❀

# 18

ئۆپچۆرىمىزدىكى ھەممە نەرسە شۇنداق تېز ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كىشىلەر، نەرسىلەر، قورال - ياراقلار، ئىدېئولوگىيەلەر، دۇنيا خەرىتىسى... ئەۋلادلىرىمىز مەغلۇبىيەتنىڭ قۇربانى بولۇشقا باشلىدى، ئېغىزلىرىدىن يېڭى - يېڭى سۆزلەر، ئاشقۇن شوئارلار چۇشمەيتتى. قىز - ئاياللارچۇ تېخى، ئاھ خۇدا! قىزلىرىمىز كوچىلاردا يېرىم - يالىڭاچ ھالەتتە يۈرەتتى. «تەرەققىيات» نامىدىكى سەپسەتە، قۇرۇق داۋراڭ ۋە بۇزغۇنچىلىق كەلكۈنى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى يالماپ، سۈپۈرۈپ كېتىپ باراتتى.





خىتتاي كومپارتىيەسى شاڭخەيدىن سۈرگۈن قىلىنغان 8000 نەپەر پاھىشەنى شەرقىي تۈركىستانغا «قىزىل ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش»قا يوللىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ساپىيە تىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئەجەبا! ئىنسانلار تەرەققىي قىلىش ۋە مەدەنىيلىشىش ئۈچۈن زالىمنىڭ قامچىسىدىن قورقۇپ - تىترىشى، ئەركىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، قول - مالايلاردەك ئىشلىتىلىشى كېرەكمۇ؟! تەربىيەگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىماندىن چىقىش شەرتمۇ؟! نېمىشقا تەرەققىيات دېگەن ئادالەت ۋە ھۆرىيەت بىلەن چىقىشالمايدۇ؟! نېمىشقا پۈتۈن دۇنيا كائىناتىنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىمان ئېيتىشتا بىرلىككە كەلمەيدۇ؟! نېمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ بەدەنلىرى يالىڭاچلانماي، بۇزۇقچىلىق، پىتنە - پاسات ئەۋج ئالماي تۇرۇپ گۈللەنگىلى بولمايدۇ؟! نېمىشقا بىر قەۋم يەنە بىرسىنى يوقاتماي، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ زېمىنىغا يات ئىرق ۋە يات مىللەتلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئەسلىدىكىسىنى قوغلىماي تۇرۇپ دوستانە ئۆتەلمەيدۇ؟ بۇ كۆڭلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ماڭا شەيتاننىڭ ئويۇنلىرىدەكلا بىلىنەتتى.



جەڭچى سەپداشلىرىمغا دائىم پاك ۋە ساپ ئىنقىلاب روھىنىڭ تاغ چوققىلىرىدا پارلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتىم. مۆمىن مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن بولغان ئوسمان باتۇرغا قارىغىنىمدا، ئۆتكەن سالىھلارنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. بۇ كىشى مۇنقەرز بولغان بىر نەسلىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىنى، ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە، پارلاق، قەدىمىي بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆلگۈچە بۇ كىشىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا بەل باغلىغان ئىدىم.

ئەڭ يېقىن ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى بىلەن قوراللانغان خىتتاي ئارمىيەسى بىلەن بىزنىڭ جەڭچىلەر ئارىسىدا كەسكىن جەڭلەر داۋام قىلىۋاتاتتى. بىر قاتار جەڭلەردە ئۇتۇق قازاندۇق. لېكىن، بۇ

زەپەر ئاسانغا توختىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. دۈشمەنگە توختىماي ياردەم كېلىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئادەم سانىمىز بولسا بارغانسېرى ئازلاۋاتاتتى. يەنى بۇ زەپەرلەرنى مىسلىسىز ئېغىر قۇربانلىقلار بەدىلىگە قازىنىۋاتاتتۇق.

ئوسمان باتۇرنىڭ: «يىگىتلىرىمىز ئىنتىقام ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئېتىۋاتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭغا:

— ھۆرمەتلىك گېنېرال، ئەزىمەتلىرىمىز ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى بىلىدۇ، — دېدىم.

ئوسمان باتۇر:

— ئۇلار داستان يېزىۋاتىدۇ، مۇستافا ھەزرەت، قانلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك داستان پۈتۈۋاتىدۇ. لېكىن، ئالدىن يۈرەر قىسىمدىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن ئالغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دۈشمەن بىر قېتىملىق دەھشەتلىك جەڭگە تەييارلىنىۋېتىپتۇ، — دېدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەس، ئوسمان باتۇرنىڭ دېگىنىدەك چىقتى. قۇرۇت - قوڭغۇزدەك يامراپ كېلىۋاتقان خىتتاي قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. بۇ قېتىملىق جەڭ توختاۋسىز ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. خىتتاينىڭ چېگرىدىكى ئۆلكىسى تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە، چېچىلىپ كەتكەن قوشۇننى شۇ يەردە يىغىش ۋە شۇ يەرنى كوممۇنىستلارغا قارشى ھۇجۇمنىڭ باش شتابى قىلىش قارارى ئېلىندى. لېكىن، چېگرىدىكى ماڭىدىغان يول بىخەتەر ئەمەس ئىدى. ھەرتەرەپتىن ئۆلۈم ماراپ تۇراتتى. قانخور كاپىرلار بىزنى چەمبەر شەكلىدە قورشىۋالغان بولۇپ، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدۇق. خىتتاينىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق ئەنشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن چۈشۈرۈلدى www.uyghurkitap.com

شەھەردىن ئون مىڭ خىتتاي ئەسكىرى بېسىپ كەلدى. ھەممىمىز پىداكارلىق بىلەن ئۆزىمىزنى جەڭگە ئاتىدىغان بولۇپ كەتتۇق. «ھامىنى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم بىزنىمىزغا يۈزلەپ تۇرۇۋاتقاندىكەن، ھېچ ئىش قىلالماي كەتكۈچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەيلى، يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل!» دەپ ئويلايتتۇق.

ئاخىرى، 1950 - يىلى 8 - ئايدا خىتتاينىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى تەۋەلىكىدىكى ماخەي شەھرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ، سەپلىرىمىزنى تۈزەپ رەتكە سېلىۋېلىشنى ئويلاشقان ئىدۇق. مەن شەخسەن چولپاننى ۋە ئوغلۇمنى ئىزدەۋاتاتتىم. ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر كۆرۈۋالسام دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بەزىلەر مۇشۇنداق قالايمىقان كۈنلەردە بۇ ئارزۇيۇمنى بىر خام خىيال دەپ ئويلىشاتتى. يەنە بەزىلەر ۋەتىنىمىز مۇنقەرز بولۇۋاتقان، خەلقىمىز دۈشمەن تاپىنى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە مېنىڭ خوتۇن - بالامنىڭ غېمىنى قىلىشىمنى شەخسىيەتچىلىك دەپ ئەيىبلەشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە پەرۋا قىلماي كەتمىدىم. مېنىڭمۇ يۈرىكىم تاش ئەمەس - دە!

❀❀❀❀❀

بىزنى قوغلاۋاتقان دۈشمەننىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق دۇنخۇاڭ شەھىرىدىن مىڭلاپ خىتتاي ئەسكىرى باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كەينىمىزدىنمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتتاي بىلەن بولغان چېگراسى ھېسابلىنىدىغان چاقىلىق ئارقىلىق يەنە مىڭلارچە خىتتاي يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

گېنېرال ئوسمان باتۇر خىتاب قىلاتتى:

«دوستلىرىم! توگۇلۇپ ياشاشتىن جەسۇرلارچە ئۆلۈشنى ئەلا بىلگەن ئەزىمەتلەر! بۇگۈن كېچە ماخەي شەھىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئى دىنىمىز دەۋرىنىڭ شەرەپلىك شاھىدلىرى! چىلبۆرىلەر ئىلگىرىلەش يوللىرىمىزنى توسۇپ بولدى. دۈشمەننىڭ قىزىل بايراقلىرى ئۈپۈقلارنى قان رەڭدە بويىدى. قاسساپ چېغىدا كۈندە بىرەر قوينى قۇشخانىغا ئاپىرىپ بوغۇزلايدۇ، ئەمما بۇ دۈشمەنلەرگە قوي نېمە، ئىنسان نېمە؟ ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا ئۇرۇپ، سوقۇپ بوغۇزلاپ مېڭىۋاتىدۇ.

بارىكۆلدىن تارتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە مېڭىپ ئۆتكەن بۇ ئۇزۇن يولىمىز ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن پۈتكەن، ئۆلارنىڭ مۇشۇك - ئەنبەر ھىدلىق قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغاندۇر. سەپىرىمىز ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك بىر سەپەر بولدى. نۇرغۇن ئايال ۋە باللار ھەرتەرەپكە قاتراپ بىزنى، سۆيگەن كىشىلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ رادىئولىرىدا كوممۇنىستلارنى كۈيلەيدىغان قىزىل ناخشىلار ياڭراپ ۋەتىنىمىزنى ئازغۇن ئىدىيەلەر بىلەن بۇلغاۋاتىدۇ. ۋەتەن ئوغلانلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە مەھبۇسنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىدۇ،

ساقىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەك لاگېرلىرىدا مەجبۇرىي ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، ئادەمسىز چەت قىشلاقلارغا سۈرگۈن قىلىنىپ تۈگەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

يەنە نۇرغۇنلىرى ئۆلۈم مەيدانلىرىدا ئۈنسىز پىغانلىرى، ئاللاھقا يېلىنىشلىرى بىلەن ئۆلۈمنىڭ ملودىيىسىنى ياڭرىتىۋاتىدۇ. ئۇ تىرىك شەھىدلەرنىڭ ئاقىۋىتى بۇ يەردە – جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولغانلارنىڭكىدىن ئېچىنىشلىق!

دوستلىرىم! جەڭگە ئاتلىنىۋاتىمىز، ئەگەر ئاراڭلاردىن ھايات قالغۇچىلار بولۇپ قالسا، بىزنىڭ جىھاد ھېكايىمىزنى، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمىزنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇخلاپ ياتقان مۇسۇلمان ئۇممىتىگە ئاڭلاتسۇن. مەشرىقتىن مەغرىبكىچە، ئەرەب دۇنياسىدىكى... ھىندونېزىيە، مالايسىيا، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستاندىكى... مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ‹تۈركىستان ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئىككىنچى ئەندەلۇس بولۇپ كەتتى› دېسۇن. كىم بىلىدۇ، مۇسۇلمانلار بىر كۈنلەردە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ھەمكارلىشىپ دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نۇسرەت بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىڭلار! دۈشمەننىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىغا ئىشەنمىسۇن، ئويدۇرما تارىخىغا، پەلسەپىسىگە ئىشەنمىسۇن، چاقىرىقلىرىغا ئالدانمىسۇن».

ئوسمان باتۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاندىن قىبلىگە يۈزلىنىپ، بىزنى نامازغا چاقىردى.

ئەتىسى دۈشمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلدى. جەڭ ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ئاخىرقى قېتىملىق جەڭدە ئىلكىمىزدىكى

ھەممە نەرسىمىز – غۇرۇرىمىز، ئىمانىي كۈچىمىز بىلەن مەيدانغا چۈشتۇق ۋە مەغلۇپ بولدۇق.

ئوسمان باتۇر دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئېگىزرەك بىر چوققىدا قاراپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇرلارچە مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كوممۇنىستلار ھەدەپ ئۇنىڭ يېڭىدىن، بۆكىدىن ياكى تونىنىڭ پېشىدىن تارتقۇشلايتتى. ئوسمان باتۇر بولسا پۇت - قولى كىشەنلىك ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، پۇتلاپ بولسىمۇ بوي بەرمەيتتى.



مۇجاھىدلىرىمىز – شۇنچە تالاپەتتىن كېيىن ھايات قالالىغان ئازغىنە جەڭچى ھەرتەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. لېكىن، ھەممىسى دېگۈدەك كەشمىر چېگراسى تەرەپكە قاراپ يول ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

1951 - يىلى 29 - ئاپرېل كۈنى قەھرىمان گېنېرال ئوسمان باتۇر جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىندى. تۈركىستانلىق ۋە خىتتاي بولۇپ 90 مىڭ كىشى بۇ مەيدانغا قاتتىق تەھدىتلەر بىلەن ھەيدەپ كېلىنگەن بولۇپ، قەھرىمانغا بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى كۆرۈشكە زورلانغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئوسمان باتۇر شەھىد بولۇپ كەتتى.



ئوسمان باتۇرنىڭ سازايى قىلىنىشى

مېنى تونۇمايدىغان بىر توپ كىشىنىڭ ئارىسىدا قالغان ئىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ تونۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن دۈنخۇاڭدىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئىدىم. شەھىد ئوسمان باتۇرغا قاراپ، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلەتتىم. «ياشىسۇن ئادالەت!» دەپ ۋارقىرايتتىم مەجنۇنلارچە.

شۇم نىيەتلەرنىڭ كۆلىدەك قاپقارالىغۇ بىر كېچىدە يولغا چىقتىم. ئوت دېڭىزىدىن قاچقانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم. بىر نەچچە

كىچىلىك جاپالىق سەپەردىن كېيىن، كەشمىر چېگراسىغا يېتىپ كەلدۇق. يىگىرمە مىڭ قوزغىلاڭچى جەڭچىدىن بۇ يەرگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى پەقەت ئۈچ يۈز ئەتراپىدىكى كىشى ئىدى. چۈنكى، دۈشمەنلەر چېگراغا تۇتاشقان يوللارنى قاتتىق قامال قىلىپ، تىبەتنىڭ سىنكۇرس، كۇتساۋ ۋە باشقا شەھەرلىرىدە جەڭچىلىرىمىزنى قوغلاپ يۈرۈپ ئوققا تۇتۇۋاتاتتى. دۈشمەنمۇ خېلى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئاخىرى بىزدىن چېگراغا يېتىپ كېلەلىگەن ئۈچ يۈزدەك كىشى كەشمىر تەۋەلىكىگە ئۆتتۇق. كۆپىنچىسى ئېرى شەھىد بولۇپ تۇل قالغان ئاياللار، دادىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان كىچىك باللار ئىدى.

نىهايەت، كەشمىر پايتەختى سىرىناگارغا يېتىپ كەلدۇق. بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن تۈركىستانلىق مۇهاجىرلاردىن بىر جامائەت ئالدىمىزغا چىققان بولۇپ، كۆزلەر ئالامان ئىچىدىن تونۇشلىرىنى ئىزدىشەتتى، تېپىشقانلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ دېگەندەك ئەتراپ قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ كەتتى. سەپەرنىڭ هاردۇقى قاتتىق يەتكەن ۋە نەچچە كېچىدىن بېرى ئۇيقۇسىز بولغىنىم ئۈچۈنمىكىن، بىر بۇلۇڭدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. يۇمشاققىنە بىر قولنىڭ يۈزلىرىمنى مېهىر بىلەن سىلىشىدىن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئويغانسام، كۈن پاتاي دەپ قالغان ئىكەن.

ياق، ئويغانمىغان ئوخشايمەن. چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن قانداق؟! ئاه خۇدا!... كەشمىر ئاياللىرىنىڭ كىيىمىگە ئوخشايدىغان كىيىم كىيۋالغان چولپان كۆز ئالدىمدا تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا چوپچوڭلا بولۇپ قالغان ئوغلۇم. توغرا، مەن ئۇنى تونۇۋالدىم! ئاپتاپتا كۆيۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سابىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

بۈگـداي ئۆڭـلـۈك بولـۇپ قالغان بـۇ چىرايلىـق يىگىت مېنىـڭ ئوغلۇم شۇ !





ئوغلۇمنىـڭ چاچلىرىنـى تويمـاي - تويمـاي پۇراشـقا، چولپاننىـڭ يۈزلىرىنـى سىلاشـقا باشـلىدىم. كۆزلىرىمدىـن ياشـلار قۇيۇلاتتـى. بوغۇزۇمغـا بىـر تۇگۈنچـەك تـۇرۇپ قالغانـدەك بولـۇپ تىلىـم گەپكـە كەلمەيۋاتاتتى. چولپاننىڭ كۆزلىرى شـادلىق ياشـلىرىغا تولغان بولۇپ، مېنـى باغرىغـا باسـتى. ئوغلۇممـۇ مېنـى چىـڭ قۇچاقلىۋالغـان ئىدى.

– سىلنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، مۇستافا. كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. چاچلىرىغا قىرو چۈشۈپتۇ، يۈزلىرىنى يىللارنىڭ يول - يول ئىزلىرى قاپلاپتۇ. سىلسىز ئۆتكەن بۇ يىللار بىر ئەسىردەك بىلىندى.

بالامنىڭ پېشانىسىگە مېھىر بىلەن سۆيۈپ قويۇپ:

– مۇسۇلمان خەلقىمىنى چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە، خىتتاي ۋە ئورۇس ئىككى يىرتقۇچنىڭ پەنجىسى ئارىسىغا تاشلاپ قويغىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم، – دېدىم.

چولپاننىڭ چىرايى بىر قەۋەت قايغۇ - ئەلەم بىلەن قاپلانغاندەك سولغۇن ئىدى. ھەسرەت بىلەن:

– بەيتۇل ھەرەمگە بېرىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم. مەككىدە ياكى مەدىنىدە ياشاپ قالساق، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، – دەپ پىچىرلىدى. 

كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئۈپۈققا قارىدىم. مەسجىدنىڭ بوسۇغىسىدا شاھادەت شەربىتىنى ئىچكەن مەنسۇر دورغىنى ئەسلىدىم. تۆمۈر رىشاتكىلار كەينىدە جان ئۈزۈشكەن مۆمىن قېرىنداشلىرىم يادىمغا كەلدى. ئوسمان باتۇرغا ئەگىشىپ كىرگەن جەڭلەردە شەھىد بولغان سەپداشلىرىم كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى. ئوسمان باتۇرنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىپ بارغان چاغدىكى ئادەم دېگىزىنىڭ سىماسى كۆزۈمگە قايتا كۆرۈنگەندەك بولدى.

– بەيتۇل ھەرەمگە بارايلى، – دېدىم مەن غەمكىن ئاھاڭدا:

سادىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

– چارچاپ، ھالىدىن كەتكەن روھىمىزنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇقەددەس زەمزەم تامچىلىرىغا ئېھتىياجىمىز بار.

خىيال قۇشلىرىم قاناتلاندى. مانا مەن بىر توپ ھاجىلارنىڭ ئارىسىدا، خىتتاي ۋە رۇسلارنىڭ تۆمۈر قەپەسلىرىدىن قۇتۇلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئازادلىق خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ تۇۋۇلاپ يۈرەتتىم. مانا كېپەنلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، تەۋھىد بايرىقى ئاستىدا جەم بولۇپ، ئاسارەتتىكى مىليونلىغان قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يولغا چىققان مىليارد كىشىلىك مۇسۇلمان جەڭچىلەر قوشۇنى ئىچىدە تۇراتتىم...

مانا بۇ مېنىڭ ھېكايەم.



تۈگىدى.

❀❀❀❀❀

## كىتابتىكى بەزى شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى

**ئىمام بۇخارىي:** مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلبۇخارىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 194 – 256 / م. 810 – 870) ئەڭ مەشھۇر ھەدىس ئالىمى. ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «سەھىھۇل بۇخارىي»نىڭ مۇئەللىفى.

**ئىبنى سىنا:** ھۇسەين ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلى ئىبنى سىنا (ئەبۇ ئەلى). (ھ. 370 – 428 / م. 980 – 1037) ئوتتۇرا ئەسىر تىبابىتىنىڭ ئەڭ تونۇلغان ھەكىمى.



**ئەبۇ نەسر فارابىي:** مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ ئەلفارابىي ئەتتۈركىي. (ھ. 258 – 339 / م. 871 – 950) ئىسلام پەلسەپىسىگە مىتود، ئاتالغۇ ۋە مەسىلىلەر نۇقتىسىدىن ئاساس سالغۇچى مەشھۇر تۈرك پەيلاسوپ.

**ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي:** مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلبىرۇنىي. (ھ. 362 – 440/ م. 973 – 1048) باشتا ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، تىبابەت، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە دىنلار تارىخى قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردە ئەسەر قالدۇرغان، تۈرك ئىسلام ۋە دۇنيا تارىخىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**خوجا نىياز ھاجى ئىمىننىياز ھاجى ئوغلى:** ئۇيغۇر، 1889 - يىلى قۇمۇل شارلار تېغىدا تۇغۇلغان. 1912 - يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە يېغىلىقىغا قاتناشقانلىق جىنايىتى بىلەن شامەقسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىدۇ. قۇمۇلدىن قېچىپ چىقىپ تۇرپان، ئالتاي، چۆچەك تەرەپلەردە بىر نەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسىدا يەتتەسۇغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، مەككەگە ھەجگە بارىدۇ ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئاۋۋال رۇسىيەگە، كېيىن (1923 - يىلى) ۋەتەنگە قايتىدۇ. باشتا ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

1928 - يىلى 16 - مايدا شامەقسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇلغا قايتىدۇ. كىچىكىدىن مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە كېيىن يۇرت كېزىپ دۇنيا كۆرگەن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇمۇل خەلقى ئىچىدە دىندارلىقى، پىكىرلىرى ۋە خەلقچىللىقى بىلەن تونۇلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى قوزغىلاڭ ۋە جاھانكەزدى تەجرىبىلىرى بىلەن 1931 - يىلى باشباھاردا باشلانغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. قۇمۇلدىن باشلانغان ئىنقىلاب تۇرپان، كورلا، قاراشەھەر ۋە ئاقسۇلارغىچە يېيىلىپ، 1933 - يىلى كاشغەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئېلان قىلىنىپ، خوجا نىياز ھاجى جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ ۋە رەئىس جۇمھۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئەنگلىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرگە رەسمىي مەكتۇپلار يازىدۇ. 86 كۈن مەۋجۇد بولغان بۇ جۇمھۇرىيەت ئىچكى نىزالار ۋە تۇڭگانلارنىڭ توختاۋسىز پاراكەندىچىلىكى، رۇسلارنىڭ بېسىمى

شۇنداقلا شىڭ شىسەينىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى نەتىجىسىدە 1934 - يىلى فېۋرالدا شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم تۈزۈلۈپ، تارىختا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» — ئاساسىي قانۇن، ھەربىي ۋە مەمۇرىي سىستېمىغا ئىگە، پاسپورت تارقىتىپ پۇل باستۇرغان ئىسلامىي جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى تارقىلىپ كېتىدۇ. خوجا نىياز ھاجى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئاتالمىش جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي قوماندانى ئۇنۋانى بىلەن 1934 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. 1937 - يىلى 12 - ئۆكتەبىر كۈنى ئاتالمىش «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قويرۇقى» دېگەن تۆھمەت بىلەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماققا تاشلىنىدۇ. بىر يىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، 1938 - يىلى كۈزدە سوراققا تارتىلىپ، شۇ قاتاردا سالىھ دورغا، يۇنۇسبەگ قاتارلىق 108 كىشى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ، سايئوپۇنىڭ غەربىدىكى تاغقا كۆمۈلىدۇ. 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئەھمەدجان قاسىمى قاتارلىقلار قاتناشقان تەزىيە مۇراسىمى بىلەن خوجا نىياز ھاجى ۋە شەرىپخان تۆرىلەرنىڭ جەسەتلىرى شامالباغدىكى شەھىدلىككە دەپنە قىلىنىدۇ.



**مەھمۇد مۇھىتى:** ئۇيغۇر، 1887 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. 1932 - يىلى ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرگە خوجا نىياز ھاجىغا بەيئەت قىلىپ بىرگە جەڭ قىلغان. تۇڭگانلارغا قارشى كاشغەر كوناشەھەرنى قوغداشتا چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. خوجا نىياز ھاجى ئاتالمىش ئۆلكىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە مېڭىش هارپىسىدا كاشغەردە قالغان قىسىملارنى 6 - دىۋىزىيە نامىدا بىر دىۋىزىيە تەشكىللەپ، مەهمۇد مۇهىتى گېنېرال (سىجاڭ) ئۇنۋانى بىلەن كاشغەردە قالغان. 1937 - يىلى 2 - ئاپرېل كۈنى بىرقانچە يېقىنلىرى بىلەن هىندىستانغا چىقىپ كەتكەن. هىندىستاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ توكيوغا بارغان. 1944 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاۋۋال ياپونلار كونتروللۇقىدىكى بېيجىڭغا، كېيىن شىئەنگە كەلگەن. 1945 - يىلى شىئەندە يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

**ئوسمان باتۇر ئىسلام ئوغلى:** قازاق، 1899 - يىلى ئالتاي كۆكتوقايدا تۇغۇلغان. 1940 - يىلى فېۋرال ۋە 1941 - يىلى ئىيۇندىكى ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي هاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1941 - يىلى ئۆكتەبىردىن 1943 - يىلى ئىيۇلغىچە ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يىغىپ، 1945 - يىلى سىنتەبىرگىچە داۋام قىلغان ئالتاي قوزغىلىڭىنىڭ رەهبىرى ۋە «ئالتاي هۆكۈمىتى»نىڭ باشلىقى بولغان. 1945 - يىلى ئۆكتەبىردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى»گە بەيئەت قىلغان. 1947 - يىلى فېۋرالغىچە شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1948 - يىلى فېۋرالدىن 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغانغا قەدەر ئالتاي ۋالىيسى بولغان. كومپارتىيەنىڭ هاكىمىيىتىنى قەتئىي رەت قىلغان ئوسمان باتۇر 1949 -

يىلدىن 1951 - يىلى مارتقىچە ئاتالمىش خىتتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە خىتتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. 1951 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 -كۈنى «باندىت»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپىقى بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. قالدۇق كۈچلەرنىڭ تىركىشىشى 1953 - يىلغىچە داۋام قىلغان. ئاخىرىدا خىتتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن سۆلھى قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئوغۇللىرى سۆلھى مەزمۇنىغا بىنائەن، ئوسمان باتۇرنىڭ مېيىتىنى ئالتاي كۆكتوقايغا ئېلىپ بېرىپ كۆرتى ئاۋۇلغا دەپنە قىلغان.

**شەرىپخان تۆرە:** قازاق، 1900 - يىلى ئالتاي قىران دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان. 4 - بۇۋىسى كۆگەداي ئالتاي قازاقلىرىنىڭ تۇنجى ۋاڭىدۇر. ئاخىرقى جۇنۋاڭ جىڭىسقان ئوغلى ئەلەنۋاڭنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا قېرىندىشى. 1920 - يىلى رۇسىيەگە ئوقۇشقا بارغان. 1922 - يىلى ئۈرۈمچىدە ياڭ زېڭشىن ئاچقان موڭغۇل - قازاق مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1927 - يىلى بۇرۇلتوقايغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1928 - يىلدىن باشلاپ ياڭ زېڭشىن ئىستىبدادىغا قارشى ھەرىكەت باشلاتقان. 1930 - يىلى جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولغان. 1933 - يىلى ئالتايدا مەدەنىي مائارىپنى يولغا قويغان. مەكتەپتە 12 نەپەر تېخنىك يېتىشتۈرۈپ گېزىت - ژۇرنال چىقارغان. ئالتايغا كىنو ئاپپاراتىنى ئەكەلگەن. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ماجى، ماخېيىڭلار ئالتايغا بېسىپ كىرگەندە، قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئالتاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ساقىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئامانلىقنى ساقلىغان. شېڭ شىسەي شەرىپخاننى ئالتاي ۋالىيسى ۋە قوشۇمچە گارنىزون قوماندانى قىلىپ ئۆستۈرگەن. 1939 - يىلى ئۆكتەبىردە شېڭ شىسەي ئۇنى ئۈچ مىللەت قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ ۋە يىغىندىن كېيىن ئالتايغا قايتۇرۇلماي 1940 - يىلى 11 - ئاپرېل قولغا ئېلىنىپ 1942 - يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. جەستى 1947 - يىلى تېپىلىپ، ئۈرۈمچى شامالباغ قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان. 1990 - يىللاردا جەستى ئالتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن.

**ئوسمان ئېلى:** قىرغىز، ئۇلۇغچاتلىق. ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە ئەسكەر بولغان، خىتتايچە بىلەتتى. ئۇرۇش تەجرىبىسى كۆپ، ئاتلىق ئەسكەر كوماندىرى بولغان. 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا كاشغەرنى ئىشغال قىلىپ خىتتايلارنى قوغلاپ چىقارغان. ماجەنساڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كاشغەر كوناشەھەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. يېڭىلىپ ئۇلۇغچات تاغلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، قاقشالدا ھەرىكەت قىلىپ قايتا باش كۆتۈرمەكچى بولغان، ئەمما مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشۈپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. 

**ئورازبېك:** سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باسمىچى قىرغىزلاردىن ئىدى، 1933 - يىلى كاشغەرگە قېچىپ كەلگەن. ئوسمان ئېلى ماشاۋۇ (ما دوتەي) گە قارشى ئىسيان باشلاتقاندا، ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغان. 1933 - يىلى 12 - نويابىر كاشغەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلەت مۇداپىئە

نازىرى (سەر ئەسكەر) بولغان. ئۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغچات تاغلىرىغا چىقىپ كەتكەن ۋە ئىز - دېرىكى بولمىغان.

**سابىت داموللا ئابدۇلباقى:** 1883 - يىلى ئاتۇش ئازاقتا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئازاقتا چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن كاشغەر خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. 1910 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مامۇت ئاخۇن داموللاملارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، بۇخاراغا بېرىپ يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. 1914 - يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتقان. 1924 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۈيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۈيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى سابىت داموللامغا مەركەزلەشكەن. بۇنى سەزگەن سابىت داموللام 1925 - يىلى ھەجگە بېرىش باھانىسى بىلەن ئىلغا چىققان. سابىت داموللام دىنىي ئىلىملەردىمۇ ۋە تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە ئەدەبىياتنىڭ پۈتكۈل تۈرلىرىدىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولغاچقا، مەزكۇر تىللاردا بەزىدە نەسرىي، بەزىدە نەزمىي ئۇسلۇبتا سۆزلەش، يېزىش كامالىتىگە يەتكەن. ئۇ 1927 - يىلىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھرى دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئۈچ يىلغىچە ئاغزاكى تەرجىمە قىلغان. 1930 - يىلى غۇلجىدا چۆچەكتىكى مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئېلىش باھانىسى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزەتكىلى چىققان، خوتەن قاراقاشلىق مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن پىكىرلەشكەن. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە كاشغەر ۋە ئاتۇشتىن چىققان شەمشىدىن داموللام، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق يۈزدەك كىشى

ساقىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلىكتە ئۇن نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللاھنى ئېلىپ ھەججگە ماڭغان. 1931 - يىلى باھاردا، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغان. تۈركىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان چېغىدا، مىسىردا دۇنيا ئىسلام ئالىملىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يىغىنغا ئۈلگۈرۈپ قاھىرەگە بارغان.

سابىت داموللام 1932 - يىلى 12 - ئايدا قاغىلىققا يېتىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇدۇل خوتەنگە بارغان. 1933 - يىلى 24 - فېۋرال، قاراقاشتا قوزغىلاڭ پارتلىغان. 1933 - يىلى ئاپرېلغىچە خوتەن تەۋەسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 5 - ئاپرېلدا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغان. سابىت داموللام قوزغىلاڭ جەريانىدا، يەكەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراشتۇرغان. 15 - ئاۋغۇست سابىت داموللام كاشغەر شەھرىدە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ كاشغەر ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قۇرغان. 10 - سېنتەبىر بۇ ئىدارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەمئىيىتى»نى قۇرغان. ئىككى ئايلىق پۇختا تەييارلىق خىزمىتىدىن كېيىن، 1933 - يىلى 12 - نويابىر كاشغەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بايراق چىقىرىلغان. بۇ بايراق ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىدى. بايراق چىقىرىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش چوڭ يىغىنىدا، ھۆكۈمەت

تەشكىلىي ئاپپاراتى، ئاساسىي قانۇن ۋە دۆلەت مارشى ئېلان قىلىنغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. خوجىنىياز ھاجى ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە كۆنگەن ھەمدە سابىت داموللام قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان.

1934 - يىلى ئاپرېلدا، خوجىنىياز ھاجى يەكەندە زېرىپ قارى ھاجى، شەمشىدىن داموللام، ئابلاخان سۇلتانبەگ قاتارلىق تۆرت كىشىنى نەزەربەند قىلغان. ئاپرېلنىڭ 13 - كۈنى، مەھمۇد مۇھىتى قول ئاستىدىكى غوپۇر تۆەنجاڭنى قاغىلىققا ئەۋەتىپ، سابىت داموللامنى قولغا ئالغان. خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللام بىلەن زېرىپ قارى ھاجىنى ئاقسۇغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. سابىت داموللام 1934 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىگە قامالغان. 1940 - يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىنىڭ باشلىقى لۇ بىندى ئىسىملىك خۇيزۇ سابىت داموللام بىلەن تونۇشۇپ قالغان. لۇ بىندى سابىت داموللامنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەغەز - قەلەم ئەكىرىپ بەرگەن ھەمدە سابىت داموللامنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ بەرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، سابىت داموللام «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە - تەپسىر قىلىشقا كىرىشكەن ۋە ئۇ ئۇن ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا تەرجىمە - تەپسىرنى تولۇق تاماملىغان. سابىت داموللام تەرجىمە خىزمىتىنى تۈگىتىپ كۆپ ئۆتمەي، يەنى 1941 - يىلى 58 يېشىدا، شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئالەمگە سەپەر قىلغان.

**شېڭ شىسەي** (盛世才): خىتتاي، 1897 - يىلى لياۋنىڭدا تۇغۇلغان. 1919 - يىلى توكيو مىڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1926 - يىلى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1926 - يىلى خىتتايغا قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىنقىلابى ئارمىيەسى باش شتابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. 1930 - يىلى كۆزدە شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ جىن شۇرېن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان. 1932 - يىلى يازدا شەرقىي يول قوزغىلاڭچىلىرىنى يوقىتىش قوماندانلىق مەركىزىدە قوماندانلىق قىلىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن، ئاتالمىش شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان ۋە ئۆزى بىلەن قارشى ئىدىيەدىكىلەرنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، دېموكراتىيەنى يولغا قويۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىق، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت ئالتە چوڭ سىياسەتنى يۈرگۈزگەن. ئارقىدىنلا «ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش» پىلانى يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇنلىغان ئىلغار زاتلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۇتۇپ قامىغان ۋە ئۇلارنى كۆپلەپ قىرغان، 1942 - يىلى گومىنداڭغا بېقىنغان. قوشۇمچە ئاتالمىش شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1944 - يىلى سىنتەبىردە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولغان. 1945 -

يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. 1949 - يىلى تەيۋەنگە قېچىپ بارغان. 1970 - يىلى 7 - ئايدا كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

**گېئورگى مالېنكوف:** (Гео́ргий Маленко́в/ Georgi Malenkov 1988 – 1902) يوسىف ستالىننىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى بولۇپ، سوۋېت كومپارتىيەسى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىدىن ئىدى. 1953 - يىلى ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، سوۋېت كومپارتىيەسى ئالىي سېكرېتارى (1953) ۋە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى باش مىنىستىرى بولغان (1953 - يىل مارت – 1955 - يىل مارت).

**ھاشىم ھاجى:** ئۇيغۇر، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ك گ ب (دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى) پولكوۋنىكى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىسمى ھەسەن. 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن شېڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن 25 نەپەر خىتتاي ۋە ئۇيغۇر بولشېۋىكلار قاتارىدا شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدا يالاقچى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى قۇمۇل ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىزچىل ساقلانغان. 1938 - يىلى خوجا نىياز ھاجى باشلىق مەھبۇسلارنىڭ ئىقرارنامىسىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ، شۇ يىلى دېكابىردا 108 كىشىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ شېڭ شىسەيگە تاپشۇرغان ۋە 108 كىشى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاشىم ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان. 1939 - يىلى قايتا شەرقىي تۈركىستانغا

ساقىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن ۋە مەخپىي تۇتۇش، سوراق قىلىش ئىشلىرىنى قىلغان. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، ھاشىم ھاجى سوۋېت كونسۇل خادىملىرىنىڭ ياردىمىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن. 1972 - يىلى ئالمائاتادا ئۆلگەن.

**سەيىد ھاجى:** ئۇيغۇر، كاشغەر يېڭىسارلىق. 1890 - يىللاردا ئوتتۇراھال دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، 1924 - يىلى ئەتراپىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئىشلەمچىلىك بىلەن جان باققان. موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتى تاشكەنت شۆبىسىدە (ئىشچىلار تېز يېتىشتۈرۈش سىنىپى) ئوقۇغان. 1935 - يىلى مايدا ھاشىم ھاجى، قادىر ھاجىلار بىلەن بىرگە شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن. شىڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان. 1939 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن. ئالمائاتادا بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن، بۇيۇك ئېھتىمال بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ تازىلاشتا ئۆلتۈرۈلگەن.

**ۋۇ جوڭشىن** (吴忠信): 1884 - يىلى ئەنخۈيدا تۇغۇلغان، 1936 – 1944 - يىللار منگو موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1940 - يىلى ھازىر سۈرگۈندە بولغان دالاي لاما XIV نىڭ ئوتتۇغات مۇراسىمىغا قاتناشقان. 1944 - يىلى 29 - ئاۋغۇست – 1946 - يىلى 29 - مارتقىچە ئاتالمىش

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان. 1959 - يىلى 26 - دېكابىر تەبىيىدا ئۆلگەن.

**ئەلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ساغۇنى:** ئۆزبېك، 1885 - يىلى بۈگۈنكى قىرغىزىستاننىڭ توقماق شەھرىدە تۇغۇلغان. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋە بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئوقۇغان. ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركىي تىلدا كامالەتكە يەتكەن، تىبابەت ساھەسىدىمۇ پىشقان تېۋىپ ئىدى. 1916 - يىلى توقماقتا ئىسيانغا قاتناشقان، باستۇرۇلغاندىن كېيىن كاشغەرگە قېچىپ چىققان. 1918 - يىلى يۇرتىغا قايتقان، 1920 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەجگە بېرىش يولى ئىزدەپ غۇلجىغا چىقىپ تۇرۇپ قالغان. ئەلىخان تۆرە دىنىي ئۆلىما ۋە ئۇستا تېۋىپ بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا جامائەتچىلىككە تونۇلغان ھەمدە ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن. 1937 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي قانلىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدىكى مۆتىۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى ھەم ئىلغار زىيالىيلارنى كۆپلەپ قولغا ئالغاندا ئەلىخان تۆرىمۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ھەم مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. ئەلىخان تۆرە 1941 - يىلى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە جامائەت بىلەن ئارىلىشىپ، تېۋىپلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا مەسجىد، مەدرىسەلەردە ۋە جامائەت توپلانغان سورۇنلاردا ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئازادلىققا تەشنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقىيە

بولۇپ تۇرغان خەلق ئەلىخان تۆرىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇ باردىغان، جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامەلەرگە تېخىمۇ كۆپلەپ يىغىلغان. 1944 - يىلى غۇلجىدا يەر ئاستى «ئازادلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندا ئەلىخان تۆرە بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ رەئىس بولۇپ سايلانغان.

1944 - يىلى 12 - نويابىردا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىنغاندا، ئەلىخان تۆرە جۇمھۇر رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمەت قارارى بىلەن ئەلىخان تۆرىگە مارشال ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئەلىخان تۆرە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزا بولغان، بىراق ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1946 - يىلى 13 - ئىيۇل كۈنى ئەلىخان تۆرە غۇلجىدىن مەخپىي يوسۇندا سوۋېتكە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن. ئەلىخان تۆرە سوۋېتكە بارغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان قورۇدا 30 يىل نەزەربەند ئاستىدا ياشىغان. ئۇ دەسلەپتە سىرتتىن كەلگەنلەردىن مەخپىيرەك تۇتۇلسىمۇ، كېيىنچە يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنغان. ئەلىخان تۆرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقتىدا ئىشلىگەن غاپپارخان، ئاسارخان، ئەھمەدىيار، مۇھەممەتيار ئىسىملىك باللىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خىتتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن. ئەلىخان تۆرە 1976 - يىلى 91 يېشىدا تاشكەنتتە

ئالەمدىن ئۆتكەن. ۋەسىيىتىگە بىنائەن، تاشكەنتتىكى شەيخ زەينىددىن بابا قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

**جاڭ جىجوڭ** (张治中): 1890 - يىلى ئەنخۇيدا تۇغۇلغان. مىنگو ئىنقىلابچى ئارمىيەسى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئادمىرال/پولكوۋنىكى. 1937 – 1938 - يىللار ئارىسى خۇنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولغان. 1945 - يىلى مايدىن 1947 - يىلى مايغىچە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان. 1947 - يىلى جوڭخۇا مىنگو مەملىكەتلىك بىرىنچى قۇرۇلتىيى ئەنخۇي ئۆلكىسى خەلق ۋەكىلى بولغان. 1948 - يىلى ئاۋغۇستتىن 1949 - يىلى ئىيۇنغىچە جۇڭخۇا مىنگو غەربىي شىمال ھەربىي سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1949 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭدىن ئايرىلىپ خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىگە ئۆتكەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلغان. 1954 – 1969 - يىللار ئارىسى خىتاي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ئورۇنباسار رەئىسى بولغان. 1969 - يىلى ئاپرېلدا بېيجىڭدا ئۆلگەن.

**ئەھمەدجان قاسىمى**: 1914 - يىلى 14 - ئاپرېلدا غۇلجا شەھرى توغراكۈۋرۈك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى نادىر تەمبۇر، ئانىسى شەرۋانەم قاسىمى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغان. 1922 - يىلى قورغاستىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئائىلە تۇرمۇشى نامرات بولغاچقا، كۈن ئېلىش ئۈچۈن 1924 - يىلى تاغىسى ئۆمەر قاسىمىي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ياركەنت رايونىدا دارىلئېيتام،

باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1929 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە تولۇق ئوتتۇرنى ئالمائاتادا ئوقۇغان. ئوقۇشنى پۈتتەرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1934 – 1937 - يىللار ئارىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى (ساگو)دا ئوقۇغان. 1937 - يىلى موسكۋا شەرق سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە شۇ چاغدىكى تاتارىستان قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا پراكتىكا قىلغان. 1941 - يىلى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندا، مەكتەپ ئوقۇش توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئەھمەدجان قاسىممۇ ۋەتەنگە قايتقان. 1942 - يىلى ئىيۇندا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.



1943 - يىلى ئىيۇندا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى دېكابىردا ئۈرۈمچىگە يالاپ كېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1944 - يىلى ئۆكتەبىردە قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇھەررىرى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە بۆلۈم باشلىقى شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان.

1946 - يىلى ئىيۇلدا ئىلى ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولغان. 1947 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ شەرقىي تۈركىستان

خەلقنىڭ كۈرەشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان. 1949 - يىلى 22 - ئاۋغۇست، ئەھمەدجان قاسىمى خىتاي كوممۇنىستلىرى رەھبىرى ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىن سىياسىي مەسلىھەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، 27 - ئاۋغۇست كۈنى بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە، ئايروپىلاندىن كاشىلا چىقىپ ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا قىلغان.

**بۇرھان شەھىدى:** 1894 - يىلى بۇگۈنكى رۇسىيە فېدېراتسىيەسى قازان ۋىلايىتى تېتيۇش ناھىيەسىدە، ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئەسلى ئاقسۇ ئونسۇدىن. 1912 - يىلى ۋەتەنگە قايتقان. 1929 - يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1934 - يىلى موسكۋا ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتقان. 1938 – 1944 - يىللار ئارىسى مىلتارىست شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە 7 يىل ياتقان. 1945 – 1949 - يىللار ئارىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، دىخۋا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان. 1949 - يىلى، تاۋ سىيۈ بىلەن بىللە تېلېگرامما يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننى تىنچ يول بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى

ساپىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغـان. 1953 - يىلىدىـن كېيىن، خىتتاي خەلق سىياسـىي مەسلىھەت كېڭىشـى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسـى بولغـان. ئاتالمىش شـىنجاڭ ئۇيغـۇر ئاپتونـوم رايونلـۇق سىياسـىي كېڭەشـىنىڭ رەئىسـى، خىتتـاي ئىسـلام دىنـى جەمئىيىتىنىـڭ مۇدىـرى بولغـان. 1989 - يىلـى 27 - ئاۋغۇسـت كۈنـى 95 يېشـىدا بېيجىڭـدا ئۆلگـەن.

**لىيۇ مېڭچۈن** (刘孟纯): (1904 – 1982). 1945 - يىلى جاڭ جىجـوڭ بىلـەن بىرگـە شـەرقىي تۈركىسـتانغا كەلگـەن. شـۇ يىلـى 1 - ئىيۇلـدا ئاتالمـىش شـىنجاڭ ئۆلكىلـىك بىرلەشـمە ھۆكۈمـەت قۇرۇلغانـدا، لىيـۇ مېڭچۈن ئۆلكىلىك بىرلەشـمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسـى، قوشـۇمچە بـاش كاتىـپ بولغـان. 1947 - يىلـى ئىيۇنـدا مەسـئۇد سـەبرى ھۆكۈمتـى دەۋرىـدە ئۆلكىلىـك ھۆكۈمەتنىـڭ كاتىپلىقىدىـن قالدۇرۇلغـان. ھۆكۈمـەت ئەزاسـى ۋە تەشـۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولغـان. شـەرقىي تۈركىسـتان خىتتـاي كومپارتىيەسـى تەرىپىدىـن ئىسـتىلا قىلىنغاندىـن كېيىـن، لىيـۇ مېڭچـۈن ئاتالمـىش شـىنجاڭ ئۆلكىلىـك خەلـق ھۆكۈمىتىنىـڭ ئەزاسـى ۋە بـاش كاتىپـى بولغـان. 1950 - يىلىنىـڭ بېشـى مەخسـۇس ئايروپىلانـدا پۈتـۈن ئائىلىسـى بىلـەن بېيجىڭغـا كۆچـۈرۈپ كېلىنگـەن. 1953 - يىلـى ئامېرىكىغـا قارشـى كورىيەگـە يـاردەم بېرىـش ئۆرۈشـى ھـال سـوراش ئۆمىكـى بىلـەن چاۋشـىيەنگە بارغـان. ئاتالمـىش مەدەنىيـەت زور ئىنقىلابـى دەۋرىـدە ئۆلتۈرۈلگـەن.

**مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا**: (1901 – 1965) خوتەندىـن. ئۇيغـۇر ئالىمـى ۋە سىياسەتچىسـى. دادىسـى فەرىدىـن ھاجىـم، ئانىسـى

سىكنە بانۇ خانىم. تۇنجى مائارىپنى خوتەن شەھرىدە تاماملىغان. ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تاغىسى ئالىم مەھەممەت نىياز ھاجىنىڭ ھىمايىسىدە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خوتەن قاراقاشتىكى ئويباغ مەدرىسەسىدە ئوقۇغان. ئالىي مائارىپنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئىسلام ئىلمىدە تاماملىغان. 1922 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە مەدرىسەلەردە مۇددەرىسلىك قىلغان. ئۇ ئىلمى ۋە نۇتۇق قابىلىيىتى سەۋەبىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇ رايوندىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە تەسىرى كۈچلۈك دىنىي ئۆلىمالارغا بېرىلىدىغان «ھەزرىتىم» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1930 - يىلى ئالتە ئاي ۋەتەن ئىچىدە ساياھەتتە بولغان مەزگىلدە ھەرساھە كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرغان. بۇ جەرياندا خىتتايلارنىڭ ۋەتەندىكى مەۋجۇدلۇقى ۋە ھەربىي ۋەزىيىتىنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلغان. غۇلجىدا دىنىي ئالىم سابىت داموللام بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇھىم بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. ئۇچرىششتىن كېيىن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن خىتتايغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ زۆرۈر، دەپ قارىغان. ئۇ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1931 - يىلى مىللىي ئىنقىلاب تەشكىلاتىنى قۇرغان. 1932 - يىلى 20 - فېۋرال قاراقاشتا تۇنجى قوزغىلاڭنى باشلىغان ۋە بىر ئايدىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىنى ئازاد قىلغان. 1933 - يىلى، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نامىدا ۋاقىتلىق مەمۇرىي ئورگان قۇرۇلۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولغان. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىلتارىست تۇڭگان ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


1940 - يىلى كابۇلدا ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن تونۇشقان. 1942 - يىلى ئافغانىستاندىن ھىندىستانغا بارغان. ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستاندا ھاكىم بولغان ئەنگىلىيەلىكلەر تەرىپىدىن خەتەرلىك، دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنىپ پېشاۋۇردا ئالتە ئاي تۈرمىدە ياتقان. كېيىن خىتتايغا كېتىش شەرتى بىلەن 1943 - يىلى 8 - يانۋاردا قويۇپ بېرىلگەن. 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنىپ، 1945 - يىلى ۋەتەنگە قايتقان. مەسئۇد سەبرى بايكۇزى، ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە قادىر ئەپەندىلەر بىلەن «يۇرتداشلار جەمئىيىتى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرغان. پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خىتتايلارغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان.



1944 - يىلى 12 - ئۆكتەبىردە ھۆكۈمەت ئورگان گېزىتى «داگۇڭباۋ»دا «شىنجاڭ ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈركتۇر» ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. جۇڭخۇا مىنگو ئاساسىي قانۇنىغا ئاتالمىش «شىنجاڭ»نى «شەرقىي تۈركىستان»، خەلقىنى «تۈرك» دەپ ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى سۇنغان. 1947 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش نازىرى بولغان. 1948 - يىلى 29 - دېكابىردا، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بولغان. ئەينى يىللاردا ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن بىللە ئايلىق «ئالتاي» ژۇرنىلى ۋە كۈندىلىك «ئەرك» گېزىتى بىلەن كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان. ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن بىرگە قۇرغان ئىلىم - پەن جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن

بىر ۋاقىتتا، تۈركىستان تۈرك مىللەتچى پارتىيەسىنىڭ ئاساسىنى تىكلەشكە ئۇرۇنغان.

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىست خىتتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندا، ئىسا يۇسۇپ ئالپتېكىن بەزى دوستلىرى بىلەن بىرگە ئىككىنچى قېتىم ھىندىستانغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ 1949 – 1951 - يىللىرى ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئۈچۈن بىخەتەر تۇرالغۇ ئىزدەپ ھىندىستان باش مىنىستىرى نېھرۇ بىلەن كۆرۈشكەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار ئىشلىرى كومىسسارى، ئامېرىكىنىڭ يېڭى دېھلىدىكى باش ئەلچىخانىسى، ھىندىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇر رەئىسلىكى بىلەن بىرگە قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە قىزىل ھىلال ئاي قاتارلىق تەشكىلاتلارغا مۇراجىئەت قىلغان.



1952 - يىلى دوستلىرى ۋە بىر توپ يۇرتداشلىرى بىلەن تۈركىيەگە كەلگەن. باش مىنىستىر ئادنان مەندەرەس، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ رەئىسى رەفىق كورالتان، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەھمۇد فۇئاد كۆپرۈلۈ ۋە بىر قىسىم سىياسىيونلار بىلەن كۆرۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن 1952 - يىلى 13 - مارت، ھىندىستان ۋە پاكىستاندىكى 1850 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىنگەن.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا 1953 - يىلى ئەنقەرەدە ئولتۇراقلاشقان. تۈركىيەدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، بولۇپمۇ غەربىي تۈركىستان، كاۋكاز، ۋولگا - ئورال ۋە ئەزەربەيجانلىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ

رەھبەرلىرى بىلەن ھەمكارلىق يوللىرىنى ئىزدىگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، تۈرك بىرلىكى ۋە تۈرك ئورتاق فرونتى نامى ئاستىدا سوۋېت رۇسىيەسى ۋە كوممۇنىست خىتتايغا قارشى بىر قاتار سىياسىي پائالىيەتلەردە بولغان. 1954 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلتىيى»غا قاتناشقان. قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن تەيۋەن ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتنى باشلاش قارار قىلىندى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن تەيۋەن ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. سۆھبەت نەتىجىسى تەيۋەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قوشۇلمىدى. ئۇ شۇ يىلى ئىئوردانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئېرۇسالىم ئىسلام يىغىنىغا قاتناشقان ۋە ئەرەب - ئىسلام دۇنياسىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئاندىن قاھىرەدە ئىككىنچى قېتىم دىپلوماتىك زىيارەتتە بولۇپ، مۇھىم سىياسىي ۋە ئىلمىي ئۇچرىشىشلارنى ئۆتكۈزگەن. 1958 - يىلى كاراچىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «ئىقبال» يىغىنىدا ئوردۇ تىلىدا «ئىقبال ۋە تۈركىستان» نامىدا ماقالە سۇنغان. پاكىستاننىڭ لاھور ۋە راۋالپىندى شەھەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ 1960 - يىلى ئىسا يۈسۈپ بىلەن بىرلىكتە يېڭى دېھلىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئاسىيا - ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان ۋە يىغىن جەريانىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ئۇ يىللاردا يەنە ھىندىستاندىكى دالاي لاما بىلەن زاڭزۇ مەسىلىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلدى. خۇلاسە كالام، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەنقەرەدە ۋاپات بولغانغا قەدەر مىللىي كۈرەش پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

❀❀❀❀❀

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈركىستان

# قىزلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل ئابدۇلىم (چەشمەزۇلال)

# تىزىس

## ئا

ئافغانلار 19

ئاقسۇ 84

ئالتـاي 84، 155، 172، 184، 188، 210، 217، 220، 221، 223، 226، 227، 248

ئاللاھنىڭ ئۆيى 244، 245، 246

ئاللاھۇ ئەكبەر 61، 173، 186، 228، 244، 246

ئامېرىكا 177

## ئە

ئەھمەدجان قاسىمى 215، 220

ئەرەب دۇنياسى 262

ئەرەبلەر 19، 160

ئەلئەزھەر 20

ئەلىخان تۆرە 210، 217، 218، 219
ئەندەلۇس 21، 255، 262
ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى 79
ئەھمەد تەيجى 254

## ب

باركۆل 227، 247، 251، 254، 261
بەيتۇل ھەرەم 267
بولشېۋىكلار 237
بۇرھان شەھىدى 215، 232، 248
بېرلىن 256
بىرما 203
برۇنىي 20، 224

## پ

پارتىزانلىق 81، 162، 163، 209، 223
پارسلار 19
پارىژ 256

| | |
|---|---|
| پاكىستان | 19، 23، 262 |
| پامىر تاغلىرى | 23 |
| پرولېتارىيات ئىنقىلابى | 232 |


## ـ ت ـ


| | |
|---|---|
| تاتار | 232 |
| تانكا | 107، 109، 252 |
| تەكبىر | 19، 61، 70، 181، 207، 224 |
| تەڭرىتاغ | 23 |
| تەۋھىد بايرىقى | 268 |
| تۈركلەر | 19 |
| تۈركىستان | 20، 21، 23، 25، 26، 29، 31، 32، 34، 37، 40، 43، 48، 60، 67، 68، 74، 76، 91، 93، 98، 99، 106، 107، 108، 109، 111، 113، 135، 139، 141، 142، 143، 148، 149، 151، 163، 176، 179، 180، 181، 182، 185، 186، 191، 192، 193، 194، 196، 199، 204، 207، 210، 211، 215، 220، 222، |

229، 231، 248، 261، 262، 264، 265

تۈركىيە 20، 79، 160، 262

تىبەت 265


ـ ج ـ


ج خ ئورگىنى 109، 113، 182

جاك جىجۇك 215

جامسىن دورجى 75

جىن شۇرېن 68، 76، 78، 87، 106، 107

جىهاد 37، 38، 62، 65، 70، 88، 157، 175، 180، 224، 254، 262

جياڭ جىيېشى 142، 185، 186، 194، 203، 205، 207


ـ چ ـ


چاقلىق 261

چۇگۇچەك 198

چۆچەك 84، 107، 134، 164، 210، 217، 218، 219، 220، 248

چىڭخەي ئۆلكىسى 259، 260

چىڭگىزخان 26

## - خ -


خوجا نىياز ھاجى 37، 38، 41، 42، 55، 56، 61، 63، 68، 69، 74، 75، 77، 78، 79، 81، 88، 92، 94، 95، 96، 97، 98، 99، 102، 103، 105، 107، 108، 111، 112، 113، 114، 115، 116، 135، 161، 182، 226، 232

خىتتاي ئارمىيەسى 106، 258

خىتتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى 248

خىتتاي كوممۇنىستلىرى 248، 249

خىتتاي ھۆكۈمىتى 25، 254

خرىستىئان 79، 178

خرىستىئان مىسسىئونېرلار 43


## - د -


دۇنخۇاڭ 261، 264


## - ر -


رزىۋانگۈل 93، 95، 96، 97، 98، 103، 170

رۇسلار 21، 33، 63، 74، 75، 76، 77،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

78، 79، 83، 84، 87، 92، 101، 106، 107، 108، 113، 118، 119، 135، 139، 142، 143، 148، 163، 172، 177، 179، 180، 181، 182، 184، 185، 186، 187، 191، 194، 199، 204، 205، 210، 212، 213، 214، 215، 217، 218، 220، 221، 222، 223، 227، 228، 231، 247، 248، 267

رۇسىيە — 43، 74، 75، 105، 107، 108، 142، 177، 178، 213، 220



## - ز -

زەمزەم سۈيى — 19، 268

## - س -

سابىت داموللام — 99

سافا بىلەن مەرۋە — 19

سەھەھۇل بۇخارىي — 86، 231

سەيىد ھاجى — 108، 109، 110، 111، 114، 116، 117

ستالىن — 74، 142، 179، 182، 195، 200،

218، 219، 248

سىرناگار 250، 265

سوتسىيالىزم 21، 232

سوۋېت ئىتتىپاقى 21، 108

سۇن جۇڭشەن 33

سىبىرىيە 196، 231

## - ش -

شەرقىي تۈركىستان 21، 23، 25، 26، 67، 68، 74، 76، 99، 107، 108، 109، 135، 181، 182، 199، 207، 210، 215، 248، 261

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 210

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 99، 182

شەرىئەت 46، 56

شەرىپخان تۆرە 91، 105، 107، 110، 111، 112، 117، 161

شىڭ شىسەي 106، 107، 108، 109، 114، 115، 117، 135، 142، 184، 185، 188، 191، 192، 195، 198، 204، 205، 207

ساغىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


شىنجاڭ 21، 111

شىنجاڭ گېزىتى 111، 114

### ـ غ ـ

غەربىي تۈركىستان 21، 34، 74، 180، 181

### ـ ف ـ

فارابىي 20، 224

### ـ ق ـ

قاھىرە 99

قۇرئان كەرىم 25، 43، 69، 93، 116، 229، 231، 255

قۇمۇل 25، 26، 32، 36، 38، 39، 51، 56، 57، 59، 61، 63، 67، 68، 81، 82، 84، 87، 88، 89، 99، 104، 124، 134، 135، 136، 188، 218، 236، 247، 250

قۇمۇللۇقلار 37، 121، 150، 152، 167

قىزىل ئىستىلا 120

### ـ ك ـ

كاشغەر 81، 93، 94، 97، 99، 102، 135،

| | |
|---|---|
| | 160، 188، 218، 222 |
| كەئبە | 19 |
| كەشمىر | 249، 250، 263، 265 |
| كوممۇنىزم سەپسەتىسى | 76، 79، 86، 113، 204 |
| كوممۇنىست | 33، 95، 103، 107، 109، 111، 129، 135، 172، 194، 195، 200، 204، 216، 219، 226، 228، 229، 232، 237، 243، 245، 246، 248، 249، 250، 254، 259، 261، 263 |
| كوممۇنىستىك پارتىيە | 142 |
| كۇچا | 84 |


## گ


| | |
|---|---|
| گەنسۇ ئۆلكىسى | 259، 261 |
| گومىنداڭ | 185 |
| گىتلېر | 177، 179، 236 |
| گېرمانلار | 177، 180، 185، 212 |
| گېرمان ئارمىيەسى | 177 |
| گېرمانىيە | 179، 236 |
| گېستاپوچى | 109 |

www.uyghurkitap.com

## - ل -


| | |
|---|---|
| لاداخ شەھرى | 249 |
| لوندون | 256 |
| لىيۇ مېڭچۈن | 215 |


## - م -


| | |
|---|---|
| ماخەي شەھرى | 260، 261 |
| مالايسىيا | 262 |
| مالىنكوف | 108، 113، 115، 116، 117 |
| مەدىنە | 267 |
| مەككە | 19، 267 |
| مەھمۇد مۇھىتى | 91، 92 |
| موسكۋا | 85، 95، 180 |
| موڭغۇل | 26، 74، 75، 165 |
| موڭغۇلىيە | 74، 75 |
| مۇستەقىللىق | 43، 74، 179، 180، 208، 210، 213، 214، 216، 250 |
| مۇسۇلمانلار | 19، 20، 21، 22، 23، 25، 69، 79، 84، 98، 106، 123، 160، 161، 176، 196، 197، 247، 258، 262، 268 |

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام 37، 132
مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا 249
مىسىر 20
مىنگو 191

## ـ ن ـ

ناتسىست 109، 177
نەزەر ئەپەندى 254

## ـ ھ ـ



ھاشىم ھاجى 108
ھەج 22
ھەدىس 230
ھەزرىتى ئىبراھىم 19
ھىندونېزىيە 262
ھىندىستان 262

## ـ ئو ـ

ئوسمان باتۇر 91، 161، 162، 163، 165، 168، 170، 171، 172، 173، 178،

184، 185، 188، 198، 205، 206، 207، 210، 214، 217، 218، 220، 223، 226، 227، 228، 232، 235، 247، 249، 251، 253، 254، 255، 258، 259، 261، 262، 263، 264، 267

ئوسمان ئېلى 91

ئوسمانلى هاممامى 171

## ـ ئۆ ـ

ئۆچ ۋىلايەت 217، 219، 220، 222، 248

ئۆرۈمچى 81، 92، 99، 102، 104، 108، 109، 135، 142، 144، 148، 163، 164، 167، 170، 181، 188، 191، 197، 205، 206، 218، 222، 254، 255، 261

## ـ ئى ـ

ئىبنى سىنا 20، 224


ئىسلام 21، 43، 67، 69، 79، 84، 117، 135، 145، 147، 160، 176،

178، 180، 194، 204، 206، 208، 210، 215، 241
ئىسلام دىيارى، تۇپرىقى 21، 79، 178
ئىسلام قوشۇنى 211
ئىككىنچى ئەندەلۇس 21، 262
ئەپيۇن ئۇرۇشى 48، 50
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 177، 252
ئىلى 84، 107، 184، 209، 210، 217، 220، 248
ئىمام بۇخارىي 20، 224، 230
ئىنگلىزلار 203، 255



## ي

ياپون 148، 198، 203، 204
ياپونىيە 179، 180، 203
يەتتە ۋىلايەت 248


Qaplanbay Gh. KADIR
2019.7.15

«تۈركىستان شىمالغا جايلاشقان بىر دۆلەت بولۇپ، مۇستەملىكچىلەر بۇ گۈزەل يۇرتنى شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان دەپ ئىككىگە بۆلدى. رۇسلار غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋالدى، شەرقىي تۈركىستاننى بولسا خىتايلار بېسىۋېلىپ، ئۆز چېگرالىرىغا قوشۇۋالدى ۋە ‹يېڭى چېگرا› مەنىسىدە ‹شىنجاڭ› دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. يەنى، پۈتۈن تۈركىستان سوتسىيالىزمنىڭ ئىككى تۆمۈر پەنجىسى ئاستىدا ئېزىلىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ نامى زىكىر قىلىنىدىغان، شەرەپلىك تارىخ ۋە كۆز قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەتلەر ياراتقان بىر ئۇلۇغ ئىسلام دۆلىتىنى يوق قىلىشتى. تۈركىستان ئىككىنچى ئەندەلۇس بولۇپ قالدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى ئىبرەتلىك بىر خاتاسى، ئۆز تارىخلىرىدىن چورتلا دىگۈدەك بىخەۋەرلىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدىغان مۆمىنلەر ھەققىدە ئاساسەن بىر نەرسە بىلمەسلىكىدۇر. يەنى، مۇسۇلمانلار بىر - بىرلىرى بىلەن ئالاقىسى يوقتەك ياشايدۇ»...

«تۆيۈقسىز، ئاتمىش ياشلاردىكى بىر ئادەم سەپلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ مەيدانغا ئېتىلدى. قولىدا بىر ئەسكى قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. خىتاي ئەمەلدارنىڭ كاللىسىنى شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئۇزۇپ تاشلىدىكى، نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالمايلا قالدۇق. موسىيىپتىنىڭ «مەن بۇ قىزنىڭ دادىسى» دېيىشى بىلەن ئەتراپ ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇپ كەتتى...

ھەر بىر يۇرتنىڭ ئۇنىلارچە ئېچىنىشلىق ھېكايىسى بار ئىدى.

خوجا نىياز ھاجى ئۆز - ئۆزىگە «مەن ئۇنىڭ دادىسى» دىگەن گەپنىلا تەكرارلاپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئۇ ئايالنىڭ ئىككىنچى دادىسىدەك ھېس قىلاتتى ۋە جامائەتكە، دەھشەتلىك ئازابقا دۇچار بولغان تۈركىستاننىڭ ئۆز شەرەپ ۋە ئار - نومۇسىنى قوغدايدىغان، بەدىنى ۋە قەلبىدىكى يارىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان سالىھ مۇسۇلمان دادىلارغا ۋە شەرەپلىك ئەۋلادلارغا ھەر زامان موھتاج ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى.»...

ئوسمان باتۇر خىتاب قىلاتتى:

«دوستلىرىم! تۆكۈلۈپ ياشاشتىن جەسۇرلارچە ئۆلۈشنى ئەلا بىلگەن ئەزىمەتلەر! بۈگۈن كېچە ماخەي شەھرى ھۇجۇمغا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئىي، دىنىمىز دەۋرىنىڭ شەرەپلىك شەھىدلىرى! چىلبۆرىلەر ئىلگىرىلەش يوللىرىمىزنى توسۇپ بولدى. دۈشمەنىنىڭ قىزىل بايراقلىرى ئۇپۇقلارنى قان رەڭدە بوياپ بولدى... ئۈرۈمچىنىڭ رادىئولىرىدا كوممۇنىستلارنى كۈيلەيدىغان قىزىل ناخشىلار ياڭراپ ۋەتىنىمىزنى ئازغۇن ئىدىيەلەر بىلەن بۇلغاۋاتىدۇ. ۋەتەن ئوغلانلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە مەھبۇسنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىدۇ، ئەمگەك لاگېرلىرىدا مەجبۇرىي ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، ئادەمسىز چەت قىشلاقلارغا سۈرگۈن قىلىنىپ تۈگەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇنلىرى ئۆلۈم مەيدانلىرىدا ئۈنسىز پىغانلىرى، ئاللاھقا يېلىنىشلىرى بىلەن ئۆلۈمنىڭ مىلودىيىسىنى ياڭرىتىۋاتىدۇ. ئۇ تىرىك شەھىدلەرنىڭ ئاقىۋىتى بۇ يەردە جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولغانلارنىڭكىدىن ئېچىنىشلىق! دوستلىرىم، جەڭگە ئاتلىنىۋاتىمىز. ئەگەر ئاراڭلاردىن ھايات قالىدىغانلار بولۇپ قالسا، بىزنىڭ جىھاد ھېكايىمىزنى، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمىزنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇخلاپ ياتقان مۇسۇلمان ئۈممىتىگە ئاڭلاتسۇن... مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا «ئىككىنچى ئەندەلۇس ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى» دېسۇن. كىم بىلىدۇ، مۇسۇلمانلار بىر كۈنلەردە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ھەمكارلىشىپ دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نۇسرەت بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىڭلار! دۈشمەنىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىغا ئىشەنمىسۇن، تارىخىغا، پەلسەپىسىگە ئىشەنمىسۇن، چاقىرىقلىرىغا ئالدانمىسۇن».